دوكتور يۈسۈف قەرداۋى

# ئىسلامىي ئويغىنىش

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

دوكتور يۈسۈف قەرداۋى
ئىسلامىي ئويغىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بسم الله الرحمن الرحيم

يۈسۈف قەرداۋى

# ئىنكار قىلىش ۋە رادىكاللىق ئوتتۇرىسىدا

# ئىسلامىي ئويغىنىش

تەرجىمە قىلغۇچى

تۇرغۇنجان ئالائۇددىن

تەھرىرى : ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

الدكتور يوسف القرضاوى

# الصحوة الإسلامية بين الجمود والتطرف

بۇ كىتاب ئابدۇلقادىر ھاجىم ئەھمەدنىڭ ماددىي
ياردىمى بىلەن باستۇرۇلدى.

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

2002 - يىل 3 - ئاي ئىستانبۇل - تۈركىيە

# تەرجىماندىن

**ناھايىتى مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەر زاماندا ۋە ھەر جايدا تەتبىق قىلىشقا بولىدىغان، ئوتتاھال يول تۇتىدىغان ۋە ئوتتا ھاللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۆتىدىل دىندۇر. شۇنداقلا ئىسلام ئۈممىتىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولىدىغان ئوتتاھال، مۆتىدىل ئۈممەتتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: « شۇنىڭدەك ( يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك ) ئىنسانلارغا شاھىد بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتا ھال ئۈممەت قىلدۇق ». ( بەقەرە سۈرىسى 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن يىراق بولۇڭلار ( يەنى ئوتتاھال يول تۇتۇپ مېڭىڭلار )، شۈبھىسىزكى، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن سەۋەبتىن ھالاك بولۇپ كەتتى ». ( ئىمام ئەھمەد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان ).

شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي مەسىلىلەردە الله بەلگىلەپ بەرگەن ۋە پەيغەمبىرىمىز كۆرسىتىپ بەرگەن چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن، ئوتتاھال، مۆتىدىل يول تۇتۇش دېگەننى باھانە قىلىپ دىنىي ئىبادەتلەرگە، الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە سۇس قاراشقا ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىشقا ھەم بولمايدۇ. بەلكى دىندا پەرز قىلىنغان ھەرقانداق ئىشلارنى ئۆز جايىدا كامىل ئادا قىلىش ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن قەتئىي يېنىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا مۇسۇلمان

كىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان ۋە بەزى جايلاردا ھېلىمۇ تارقىلىپ يۈرگەن « دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش» مەسىلىسى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ، سىزگە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇ مەسىلىگە بولغان كۆزقارىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى دوكتور يۇسۇپ قەرداۋى مىسىرنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار پىكىرلىك، كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەتنى قايسى ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىشى، ھازىرقىدەك ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر تەرەپتىن، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردە دۈشمەنلىككە ئۇچراۋاتقان شارائىت ئاستىدا ئۆزلىرىنى قانداق مۇداپىئە قىلىشى لازىملىقى، قانداق قىلغاندا مۇسۇلمانلارنى ئىلگىرىكىدەك قۇدرەتلىك ھالەتكە ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، مىللىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق. ئەگەر تەرجىمە ۋە مەتبەە جەھەتتە خاتالىقلار كۆرۈلسە، كىتابخانلاردىن ئۆزۈر تىلەيمىز.

1999 - يىلى ئاۋغۇست - قاھىرە

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ................................................................ 1
بىرىنچى پەسىل ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ـ ھەقىقەت
بىلەن تۆھمەت ئارىسىدا ........................................................ 15
ئىككىنچى پەسىل قېنى بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە
ئىزدىنەيلى! ................................................................ 69
ئۈچىنچى پەسىل داۋالاش يولىدا ............................................ 171
تۆتىنچى پەسىل ئىسلام ياشلىرىغا ئاتىلارچە نەسىھەت ........... 273

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

الحمد لله وكفى، والسلام على عباده الذين إصطفى .... أما بعد:

مەن ئىلگىرى « ئۇممەت » ژۇرنىلىنىڭ ھىجرىيە1401 ـ يىلى رامىزان ۋە شەۋۋال ئايلىرىدا ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان « ئىسلام ياشلىرىنىڭ ئويغىنىشى توغرا كۆرۈنۈش بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئەمەس ، بەلكى ئۇنى توغرىلاش لازىم » دېگەن ماۋزۇدا ئىككى پارچە تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلغان ئىدىم. ئاللاھقا شۈكرى مەن ئۇنىڭدا بۇ مۇبارەك ئويغىنىشنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىگە كۆپرەك ئىشارەت قىلغان ئىدىم. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگىمۇ ئاز ـ تولا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇنى ئىسلام دەۋەتچىلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىدىن بولغان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. مەن ئۇ ماقالىدا بۇ ئويغىنىشنىڭ ئىسلامغا قارشى ئەمەس، بەلكى ئىسلامغا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ياشلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلىشىش، ئۇلارغا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق قىلىش لازىملىقىنى بايان قىلغان ئىدىم.

مەن ئاللاھقا شۈكرى قىلىمەنكى، مېنىڭ بۇ تەتقىقات ماقالەم ئىسلام دۇنياسىدا خېلىلا تەسىر قوزغىدى. ھەتتا بەزى ئىخلاسمەنلەر ئۇنى بىرقانچە تىلغا تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى. شۇنىڭدەك ئىسلام

ئۇنىۋېرستېتلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى ياشلىرىمۇ، گەرچە ئۇنىڭدا ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تەنقىد قىلىنغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇنى دەرسلىك قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇدى.

ماختاشقا لايىق بولغان يەنە بىر ئىش —— قاھىرە ئۇنىۋېرستېتىدىكى ئىسلام جامائەتلىرى، 1981 - يىللىق يازلىق ئىسلامىي ئىلمى ساياھەت ئورۇنلاشتۇرغاندا بۇ تەتقىقات ماقالەمنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنى بۇ ئىلمىي ساياھەتكە ئىشتىراك قىلغانلارغا كۆپەيتىپ بېسىپ تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر بۆلۈك ياشلارغىمۇ تارقاتتى. مانا بۇ ئىش ئۇ ياشلارنىڭ ماختاشقا لايىق ئاڭلىقلىقىغا ۋە ئورتاھاللىقنى ياقلايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ بەزى جايلىرىدا بەزى ھادىسىلەر يۈز بەردىكى، بۇ ھادىسىلەر ئاشۇ ياشلار بىلەن توقۇنۇشقا ئېلىپ باردى ۋە قانلىق نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتى. بىز بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئوتىنى پۈۋدەش ياكى ئۇنىڭ دولقۇنىدا ئۈزۈپ يۈرۈش « ئۇممەت » نىڭ تۇتقان يولى ئەمەس. مەن سىزنىڭ ئۆرۈش ئەمەس قۇرۇش ئۈچۈن، ئايرىش ئەمەس توپلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىڭىزنى ۋە بىرەر پىرقىغە ئەمەس پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىگە مەنسۇپ بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

بەلكى بۇ يەردە بىزگە مۇھىم بولغىنى بۇ ھادىسىلەر « دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش » دەپ ئاتالغان مەسىلىنىڭ ئەتراپىدا قوزغىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك جېدەل ۋە قىزغىن سۆھبەت بولۇپ، بۇنىڭدا دىنىي ياخشى بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغانلار، دىنغا مەنسۇپ بولغانلار ۋە دىنغا

مەنسۇپ بولماستىن ئۇنىڭغا جاھىللىق، نادانلىق بىلەن دۈشمەنلىك قىلدىغانلار ياكى دىنغا مەسخىرە قىلىش، زاڭلىق قىلىشتىن باشقا ھېچ ئالاقىسى بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى شېرىك بولۇپ كەلدى.

بىر قانچە ئايدىن بۇيان « ئەرەبلەر » ژۇرنىلى مەندىن « دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش » مەسلىسى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. مەندىن تەلەپ قىلىنغىنى « ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش » نىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدە ماقالە يېزىش ئىدى.

1982 - يىلى يانۋاردا بۇ ھەقتىكى ماقالە ژورنالدا ئېلان قىلىنىۋىدى بەزى دوستلىرىم ماڭا كايىشقا باشلىدى. چۈنكى مەن ھەق سۆزنى باتىل ئۇچۇن سۇيىئىستېمال قىلىدىغان مەسلىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ئىدىم. ئۇلار مەن يازغان ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئېتىراز قىلمىغان بولسىمۇ ماڭا كۆپتىن - كۆپ كايىدى.

ئۇ دوستلار كېيىنكى كۈنلەردە دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇمنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان سەۋەبلەر ئۈستىدە شەك قىلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار مۇنداق دەپ سورىشاتتى :

بۇنىڭدىكى مەقسەت ھەقىقەتەن دىندىكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى ئوتتۇراھاللىققا قايتۇرۇشمۇ؟ ياكى باشقا مەقسەت بارمۇ ؟ مەسىلەن : ئىسلامىي ھەرىكەت پىشىپ يېتىلىپ خەلقنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ ئۇ ئاشكارا ھالدا سىياسىي رولغا ئېرىشكىچە ، ئۇنى جايىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئوخشاشلا بىر ئىش. ئۇلار ئىككىنچى ئېھتىمالنى

كۆچلۈكرەك دەپ قارايتتى . بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ھاكىمىيەت پەقەت دىندار ياشلار ھۆكۈمەت مېڭىۋاتقان يوللارغا مۇخالىپ مەيدانى تۇتقاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇلارغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى . ياشلار ھۆكۈمەت ئىلىپ بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ كۆپىلىرىنى دىنغا قارشى چىققانلىق دەپ قارايتتى .

بۇنى تەكىتلەيدىغان يەنە بىر ئىش – داۋادا ئەمەس ، ھەقىقەتتە دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى بەزى جامائەتلەرنى بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە خەۋپسىزلىك تارماقلىرى قوللىغان ئىدى . گوياكى ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق باشقا ئىسلامىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ رولى تۈگىگەندە ئۇنى ھەم يوقۇتۇشنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى .

ئۇ قىرىنداشلار مۇنداق دەيتتى :

ھاكىمىيەتنىڭ ئىسلام جامائەتلىرى بىلەن توقۇنۇشى ئۇلاردا دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش مەۋجۇت بولغانلىقى نەتىجىسىدە بولغان دېگەن قاراش توغرىمۇ ؟

مۇنداق جاۋاپ بېرەتتى :

ياق ...! ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھاكىمىيەت ئىسلامىي جامائەتلەرنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى ۋە ئەڭ ئەشەددى رەقىبى دەپ قارايدۇ . ئۇ ھاكىمىيەت گاھىدا ئوڭچىلار ياكى سولچىلار بىلەن بىرلىشىپ قالىدۇ. لېكىن ، ئىسلامىي جامائەتلەر بىلەن ھېچ بىرلەشمەيدۇ. گاھىدا بەزى باسقۇچلاردا ئۇ جامائەتلەر بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق نەقەدە ياكى سىياسىي دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىشنى ، ئاندىن ئۇنى ھەم

يوقىتىشنى ئويلايدۇ ۋە ئۇ جامائەتلەرنى دۈشمەنلىرىگە قارشى تۆگىسىمۇ، بوتىلىقىمۇ يوق ھالدا كۈرەشكە داخىل قىلىپ ، تېزلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە باشقىلارنى غايە ۋە ۋاستە جەھەتتە ئۆزىگە يېقىنراق تۇتىدۇ . ئالاھ مۇنداق دەپ راست ئېيتقان : « شۈبھىسىزكى، زالىملارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە يېقىندۇر ، ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ يېقىندۇر » ( جاسىيە سۈرىسى 19 ـ ئايەت ) .

ئۇلار ئۆز قاراشلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : مىسىردىكى ئىسلامىي جامائەتلەرنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىدا ئۇنىڭدا دىنىي چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش قارىشى غالىپ ئىدى ، كېيىنكى يىللاردا ئۇلار ئورتاھاللىق تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. بۇ كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلار ۋە مۆتىدىل دەۋەتچىلەرنىڭ ئىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بولدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ياشلارنىڭ پىكرىگە ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىغا تەسىرى بار ئىدى. ھەتتا مۆتىدىللىك ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ ئوپ ـ ئوچۇق بەلگىسى بولۇپ قالغان ئىدى . سىز ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلاردا دىنىي چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشى كۈچلۈك چاغدا جىم تۇرۇپ، ئۇلار مۆتىدىللىك تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ئۇلارغا زەربە بەرگەنلىكىنى قانداق تەپسىر قىلىسىز ؟

ئۇ قېرىنداشلار زىكىر قىلغان بۇ ئېتىبارلار ماڭا يەڭگىل كەلمىدى ۋە بۇنىڭ ئۆزى مېنىڭ « ئەرەبلەر » ژۇرنىلىغا يەنە ماقالە يېزىپ مۇنۇ قۇرلار بىلەن باشلىشىمغا سەۋەب بولدى ( ژۇرنال مېنىڭ قارىشىمچە ئەھمىيەتلىك بولغان بەزى جايلارنى تاشلاپ قويۇپتۇ ، لېكىن ماۋزۇنىڭ ئېگىزىنى ئۆزگەرتىۋەتمەپتۇ ) . مەن مۇنداق يازغان ئىدىم :

www.uyghurkitap.com

« ئەرەبلەر » ژۇرنىلىنى دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ئىشكىنى ئېچىشقا ئېلىپ بارغان مەقسىتى ياخشى بولغان بولسىمۇ ۋە بۇ ماۋزۇنىڭ بىزنىڭ زامانىمىزدا ناھايىتى زور ئەھمىيىتى بولغان بولسىمۇ، مەن دەسلەپ بۇ ماۋزۇدا، خۇسۇسەن بۇ ۋاقىتتا بىرنەرسە يېزىشتا تەرەددۇت قىلمىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ خاتا تەپسىر قىلىنىپ قېلىشىدىن ياكى مەن كۆزلىمىگەن مەقسەتتە ئىشلىتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم.

يەنە بىر تەرەپتىن « دىنىي ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش » بۈگۈنكى كۈندە تۆھمەت قەپىزىدە تۇرۇۋاتىدۇ ۋە تىللار، قەلەملەر ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئوقىنى توغرىلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئۆزەمنىڭ ئاجىز تەرەپكە قارشى كۈچلۈك تەرەپتە بولۇپ قېلىشىمنى ياقتۇرمايمەن.

ھاكىمىيەت دائىم كۈچلۈك تەرەپ ئىدى. ئۇنىڭ رەقىبى بولغان شەخسلەر، جامائەتلەر ئاجىز تەرەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئاجىزلىقى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. گېزىتتا بىرەر بەتكە، رادىئودا بىرەر دولقۇنغا، تېلېۋىزوردا بىرەر قانالغا ئىگە بولمىغان كىشى قانداقمۇ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالىسۇن ؟ ھەتتا مەسچىتنىڭ مۇنبىرىگىمۇ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن چىقالمايدۇ.

مېنىڭ دەسلەپكى ئىككىلىنىشىمگە شۇ سەۋەب بولدىكى، ئۇزۇن زاماندىن بۇيان ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلارغا ھەمىشە قارشى تەرەپتىن تۆھمەت چاپلىنىپ كەلدى. ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلار « ئەكسىيەتچىلىك »، « تەئەسسۇپلۇق »، « تېرورىستلىق » قاتارلىقلار بىلەن تۆھمەت قىلىنىپ كەلدى، بەلكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ « ئىشپىيونلۇق » بىلەن

تۆھمەت قىلىندى . ۋاھالەنكى، ھەرقانداق كىشى ئويىلاپ كۆرسە شەرق، غەرب ، ئوكچىلار ۋە سولچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا سۇيىقەست پىلانلايدىغانلىغىنى بىلىۋالالايدۇ .

لېكىن مەن تەپەككۇر قىلىپ ئويلانغاندىن كېيىن ، بۇ مەسىلىنىڭ ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، بىرەر دۆلەتكىلا خاس ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ ھەل قىلغۇچى ۋاستە ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم. ماڭا يۈزلەنگەن دەۋەتنى رەت قىلىشقا مېنىڭ دىنىم يول قويمايدىغانلىقىنى سەزدىم . بۇ خۇددى كۆرەشتىن قاچقانغا ئوخشايتتى. شۇڭا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ يېزىشقا باشلىدىم. « ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر ، ھەر ئىنسان ئۈچۈن نىيەت قىلغىنى كېلىدۇ » . بۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن قەلەمكەشلەر ــ جاھىل، ھەسەلخور ياكى ئىجارىگە ئېلىنغان قەلەمكەشلەر، ئىلىمسىز، ئاڭسىز ۋە يولسىز ھالدا بۇ ماۋزۇغا چوكۇپ كىردى . شۇڭا ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئەھلى بولغان قەلەمكەشلەرگە بۇنى يوشۇرماستىن بايان قىلىش، ئۆيگە ئىشىك ئارقىلىق كىرىش ۋە ھەقنى ئۆز ئورنىغا قويۇش ۋاجىپ بولغان ئىدى.

بۇ ماۋزۇدا بىر نەرسە يېزىش ئىرادەمنى كۈچلەندۈرگەن يەنە بىر ئىش شۇكى، مېنىڭ بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشۈم بۈگۈنكى كۈننىڭ تۇغۇلغان بوۋىقى ياكى تۈنۈگۈنكى كۈننىڭ بالىسى ئەمەس. ئۇنىڭغا ئۇزۇن زاماندىن بېرى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئىدىم . بىرقانچە يىل ئىلگىرى « بۈگۈنكى مۇسۇلمان » ژۇرنىلىدا « كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش كۆرۈنۈشى » ھەققىدە ماقالىلەر ئېلان قىلغان ئىدىم. كېيىن ئۇ ئايرىم رىسالە بولۇپ نەشر قىلىندى . شۇنىڭدەك ، قاتار دۆلىتىدە

چىقىدىغان « ئۈممەت » ژۇرنىلىدا بىرقانچە ئايدىن بۇيان مەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن « ئىسلام ياشلىرىنىڭ ئويغىنىشى » دېگەن ماۋزۇدىكى تەتقىقات ماقالەمنى نەشر قىلدۇرغان ئىدىم.

بۇ ئۆتكەن يىللاردىكى ياشلار يىغىلىشلىرىدا بۇ ياشلارنىڭ كۆپلىرى بىلەن، ھەممىسى بىر تېمىنى ئاساس قىلغان ئۇزۇن سۆھبەتلەردىن باشقا يەنە مۇتىدىللىككە ۋە « دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش » تىن ھەزەر ئەيلەشكە قىلىنغان چاقىرىقتۇر.

لېكىن مېنىڭ « ئەرەب » ژورنىلىغا يازغانلىرىم مەندىن تەلەپ قىلىنغان بويىچە بىر نوقتىغىلا مەھكۇم قىلىنغان ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ ماقالە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئورۇن بەك ئاز ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن « دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كۆرۈنۈشى » دېگەن ماۋزۇغا قايتىشىمغا توغرا كەلدى . چۈنكى ئۇنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى تولۇقلاش لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى، ئۇنىڭ ئىلاجى قاتارلىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەقىقىي ئىسلامنى چىقىش يولى قىلىپ، ئۇنى ھەقىقەتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويمىغان، ئۇنىڭغا باتىلنى ئارىلاشتۇرۇپ قويمىغان ئاساستا پۈتتۈرۈپ چىقىش لازىم ئىدى .

ھاۋايى - ھەۋەس ئىگىلىرىنىڭ مەيدانىغا چۈشۈشى، پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ يېزىلغان ۋە دېيىلگەن سۆزنى سۈيئىستېمال قىلىشى مېنى بۇنىڭدىن توسالمايدۇ. چۈنكى ھەقنىڭ دېيىلىشى ھەقلىقراق. ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئۇنىڭدىنمۇ ھەقلىقراق. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: « بۇ ئىلىمنى ھەربىر ئىزباسارلارنىڭ ئادىلى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن تەرسالارنىڭ

ئۆزگەرتىشنى، باتىللارنىڭ ئورنۇۋېلىشنى جاھىللارنىڭ تـەنۋىل قىلىشـنى يوقۇتىدۇ ».

ئىلىم ئەھلىنىڭ مەسئۇلىيىتى يوشۇرماي بايان قىلىشتۇر. تاكى ئۇنىڭغـا ئاللاھ ۋە باشقىلار لەنەت قىلمىسۇن! ئەندى ئۇلاردىن باشـقا ئـەتراپتىكى بۇ مەسىلىگە ئالاقىسى بـار ھـەر خـىل كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى قـالدى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا ئالاقىسى بارلار بەك ئاز.

خاتالاشقانلىقىنىڭ ياكى بەزىلـەرنىڭ چـەكتىن ئاشـۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ ياكى يولدا ئېزىپ قالغانلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى باشلارغىلا ئارتىپ قويسـاق ئادىللىق بولمايدۇ.

شـۇنىڭدەك كۆپلىگـەن كىشـىلەر ئـۆزلىرىنى ئاقلىسـمۇ ئۇلارنىـڭ مەسئۇلىيىتى بـار. ئـۇلار بىلـەن بىرگـە ئۇلارنىـڭ ئاتـا ـ ئـانىلىرى، تەربىيىچىلىرى، ئۆلىمـالار، باشـلامچىلار، ھـاكىملار، رەھبەرلـەر ۋە ئىسـلامغا ئىستىم ۋە ئۇنۋان بىلەنلا مەنسـۇپ بولغـانلارنىڭ ھەممىسـى مەسـئۇلىيەتنى تەڭ كۆتۈرىدۇ. ئىسلامغا باش ئېگىش، بويسۇنۇش قاتـارلىقلاردىن ئىبـارەت بولغان ئىسلامنىڭ ھەققىنى بەرمىگەنلەرمۇ كۆتۈرىدۇ. ئىسـلام ئـۇلار بىلـەن بىرگـە ئـۆز دىيـارىدا غېرىـپ ھـالدا ياشـىدى. ئىسـلام دەۋەتچىلـىرى ئـۆز ۋەتىنىدە غېرىپ ھالدا ياشاۋاتىدۇ.

ئەجەپلىنـەرلىكى شـۇكى، بىـز ياشـــلارنىڭ دىنىـدا ھـــەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىكـەنمىزۇ، ئـۆزىمىزنىڭ دىنىدا سۇسـلۇق قىلغانلىقىمىزنى ئىنكار قىلمايمىز. ئۇلارنىڭ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئىنكار قىلىمىز ۋە ئۇزىمىزنىڭ بوشاڭلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز.

بىز ياشلارنىڭ مۆتىدىل، ئاڭلىق بولۇشىنى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشىنى چەك تۇتۇۋېلىشىنى تاشلاشلىرىنى تەلەپ قىلىمىز. قىزلارنىڭ، چوكانلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇناپىقلىقتىن، تىللىرىنى يالغاندىن، ھاياتىنى ساختىلىقتىن، ئەمەللىرىنى قارىمۇ قارشىلىقتىن تازىلاشلىرىنى تەلەپ قىلمايمىز.

بىز ياشلاردىن ھەممە نەرسىنى — ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشلىرىنى، باشقىلارنىڭ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىمىز. لېكىن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆزىمىزدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمىز. گويا ھەممە ئىش بىزنىڭ ھەققىمىزدەك، ھەممە ۋەزىپە ياشلارنىڭكىدەك . ۋاھالەنكى بىز ھەر مۇناسىۋەتلەردە « ھەرقانداق ھەققە ۋاجىب ياندىشىپ كېلىدۇ » دەيمىز.

بىز شىجائەتلىك بولۇشىمىز ۋە بىزدىكى ئۆرگىنى ئىشلارنىڭ بىز ياشلارنى بىز ئاتىۋالغان « دىنىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش » قا ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم . بىز ئىسلامنى داۋا قىلىمىز ، لېكىن ئەمەل قىلمايمىز. قۇرئاننى ئوقۇيمىز ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى تەتبىق قىلمايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى داۋا قىلىمىز ، لېكىن ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگەشمەيمىز. بىز دەستۇرلىرىمىزغا « دۆلەت دىنى ئىسلام دىنىدۇر » دېگەننى يېزىپ قويىمىز، لېكىن بىز ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش، قانۇن بەلگىلەش، يولباشلاش ھوقۇقىنى بەرمەيمىز.

شەكسىزكى، ياشلار بىزنىڭ مۇناپىقلىقىمىزدىن، قارىمۇ قارشىلىقىمىزدىن سىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن يالغۇز ھالدا بىزدىن ياردەم كۈتمەستىن ئىسلام تەرەپكە كېتىۋەردى. ئۇلار ئاتىلارنىڭ توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆلىمالارنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى ،

ھاكىملارنىڭ ئۇلارغا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، باشلامچىلارنىڭ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇ ياشلاردىن تىنچلىنىشىنى ۋە ھېكمەتلىك، يۇۋاشلىق ۋە مۆتىدىللىك يولىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىمىزنى ۋە جەمئىيىتىمىزنى ئاللاھ بۇيرىغان بويىچە ئىسلاھ قىلىشىمىز لازىم.

مەن بۇ يەردە بەزى مەسئۇللار ۋە بەزى يازغۇچىلار مەركەزلەشتۈرۈۋاتقان بىر نۇقتىغا ئىشارەت قىلىشنى ئۇنۇتمايمەن:

ئۇ بولسا — رەسمىي دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش كۆرۈنىشىگە ئىلاج قىلىشتىكى ۋە ئىسلام ياشلىرىنىڭ ئويغىنىشىنى توغرا يولغا سېلىشتىكى رولى. ئۇ مەسئۇللارنىڭ بەزىسى ئاشۇنداق چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى ئېزىپ كېتىشتىن ئىبارەت بولغان ھادىسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇ مۇئەسسەسەلەرگە يۈكلەشكە ئۇرۇنىدۇ.

مەن ھەقىقەتنى سۆزلىسەم، بۇ رەسمىي مۇئەسسەسەلەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە ۋە دائىرىسى كەڭ بولغان بولسىمۇ، سىياسىي ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قول ئۈزمىسە، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىلانىنى قوللايدىغان ئويۇنچۇق، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇيدىغان تىل قىلىۋېلىشتىن باش تارتمىسا، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇشتىن توختىمىسا، ئۇلار تەلەپ قىلىنغان بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا قادىر بولالمايدۇ.

شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئىسلام دىيارىمىزدىكى بۈيۈك دىنىي مۇئەسسەسەلەر ياشلارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى مەدەنىيلەشتۈرۈشتە، ئۇلارنى ئاگاھلىق، يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە، ئەگەر ئىشنى ئۆز ئەھلىگە قويۇپ بەرسىلا، ئۇلارنى سىياسەتچىلەر ئۆزىنىڭ پەلەكىدە ئايلاندۇرۇۋالمىسىلا،

ئۇلار چىقىدىغان جايدىن چىقىدىغان، ئۇلار ئولتۇرىدىغان جايدا ئولتۇرىدىغان قىلىۋالمىسىلا، ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئىجابىي ھەسسە قوشالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۆز بالىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن، ئۆلىمالارنىڭ سايىلىرىدىن قۇرۇق قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ جانسىز، روھسىز ھەيكەل بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

شۇنىڭدا شەك يوقكى، ياشلارنىڭ بىر كىشىگە ئىشەنچىسى بولمىسا، ئۇ كىشىگەدىيىلگەن ھەرقانداق سۆزنىڭ قىممىتى يوق بولىدۇ. ئەگەر ئىشەنچ يوق بولسا ئۇ سۆز پەقەت ۋادىدىكى ئاۋازدىن ، قۇملۇقتىكى گۆكرەشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

ئەمەلىيەت شۇكى، ئۇ ياشلارنىڭ كۆپلىرى بۇ مۇئەسسەسەلەرگە، ئۇنىڭغا قويۇلغان كىشىلەرگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدى. بۇنىڭ بىر قانچە سەۋەبى بولۇپ، بۇ مۇئەسسەسەلەردىكى كىشىلەر خالىس، ساپ ھالدا شەرىئەتنىڭ كەلىمىسىدىن تەبىر بېرەلمىدى ، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ قارىشىدىن تەبىر بېرىدىغان بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت ئۆزگەرسە ئۆزگىرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىنىدىغان قىلىپ قويىدى.

كاشكى بۇ مۇئەسسەسەلەر ئۆزىنى ئىچىدىن ئىسلاھ قىلسا، ئالمىشىپ تۇرىدىغان سىياسەت قايىنىمىغا چۆكۈشنى رەت قىلىپ، پۈتۈن دىققىتىنى دىنىنى بىلىدىغان، ئۆز ئەسرىنى چۈشىنىدىغان، « ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزىدىغان، ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئاللاھنىن باشقىسىدىن قورقمايدىغان » (ئەھزاب سۈرىسى 39 ـ ئايەت) لاردىن بولغان يېڭى ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشكە قاراتسا ئىدى .

شۈبھىسىزكى، ئىلىم بىلەن تەقۋالىقنى بىرلەشتۈرگەن بۇ خىلدىكى دىنىي ئۆلىمالار — مانا شۇنداقلارغا بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز مۇھتاجدۇر — ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىسلامىي ئويغىنىشنى توغرا يولغا[1] باشلاشتا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا قادىردۇر.

يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ — ئىسلامىي ئويغىنىشقا پەقەت قاراپ قويۇش ياكى ئۇنىڭدىن يىراق ھالدا، ئۇنىڭ دەردىنى بىلمىگەن، ئۇنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى ھېس قىلمىغان ھالدا، پەقەتلا تەنقىد قىلىش ئورنىدا تۇرىدىغانلار ئۇنى توغرىلاشتا ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتا ساغلام، ئىجابىي رول ئويناشقا قادىر بولالمايدۇ.

ئىسلام ۋە ئۇنىڭ دەۋىتى ئۈچۈن ياشىمىغان كىشى ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ داۋالىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇنىڭ شەرق، غەرب، شىمال ۋە جەنۇبتىكى غەم - قايغۇ ، دەرت - ئەلەملىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاياتى، ئائىلە مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ياشايدۇ . ئۇنداق كىشى ئىسلام ئۈچۈن ۋە ئىسلام بىلەن ياشاۋاتقانلارغا « خاتالاشتىڭلار! خاتالىقىڭلارنى تۈزۈتۈڭلار! » دېيىشكە لايىق ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق دېسىمۇ ئاڭلايدىغانلارنى تاپالمايدۇ.

ياشلارغا نەسىھەت قىلماقچى بولغانلارغا مېنىڭ نەسىھىتىم شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىز مۇنارلىرىدىن چۈشۈپ، ياكى ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ئۆڭكۈرلىرىدىن چىقىپ ياشلار بىلەن بىرگە ياشىشى، ئۇلارنىڭ نېمىنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمىنى قىزغىن ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمىنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىنى ياخشى نىيەت بىلەن، چىرايلىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق بىلىشكە تىرىشىشى لازىم . شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئىجابىي،

سەلبي تەرەپلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئەسىھەت قىلالايدۇ، ئەسىھەت قىلىشتا بىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ياكى ئۇلارغا قارشى ھۆكۈم قىلىشتا توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

ئاللاھ بىزنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ۋە تەرسالىقتىن ساقلاپ، ئۆزىنىڭ توغرا يولىغا باشلىغاي!

د. يۇسۇف قەرداۋى

## بىرىنچى پەسىل

### ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش - ھەقىقەت بىلەن تۆھمەت ئارىسىدا

مەنتىق ( لوگىكا ) ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ : بىر شەيئىگە ھۆكۈم قىلىش، ئۇ شەيئىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ بىر پارچىسى . چۈنكى نامەلۇم شەيئىگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىدىكى ماھىيىتىنى بەلگىلەش ۋە ھەقىقىتىنى تەسۋىرلەشتە ئىختىلاپ قىلىنغان شەيئىگە ھۆكۈم قىلىش ھەم مۇمكىن بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ باشتا بىز، دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش نىڭ مەنىسىنى ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالامەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم .

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش نىڭ مەنىسى : ئوتتاھاللىقتىن يىراق ھالدا بىر تەرەپتىلا ھەددىدىن ئارتۇق چىڭ تۇرۇۋېلىشتۇر. ئەسلى ئۇ ، ئۆلتۈرۈپ - قوپۇش ياكى مېڭىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھېسسى ئىشلاردا بولىدۇ. كېيىن ئۇ دىندا ياكى پىكىر ، چۈشەنچىدە بىر تەرەپتە ھەددىدىن زىيادە چىڭ تۇرۇۋېلىشقا ئوخشاش مەنىۋى ئىشلارغا يۆتكەلگەن .

www.uyghurkitap.com

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ تەقەززاسى شۇكى، ئۇ ئىنسانىنى ھالاكەت ۋە خەتەرگە بەكرەك يېقىنلاشتۇرۇپ ، قۇرتۇلۇش ۋە ئامانلىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئوتتۇراھاللىققا چاقىرىپ ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن توسۇشى

ئىسلام يولى ھەممە جەھەتتە ئوتتۇراھال يولدۇر. تەسەۋۋۇر ، ئېتىقاد ، ئىبادەت ، دىنىي پائالىيەتلەر، ئەخلاق، يۈرۈش - تۇرۇش ، مۇئامىلە ۋە قانۇن بەلگىلەش قاتارلىقلاردا ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ.

مانا بۇ يولنى ئاللاھ تائالا توغرا يول دەپ ئاتىدى. بۇ يول باشقا ئاللاھنىڭ غەزىۋىگە ئۇچرىغان ۋە ئېزىپ كەتكەن دىن ۋە پەلسەپە ئىگىلىرىنىڭ يوللىرىدىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يوللىرى ھېچقاچان تەرسالىق ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالى بولغان ئەمەس.

ئوتتۇراھاللىق ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام ئۇممىتىنى باشقا ئۇممەتلەردىن ئالاھىدە ئايرىشى جەھەتتىكى ئاساسى كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭدەك ( يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك ) كىشىلەرگە شاھىد بولۇشۇڭلار ئۇچۇن بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال ئۇممەت قىلدۇق ( بەقەرە سۈرىسى 143 - ئايەت ). ئىسلام ئۇممىتى ئادىل ۋە ئوتتۇراھال ئۇممەت بولۇپ ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئوتتۇراھال، توغرا يولدىن ئوڭغا ياكى سولغا قىيسىپ كەتكەنلەرگە گۇۋاھچى بولىدۇ .

شەرىئەت ئاساسلىرى ھەدىسنى ئاشۇرۇۋېتىشنى رادىكاللىق دەپ تەرىپلەيدۇ

ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسى ئوتتۇراھاللىققا چاقىرىدۇ ۋە ھەدىسنى ئاشۇرۇۋېتىشتىن توسىدۇ. ئۇ ھەدىسنى ئاشۇرۇۋېتىش دېگەن چۈشەنچىنى بىر قانچە سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار: رادىكاللىق، چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىش ۋە چىڭىتىۋېتىش قاتارلىقلار.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئاساسلارغا قارىغان كىشىگە شۇ ئايان بولىدۇكى، ئىسلام دىنى بۇنداق تەرسالىقتىن ناھايىتى ئۇزاق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قاتتىق چەكلەيدۇ.

ئىسلامنىڭ تەرسالىقتىن قانچىلىك چەكلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن قانچىلىك ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرىنى ئوقۇساقلا كۇپايە قىلىدۇ:

1 ـ ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ مۇسنەد دېگەن كىتابىدا، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەلەر ئۆزلىرىنىڭ سۈنەن دېگەن كىتابلىرىدا ۋە ھاكىم ئۆزىنىڭ مۇستەدرەك دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دىندا تەرسالىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر دىندا تەرسالىق قىلىپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەچكە ھالاك بولۇپ كەتتى .

بىزدىن ئىلگىركىلەردىن مەقسەد : بىزدىن ئىلگىرىكى دىن ئىگىلىرىدۇر. خۇسۇسەن ئەھلى كىتابتىن بولغان ناسارا ( خىرىستىئان ) لاردۇر. قۇرئان كەرىم ئۇلارغا مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ :

( ئى مۇھەممەد! ) ئى ئەھلى كىتاپ ( يەنى يەھۇدىي ۋە نەسارالار ) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار دېگىن . ( مائىدە سۈرىسى 77 ـ ئايەت ) . ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇلار ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلىدى . باشقىلاردىن ئىبرەت ئالغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر .

بۇ ھەدىسنىڭ ئورنىغا كېلىش سەۋەبى بىزنى مۇھىم بىر ئىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ ـ ئەلبەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىپ ئاندىن دائىرىسى كېڭىيىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرى تارقىلىشقا باشلايدۇ . بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەججەتۇلۋىدادا مۇزدەلىپىگە كەلگەندە سۆزلىگەن. ئۇ ئىبنى ئابباسقا مۇنداق دېگەن ئىدى : تېز بولغىن، ماڭا تاش تېرىپ بەرگىن يەنى مىنادا ئاتىدىغان ئۇششاق تاشلارنى دېمەكچى . ئىبنى ئابباس ئېيتىدۇكى ، مەن ئۇنىڭغا ئۇششاق تاشلاردىن تېرىپ بەردىم، ئۇ تاشلارنى قولىغا ئېلىۋېتىپ مۇنداق دېدى : ھەئە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاشلارنى تېرىپ ئاتساڭلار بولىدۇ ، دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار! . چوڭ تاشلارنى ئاتساق كىچىككىنە قارىغاندا ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئارىسىغا ئاستا ـ

ئاستا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئېگىز كىرىپ قالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ئىدى .

ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ : پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار! دېگەن سۆزى مەيلى ئېتىقادتا بولسۇن، ئەمەل ئىبادەتلەردە بولسۇن ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ناسارالار باشقا تائىپىلەرگە قارىغاندا ئېتىقاد ۋە ئەمەل ئىبادەتلەردە بەكرەك ھەددىدىن ئاشۇرۋېتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دىنىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار! دېگەن. ( نىسا سۈرىسى 171 ـ ئايەت )

2 ـ ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھىھۇل مۇسلىم دېگەن كىتابىدا ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەددىدىن ئېشىپ چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتكەنلەر ھالاك بولۇپ كەتتى دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. ( بۇنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان )

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ : ئۇلار سۆزلىرىدە ۋە ئەمەللىرىدە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن كىشىلەردۇر.

بىز شۇنى مۇلاھىزە قىلىمىزكى ، يۇقىرىدا ئۆتكەن بۇ ئىككى ھەدىس تەرسالىق ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئاقىۋىتى ئەلبەتتە ھالاكەت دەپ كۆرسەتتى. بۇ ھالاكەت دىن ۋە دۇنيانىڭ ھالاكىتىنى بىردەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالاكەتتىنمۇ ئارتۇق زىيان تارتىش بارمۇ ؟ بۇ ئاگاھلاندۇرۇش كۇپايە قىلمامدۇ؟

3 ـ ئىمام ئەبۇ يەئلا مۇسنەد دېگەن كىتابىدا ئەنەس ئىبنى مالىكتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ : ئۆزەڭلەرگە ئۆزەڭلار چىڭىتىۋالماڭلار، سىلەرگە ئېغىر كېلىپ قالىدۇ ، ئىلگىرى بىر قەۋم ئۆزىگە ئۆزى چىڭىتىۋالغان ئىدى، ئۇلارغا ئېغىر كەپقالدى، مانا بۇ تاغ چوقۇلىرىدا ۋە راھىبلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى بار . ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: راھىبلىقنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالدى، بىز ئۇلارغا ئۇنداق قىلىشنى پەرز قىلمىغان ئىدۇق . ( بۇنى ئىبنى كەسىر سۈرە ھەدىدتە زىكرى قىلىدۇ ) .

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق قاراشلارغا قارشى تۇرغان ئىدى. شۇنداقلا ئىبادەت قىلىشتا، ئىقتىسادچانلىق قىلىشتا ئىسلام ئېلىپ كەلگەن نورتاھاللىقتىن ھالقىپ كېتىدىغان دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەن ساھابىلارنى چەكلىگەن ئىدى. ئۇ روھانىلىق بىلەن ماددىچىلىقنى تەڭپۇڭلاشتۇرغان ئىدى. ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ئارقىلىق دىن بىلەن دۇنيانىڭ ، نەپسىنىڭ ھاياتلىقتىن ئالىدىغان نەسىۋىسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىبادەت قىلىنىشتىكى ھەققىنى مۇۋاپىقلاشتۇرغان ئىدى. ئەسلىدە ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان.

ئىسلام دىنى ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئىنسان نەپسىنى پاكلايدىغان، ئۇنى روھى ۋە ماددىي جەھەتتىن تەرەققى قىلدۇرىدىغان ، جامائەتنى پۈتۈنلەي يۈكسەلدۈرىدىغان، ئۇ جامائەتنى ئىنساننىڭ زېمىننى ئاۋات قىلىشتىكى ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىۋەتمەستىن قېرىنداشلىق، بىر ـ بىرىگە كېپىل بولۇش ئاساسى ئۈستىگە تۇرغۇزىدىغان ئىبادەتلەرنى بەلگىلىدى.

ناماز ، زاكات ، روزا ۋە ھەج قاتارلىقلار شەخسىي ئىبادەتلەردۇر. لېكىن ئۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر . ئۇلار مۇسۇلماننى ھاياتتىن، جەمئىيەتتىن ئايرىۋەتمەيدۇ. بەلكى ھېس - تۇيغۇ ۋە ئىش - ھەرىكەت جەھەتتە جەمئىيەتكە تېخىمۇ باغلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىنسانغا ھاياتلىقتىن ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن، ھاياتلىقنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئايرىلىشنى پەرز قىلىدىغان ( راھىبلىق ) نى بەلگىلىمىدى. بەلكى زېمىننىڭ ھەممىسى مۆمىن ئۈچۈن بۈيۈك مېھراپتۇر. ئەگەر نىيەت توغرا بولسا، ئاللاھنىڭ بەلگىلىملىرى ئىجرا قىلىنسا، يەر يۈزىدە ئىشلىگەنلىكنىڭ ئۆزى ھەم ئىبادەت ۋە جىھاد ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى باشقا دىنغا ئىبتىقاد قىلىدىغانلار ۋە پەيلاسوپلار چاقىرغان روھانى ھايات ئۈچۈن ماددىي ھاياتنى بىكار قىلىش ، روھنى ساپلاشتۇرىمىز ۋە تەرەققى قىلدۇرىمىز دەپ بەدەننى مەھرۇم قىلىش ۋە ئازاپلاش ، ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيانى پۈتۈنلەي بىكار قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان خاتا قاراشلارنى قوبۇل قىلمايدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تەڭپۇڭلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ : ئى ئاللاھ بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن! ( بەقەرە سۈرىسى 201 - ئايەت ) ئى ئاللاھ مېنىڭ ئىشىمنىڭ ساقلىغۇچىسى بولغان دىنىمنى ئىسلاھ قىلغىن، مېنىڭ مەئىيشەتىم ئۇنىڭدا بولغان دۇنيايىمنى ئىسلاھ قىلغىن، مېنىڭ قايتىپ بارىدىغان ئورنۇم بولغان ئاخىرىتىمنى ئىسلاھ قىلغىن! . ( ئىمام مۇسلىم سەھىھۇل مۇسلىم دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان ) . ئەلبەتتە سېنىڭ بەدىنىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار . ( بۇ مەسىلىدە بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن ) .

www.uyghurkitap.com

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە يارىتىپ بەرگەن ھالال نەرسىلەرنى ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ھارام قىلىش تەرەپدارى بولغان كىشىلەرگە قاتتىق رەت قىلىپ ، مەككىدە چۈشكەن بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ : ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر نامــاز ۋاقتىدا! ( ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى يېپىپ تۇرىدىغان ) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار! يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار! ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ . ئېيتقىنكى ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شىرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ ( ئەئراپ سۈرىسى 31 ـ ئايەت ) .

ئاللاھ تائالا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە چۈشۈرگەن بىر ئايەتتە مۆئمىنلەر جامائىتىگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ( تەركى دۇنيا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۆزەڭلەرگە) ھارام قىلماڭلار! ( ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ) چەكتىن ئاشماڭلار! ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوس تۇتمايدۇ ، ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەرنى يەڭلار! سىلەر ئىمان ئېيتقان ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! ( مائىدە سۈرىسى87 ـ 88 ـ ئايەتلەر ).

ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئايەت كەرىمدە مۆئمىنلار جامائىتىگە ئىسلامنىڭ پاك نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشتىكى ۋە بەزى دىنلاردىكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرۇشتىكى يولىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ :

ساھابىلاردىن بىر بۆلۈك كىشلەر بىز ئــەرلىكىمىزنى كېسىپ تاشلاپ، دۇنيالىق شەھۋىتىمىزنى تەرك قىلىمىز، راھىبلارغا ئوخشاش زېمىندا كېزىپ يۈرىمىز دېيىشكەن. يەنــە مۇنـداق رىۋايـەت قىلىنـدۇ: بىرمۇنچـە كىشـلەر ئــۆزلىرىنى پىچتۇرۇۋېتىــپ، راھىبلارنىــڭ كىيىملىرىنـى كىيىۋېلىشـنى ئويلاشقان چاغدا بۇ ئايەت چۈشكەن.

ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايــەت قىلىـدۇ: بىـر كىشـى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىــپ ئـى الله نىـڭ پەيغـەمبىرى! مەن بۇ گۆشــتىن يېسـەم ئاياللارغـا قىزىقىپ قالىمـەن، شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئۆزەمگە گۆش يېيىشنى ھارام قىلدىــم دېـدى. ئـاندىن كىيىــن بــۇ ئــى مۆئمىنلەر! ئاللاھ ھالال قىلغاننى سىلەر ھارام قىلماڭلار... ! دېگەن ئايەت چۈشتى . ( بۇنى ئىبنى كەسىر ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلدۇ ) .

سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىمدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ : بىر بۆلۈك كىشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇنىڭ مەخپى قىلىدىغــان ئىبــادەتلىرى ھــەققىدە سورىغان ئىدى. گوياكى ئۇلار ئۇنى ئاز ھېساپلاپ بەزىلىرى مەن گۆش يىمەيمەن دېدى. يەنە بەزىلىرى ، مەن ئۆيلەنمەيمەن دېــدى. يەنــە بــەزىلىرى، مەن كۆرپىدە ياتمايمەن دېدى. بۇ گەپلــەرنى پەيغەمبــەر ئەلەيھىســالام ئاڭلاپ مۇنداق دىدى : بۇ كىشلەرگە نېمــە بولـدى؟ ئۇنـداق مۇنـداق دېيىشىپ يۈرۈشۈپتۇ. بىراق مەن روزا تۇتىمەن، ئىپتار قىلىمەن، ئۇخلايمەن، كېچىسى تۇرىمەن، گۆش يەيمەن، ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە ئۇ مەندىن ئەمەس .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى دېمەك ئۇنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى ۋە تەتبىق قىلىشتىكى يولى دېمەكتۇر. ھەركىمگە ھەقىقىي بەرگەن ئاساستا تەڭپۇڭلۇق، ئوتتۇراھاللىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش لازىم؟ ئۆزىگە، ئەھلىگە ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش لازىم؟ ئۇ مانا بۇلارنى چۈشىنىشتىكى پارلاق يولدۇر.

دىنىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئەيىپ ـ نۇقسانلار ۋە ئاپەتلەر

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە تەرسالىق قىلىشتىن توسۇش بىكارغا كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئېغىر ئەيىپ ـ نۇقسانلار ۋە ئاساسىي ئاپەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى سەۋەبىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ بىرى، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىنسانىي يىرگەندۈرىدىغان ئىش بولۇپ، ئۇنى نورمال ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى كۆتەرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەبرە قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئازغىنا كىشىلەر سەبرە قىلسىمۇ كۆپچىلىك سەبرە قىلالمايدۇ. شەرىئەت مۇئەييەن سەۋىيەدىكى خاس شەخسلەرگە خىتاب قىلماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە خىتاپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۈيۈك ساھابە مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ كىشىلەردىن بىرسى شىكايەت قىلغۇچىلىك دەرىجىدە كىشىلەرگە ئۇزۇن ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكىگە قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن : ئى مۇئاز، سەن پىتنىگە تاشلىغۇچىمۇ؟ ئۇ بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. ( بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ).

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ھادىسەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام بولغۇچى كىشىگە شۇنداق قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىدىكى، ئىلگىرى زادىلا ئۇنىڭدەك غەزەپلەنمىگەن. ئۇ غەزەپلىنىپ مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا يىرگەندۈرۈۋەتكۈچىلەر بار . كىمكى، كىشىلەرگە ئىمام بولسا نامازنى قىسقا قىلىپ ئوقۇسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشانغانلار، ئاجىزلار، ھاجەتمەنلەر بار . ( بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ).

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبى مۇسالارنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ئۇلارغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى : ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرۈۋەتمەڭلار! خوشخەۋەر بېرىڭلار، يىرگەندۈرۈۋەتمەڭلار! بىر-بىرىڭلارغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار! . (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنى بەندىلەرگە يامان كۆرسەتمەڭلار! سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىمام بولۇپ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندە ئۇزۇن قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ بۇ نامازنى ياقتۇرماي قالىدۇ .

يەنە بىرى ، شۇبھىسىزكى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئۆمرى قىسقىدۇر. ئادەتتە ئىشنىڭ ئۇ بويىچە داۋاملىشىشى ئاسان ئەمەس. ئىنسان دېگەن ھورۇن بولىدۇ، ئۇنىڭ تاقىتى چەكلىك، بۇگۇن چىڭىتىۋېلىشقا ۋە قىيىنچىلىققا سەبرە قىلسا ئەرتىسى تېزلا زېرىكىدۇ ياكى چارچاپ قالىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ نەپسى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى تاقىتى چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا تاقەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى ھەمىشە ئۇزۇن

داۋاملاشتۇرالمايدۇ. ئاخىرىغا كېلىپ مالاللىق يېتىپ ئاز ئىشنىمۇ قىلالماس بولۇپ قالىدۇ ياكى ئۇ ئىشنى تاشلاپ باشقىچە ئىش تۇتىدۇ. يەنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن بوشاڭلىققا، چېك تۇتۇۋېلىشتىن بېپەرۋالىققا يۆتكۈلىدۇ. پۈتمەس - تۈگىمەس ئەبەدىي كۈچ - قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر.

مەن بىر مەزگىل ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشتا مەشھۇر بولۇپ، كېيىن بىر مەزگىل يوقاپ كېتىپ، كېيىن باشقا يامان يولغا كىرىپ كەتكەن ياكى ئارقىسىغا چېكىنىپ كەتكەن كىشىلەرنى كۆپ كۆردۈم . ( ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىغاي! ) . ھەدىس شەرىپتە زىكىر قىلىنغان ئالدىراڭغۇ كىشىگە ئوخشاش ئالدىدا ئالدىراپ كېتىپ، كېيىن سوۋۇپ قېلىپ تاشلىۋەتكەنلەرمۇ بار. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ : ھەددىدىن زىيادە ئالدىراپ كېتىپ زېمىننى ھەم كېزەلمىدى ، بىرەر ئۇلاغنى ھەم تىرىك قويمىدى . دېمەك ئالدىراپ تېز يۈرىمەن دەپ ھەمرالىرىدىن ئايرىلىپ، يالغۇز قالدى ۋە ئۇلاغلىرىنى ھەم چارچىتىپ ھالاك قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ كۆرسەتمىسى مانا شۇنىڭدىن چىققان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ : ئۆزەڭلارنىڭ تاقىتى يەتكەن مىقتاردا ئەمەل ئىبادەت قىلىڭلار! چۈنكى ئاللاھ تائالا چارچاپ قالمايدۇ. بەلكى سىلەر ئۆزەڭلار چارچاپ قالىسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقراقى ئاز بولسىمۇ داۋاملىشىپ تۇرغىنىدۇر .

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازات قىلىۋەتكەن بىر چۆرىسى بار ئىدى. ئۇ ئايال كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ناماز ئوقۇيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ ئايال توغرىسىدا مۇنداق دېيىلدى ، ئۇ ئايال كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ناماز ئوقۇيدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى : ھەر قانداق ئىشنىڭ قىزغىن، جوشقۇن چېغى بولىدۇ. ھەرقانداق قىزغىنلىق، جوشقۇنلۇقنىڭ سوۋۇپ قالىدىغان، بوششىپ قالىدىغان چېغى بولىدۇ.كىمكى ئۇنىڭ ئەملى مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە بولسا ئەلبەتتە ھىدايەت تاپىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ ئەملى باشقا يول بويىچە بولسا ئېزىپ كېتىدۇ . ( بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان ) .

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىزگە ساھابىلاردىن بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئىبادەتتە قاتتىق چىڭ تۇرغانلىقى زىكىر قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى : بۇ ئىسلامنىڭ جوشقۇنلۇقى ۋە قىزغىنلىقىدۇر. ھەرقانداق جوشقۇنلۇقنىڭ قىزغىنلىقى بولىدۇ. ھەرقانداق قىزغىنلىقنىڭ سوۋۇيدىغان ۋاقتى بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ سوۋۇشى كىتاب ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولسا ئۇنىڭ قىلغىنى توغرا بولىدۇ. ( يەنى توغرا يولنى مەقسەد قىلغان بولىدۇ ). كىمكى، ئۇنىڭ سوۋۇشى گۇناھ، مەئسىيەت تەرەپكە بولسا ئۇ كىشى ھالاك بولغۇچىدۇر . ( شاكىر بۇ ھەدىس ئىشەنچلىك ھەدىس دېدى ) . توغرا يولنى مەقسەد قىلغاننىڭ مەنىسى: سابىت بولغان بۇيۇك ئۇسۇلغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇ ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلىشتۇر. ئىمام تىبرانىدىن بۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر رەۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: كىمكى ئۇنىڭ سوۋۇشى ئوتتاھاللىق تەرەپكە بولسا ئېمىدىگەن ياخشى ... ؟! كىمكى ئۇنىڭ سوۋۇشى گۇناھ تەرەپكە بولسا ئۇ ھالاك بولغۇچىدۇر .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇكەللەپلەرگە ( ئىبادەت پەرز بولغانلارغا ) قىلغان ۋەسىيىتى نىمە دىگەن ياخشى ۋەسىيەت ھە ...؟! ئۇ ئورتاھال، مۇتىدىل بولۇشقا، دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە ۋەسىيەت قىلغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا دىن ئۇلارغا غالىپ كېلىپ قالىدۇ. دىنغا قارشى چىقماسلىق لازىم. ئۇنداق قىلغاندا دىن ئۇلارنى يېڭىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: دىن ھەقىقەتەن ئاساندۇر، دىننى ھېچكىم قىيىنلاشتۇرالمايدۇ. ئەگەر كىمكى ئۇنداق قىلىمەن دەيدىكەن يېڭىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توغرا يول تۇتۇڭلار! ( يەنى ئورتاھال بولۇڭلار! ) يېقىنلاشتۇرۇڭلار! خوش بېشارەت ئېلىڭلار! ... . ( بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى ۋە ئىمام نەسەئىلەر ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ) .

ئەللامە مەناۋى دىگەن كىشى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: بىر كىم ئىبادەت قىلىشتا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتمەسلىكى، راھىبلاردەك بولۇۋېلىپ، مۇلايىملىقنى تاشلىۋەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلىدىكەن ئاجىز كېلىپ قالىدۇ ۋە مەغلۇپ بولىدۇ. توغرا يول تۇتۇڭلار دىگەننىڭ مەنىسى: ئورتا ھال يولنى تۇتۇڭلار! دىگەنلىكتۇر. ئىبادەتلەردە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. شۇنىڭدەك بوشاڭلىق، بىپەرۋالىقمۇ قىلماسلىق لازىم. يېقىنلاشتۇرۇڭلار دىگەننىڭ مەنىسى : ئەگەر كامىلراقىنى قىلالمىساڭلار شۇنىڭغا يېقىنراقىنى قىلىڭلار! دىگەنلىكتۇر. خوش بېشارەت ئېلىڭلار دىگەننىڭ مەنىسى: ئاز بولسىمۇ دائىم ياخشى ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى كۈتۈڭلار! دىمەكتۇر.

يەنە بىرى شۇكى : شۇبھىسىزكى ئۇ ، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھوقۇقلارغا رىئايە قىلمايدۇ. ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋاجىباتلارنى ئادا قىلمايدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ بىرى مۇنداق دەپ نېمە دېگەن راستىنى ئېيتقان ...ھە ؟! ھەرقانداق چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنى كۆرگەن بولسام، ئۇنىڭ يېنىدا زايا بولۇپ كەتكەن بىر ھەقنى كۆردۇم . ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلىپ كېتىپ، ئائىلىسىنى ئۇنتۇپ قالغۇدەك دەرىجىگە يەتكەندە، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ماڭا سېنىڭ كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغانلىقىڭنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلدى . بۇ راستمۇ؟ .

ئابدۇللاھ: ھەئە راست ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : ئۇنداق قىلما . روزا تۇت ۋە ئىپتار قىل. قىيامدا تۇر ۋە ئۇخلا. ئەلبەتتە سېنىڭ بەدىنىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار. سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار. سېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار. ئەلبەتتە سېنى زىيارەت قىلىدىغانلارنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار . . . دېدى . ( ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ) . يەنى: ھەرقانداق ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەر. بىرىنى دەپ يەنە بىرىنىڭ ھەققىنى زايا قىلما دېمەكتۇر.

شۇنىڭغا ئوخشاش بىلىملىك ساھابە سالمان پارىسى ئۆزىنىڭ دائىم ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، تەركى دۇنيا قېرىندىشى ئەبى دەردانى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ( پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قېرىنداش قىلىپ قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسدا دوستلۇق ئىنتايىن كۈچەيگەن، ھېچقانداق ئارتىنىش قالمىغان ئىدى. ) ئۇ ئۇممى دەردا (

www.uyghurkitap.com

ئەبى دەردانىڭ خوتۇنى ) ئىلك ئاياللار ئىرى ئۈچۈن كىيدىغان چىرايلىق كىيىمنى كىيەلمەستىن، ئىش قىلغاندا كىيدىغان كىيىمنى كىيۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: سىزگە نېمە بولدى؟دېدى. ئۇ ئايال: قېرىندىشىڭىز ئەبى دەردانىڭ دۇنيا لەززىتىگە ھاجىتى يوق ، دېدى . كېيىن ئەبى دەردا كېلىپ، سالماننى قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا تاماق ئېلىپ كېلىپ ، ئۇنى يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. سالمان ئۇنىڭغا: سەنمۇ يېگىن، دېدى. ئەبى دەردا: مەن روزا تۇتقان ئىدىم، دېدى. سالمان: سەن يېمىگۈچە مەن ھەرگىز يېمەيمەن، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن سېنىڭ ئىپتار قىلىشىڭ ئۈچۈن قەسەم قىلدىم دېگەن، دېيىلىدۇ. بۇنى رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ئەبى دەردا تاماق يېدى. كەچ بولغاندا ئەبى دەردا قىيامدا تۇرۇشقا مېڭىۋىدى. سالمان ئۇنىڭغا : ھازىر ئۇخلا ! دېدى . ئۇ ئۇخلىدى. بىرئازدىن كېيىن يەنە قىيامدا تۇرۇشقا مېڭىۋىدى. سالمان ئۇنىڭغا: يەنە ئۇخلا ! دېدى . ئاندىن كېچىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سالمان : ئەندى تۇر! دېدى . ئاندىن ئىككىسى بىرگە ناماز ئوقۇدى. ئاندىن سالمان ئۇنىڭغا: ئەلبەتتە پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار. نەپسىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار. سېنىڭ ئايالىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار. ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەر! دېدى.

كېيىن ئەبى دەردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : سالمان توغرا قىپتۇ دېدى . ( بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزىلار رىۋايەت قىلغان ) . ئىبنى سەئدتىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سالمان ئىلىمغا تولۇپ كەتتى ... .

لېكىن دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش نېمە؟ ئۇنىڭدىكى مەقسەد نېمە؟ ئۇنىڭ ئالامەتلىرى قانداق؟ ئىنسان قاچان دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى بولىدۇ ؟

دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش چۈشەنچىسىنى ۋە ئۇنىڭ قايسى ئاساس ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلەش

شۈبھىسىزكى، دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش چۈشەنچىسىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كۆزلەنگەن مەقسەدنى ئىلمىي ۋە ئاڭلىق ھالدا بەلگىلەش ئۇنى داۋالاش يولىدىكى بىرىنچى قەدەمدۇر. تاكى ھالاك بولىدىغان كىشى بىلىپ ھالاك بولسۇن، ھايات قالىدىغان كىشى بىلىپ ھايات قالسۇن!

ھەرقانداق ئىشنى بايان قىلىشتا ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشتا ئىسلامىي چۈشەنچىگە ۋە شەرىئەتنىڭ سابىت قائىدىلىرىگە يۆلەنمەستىن، پەقەتلا كۆز قاراشلارغا ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى پالانى - پوكۇنىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانسا ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن باشقىسىنىڭ سۆزلىرى ھۆججەت ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولساڭلار، بىر ئىشتا تالىشىپ قالغىنىڭلاردا ئۇ ئىشنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە قايتۇرۇڭلار! ( نىسا سۈرىسى 59 - ئايەت ). بۇ ئۈممەتنىڭ مەيلى ئىلگىرىكىلىرى بولسۇن، ياكى كېيىنكىلىرى بولسۇن، ئاللاھقا قايتۇرۇش دېگەننىڭ مەنىسىنىڭ — ئاللاھنىڭ كىتابىغا قايتۇرۇش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە قايتۇرۇش دېگەننىڭ

مەنىسىنىڭ ـ ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە قايتۇرۇش ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ كەلدى.

مانا شۇنداق شەرىئەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانماي تۇرۇپ، ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتتى دەپ تۆھمەت قىلىنغان ياشلار بىراۋنىڭ پەتىۋاسىغا يانكى يەنە بىراۋنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمايدۇ، ئۇلارنى رەت قىلىدىغان بۇ تۆھمەتنى كۆزلىرىنىڭ قىرىغىمۇ ئالمايدۇ ھەمدە ئۇلارنى يېتەكلىگۈچىلەرگە بۇرمىلىغۇچىلار، شەيئىلەرنى غەيرى ئىسىملار بىلەن ئاتىغۇچىلار، دەپ گۇمان بىلەن قارايدۇ.

ئىلگىرى مۇنداق بىر ئىش بولغان ئىكەن: ئىمام شافىئىيغا ـ راپىزى دېگەن تۆھمەت چاپلىنىپ قالغان ئىكەن. ھالبۇكى ئۇ ئەھلى سۈننىلەردىن ئىدى . ئۇ بۇ ناھەق تۆھمەتكە ناھايىتى خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

مۇھەممەد ئائىلىسىنى سۆيۈش راپىزىلىق بولىدىغان بولسا، ئىنسان ۋە جىنلار مېنىڭ راپىزە ئىكەنلىكىمگە گۇۋا بولغاي .

يېقىنقى زاماندا دەۋەتچىلەرنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: ئى ئاللاھ! ئەگەر كىتاب ۋە سۈننەتكە چىڭ يېپىشقان كىشى ئەكسىيەتچى بولسا، مېنى ئەكسىيەتچى قىلغىن! مېنى ئەكسىيەتچى قىلىپ جېنىمنى ئالغىن! قىيامەت كۈنى مېنى ئەكسىيەتچىلەر قاتارىدا تىرىلدۈرگىن!

ئەمەلىيەتتە ئورتىدا تارقىلىپ يۈرگەن: ئەكسىيەتچى ، قاتمال ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى ، مۇتەئەسسىپ دېگەندەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنىڭ چۈشەنچىسىنى بەلگىلەش ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتۇر. بۇ سۆزلەر ھەممە ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشلىتىدىغان،

يۇمشاق ماددا ھالىتىدە بولۇپ قالىمىسۇنكى، ھەركىم ئۆزىگە چىرايلىق تۇيۇلغان بويىچە ئىشلىتىدىغان، ئەڭ يىراق ئوتچىلاردىن باشلاپ، ئەڭ يىراق سولچىلارغىچە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ۋە ئىدىئولوگىيىلىك كۆچلەر تەرىپىدىن خالىغانچە تەپسىر قىلىنىدىغان سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالمىسۇن!

بىز بۇ يەردە دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دېگەن سۆزنىڭ چۈشەنچىسىنى بەلگىلەشنى كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىغا ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە تاشلاپ قويساق، تۈگىمەس ھاۋايى ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ كېتىپ، بىزنىڭ يولىمىز بۆلۈنۈپ كېتىدۇ . ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ھەق ئۇلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ئەگەشىدىغان بولسا، ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى ھەممە نەرسىلەر بۇزۇلۇپ كېتەتتى . ( مۆمىنۇن سۈرىسى 71 ـ ئايەت ).

مۇھىم ئىككى مۇلاھىزە

مەن بۇ يەردە بىزنىڭ ماۋزۇيىمىزدا كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان ئىككى مۇلاھىزىنى نەكىتلەپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بىرىنچى مۇلاھىزە

شۈبھىسىزكى، ئىنساننىڭ ۋە ئۇ ياشاۋاتقان مۇھىتىنىڭ دىندار بولۇش مىقدارىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىنىڭ، باشقىلارغا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى ئوتتاھال بولۇش ياكى بوشاڭلىق قىلىش قاتارلىقلار بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا تەسىرى بار.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىنسانىڭ دىنىي جەھەتتە ئېتىقادى كۈچلۈك بولسا ۋە ئۇ ئۇسۇپ يېتىلگەن جەمئىيەتمۇ دىنغا قاتتىق ئېتىقادچان جەمئىيەت بولسا، ئۇ ھەرقانداق دىنغا خىلاپ ئىشنى ياكى بىرەر كەمچىللىكنى كۆرۈپ قالسا ھېسسىياتى ناھايىتى تېز قوزغۇلىدۇ. ھەتتا ئۇ كىچىسى قىيامدا تۇرمايدىغان ياكى كۈندۈزى روزا تۇتمايدىغان مۇسۇلماننى كۆرسە ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆز پەيدا بولغان ئىكەن : ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقلىرى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلارنىڭ يامانلىقلىرىدۇر . بۇ يەردە ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ تابىئىنلاردىن بولغان بىر قىسىم زامانداشلىرىغا دېگەن مۇنۇ سۆزى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ: شۇبھىسىزكى، سىلەر بىر ئەمەلنى قىلىسىلەر - دە، ئۇ ئەمەل سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا چاچتىنمۇ نازۇك، ساۋاپلىق ئەمەل كۆرۈنىدۇ. ۋاھالەنكى، بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا ئۇ ئەمەلنى ئازاپقا گىرىپتار قىلغۇچى گۇناھلاردىن ھېساپلايتتۇق .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا لۇبەيد ئىبنى رەبىئەنىڭ مۇنۇ بىر بېيىتىنى ئوقۇغان ئىدى:

ھىمايىسىدە ياشاشقا بولىدىغانلار كېتىپ قېلىپ، ئۆتۈكنىڭ ئايىقىدەك ئارقىدا قالىدىغانلار قېلىۋەردى .

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيتتى: لۇبەيدقا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن ! ئۇ بىزنىڭ بۇ زامانىمىزغىچە ياشىغان بولسا قانداق بولار ئىدى؟ ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ( ئۇ ھەزرىتى ئائىشەدىن كېيىن بىر مەزگىل ياشىغان ) مۇنداق دېگەن ئىدى : ئاللاھ لۇبەيدقا ۋە ھەزرىتى

ئائىشەگە رەھمەت قىلسۇن ! ئۇلار بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ياشىغان بولسا نېمە بولار ئىدى؟

بۇنىڭ ئەكسىچە دىنىي جەھەتتە ئېتىقادى سۇس، مەلۇماتى ئاز ياكى ئاللاھنىڭ ھارامىلىرىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇھىتتا ياشايدىغان ئىنسانغا قارىساق، ئۇ دىنىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىنى تۇتۇپ ماڭغانلىقىنى تەئەسسۇپلۇق ياكى چېكىدىن ئاشقانلىق دەپ ھېساپلايدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن دىنىنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپە قانچىلىك يىراقلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئەجەپلىنىشى، ئىنكار قىلىشى زىيادىلىشىدۇ. بەلكى ھەرقانداق دىنىنىڭ ھالقىسىغا چىڭ يېپىشقان، ئۇزىنى تەقۋادارلىق يولىنى بىلەن يۈگەنلىگەن ۋە ئالدىغا توغرا كەلگەن نەرسىنى ھالالمۇ ؟ ھارامىمۇ ؟ دەپ سورايدىغان كىشىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچىيىدۇ.

بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئىسلامنىڭ ئىسمى بىلەن، غەربنىڭ ئەقلى بىلەن ياشايدىغان، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دەپ قارايدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ.

ئەجنەبىلەرنىڭ پىكىر ۋە ئادەتلىرى چىرمىشۋالغان كۆپلىگەن كىشىلەر يېيىش، ئىچىش، كىيىنىش، زىننەتلىنىش ۋە باشقىلاردا ئىسلامنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلغان كىشىلەرنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر، تەئەسسۇپلۇق قىلىدىغانلار دەپ قارايدۇ.

بىز ياشلارنىڭ ساقال قويۇۋالغانلىقىنى، قىزلارنىڭ رومال ئورىۋالغانلىقىنىمۇ دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دەپ قارايدىغان كىشىلەرنى كۆردۇق.

ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا، ئىسلام زېمىنىدا ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇشقا چاقىرغانلىقىنىمۇ دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دەپ قارايدىغان كىشىلەرنى كۆردۇق.

يەنە دىنىي ۋە دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغانلىقىنى، ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن چەكلىگەنلىكىنىمۇ دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ۋە باشقىلارنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق دەيدىغانلارنى ھەم كۆردۇق.

يەنە دىنغا ئىشەنمەيدىغانلارنى كاپىر ھېساپلاشنى تەئەسسۇپلۇق، دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دەيدىغانلارنىمۇ كۆردۇق. ۋاھالەنكى، ئىماننىڭ ئاساسى ـ ئۆز دىنىنى ھەق، باشقا دىنلارنى باتىل دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر. بۇ ھەقتە ھېچقانداق كىشىگە خوشامەتچىلىك قىلىش يوق.

ئىككىنچى مۇلاھىزە

شۈبھىسىزكى، بىر ئىنساننىڭ دىنىي مەسىلىلەردە چىڭراق تۇرىدىغان مەزھەپنى تۇتۇپ ماڭغانلىقى ئۇچۇنلا ئۇنى دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى دەپ تۆھمەت قىلىش ئادىللىق بولمايدۇ. ئۇ ئىنسان شۇنى توغرىراق ۋە كۈچلۈكرەك دەپ قاراپ، شۇ بويىچە ماڭسا بولۇۋېرىدۇ. باشقىلار ئۇ مەزھەپنىڭ قارىشىنى ئاجىزراق دەپ قارىسىمۇ مەيلى. چۈنكى ئۇ ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭلا قارىشىدىن ۋە ئېتىقادىدىن مەسئۇل.

باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشى ۋە ئېتىقادىدىن ئۆزلىرى مەسئۇل. ئەگەر ئۇ ئۆزى ئۇچۇن چىڭىتىۋالسا، گەرچە ئۇ پەرز ياكى ۋاجىپ بولمىسىمۇ مۇشۇ ئەڭ ئەۋزەل دەپ قاراپ، شۇ بويىچە ئەمەل قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى. چۈنكى ئۇنىڭ ھىممىتى پەرزلەرنىڭ چېگرىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، ئاللاھ غا ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن نەپلى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىقمۇ يېقىنلىق قىلىدۇ.

ھاياتنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، ئىنسانلار بۇ مەسىلىدە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاسانلاشتۇرۇۋالغۇچىلار بار. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەسلەشتۈرۈۋالغۇچىلارمۇ بار. ساھابىلارنىڭ ئىچىدە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش رۇخسەت قىلىنغان تەرەپنى تۇتىدىغانلار بار ئىدى ۋە ئىبنى ئۆمەرگە ئوخشاش چىڭراق تەرەپنى تۇتىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

بۇ يەردە مۇسۇلمان ئۈچۈن شۇ كۇپايە قىلىدۇكى، ئەلبەتتە ئۇ ئۆز قارىشىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئېتىراپ قىلىنغان مەزھەبلەردىن بىرى ئۈستىگە قۇرۇيدۇ. ياكى ئۇ توغرا شەرئىي دەلىل ئۈستىگە قۇرۇلغان توغرا ئىجتىھادقا يۆلىنىدۇ. ئەگىشىلىۋاتقان مەزھەپلەرنىڭ ئىماملىرىنىڭ ئىچىدە ساقال قويۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ۋە ئۇنى چۈشۈرۈشنىڭ ھاراملىقىنى تەكىتلەيدىغىنى بار. بۇ مەزھەبكە قانائەت قىلىپ، ئۇنى تۇتۇپ ئۆزگە تەنقىلىغان كىشى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولامدۇ ؟ چۈنكى ئۇ مېنىڭ، سېنىڭ ۋە ئۆلىمالاردىن زەيد ۋە ئەمرنىڭ كۆز قارىشىغا، خۇسۇسەن بۇگۈنكى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىغا خىلاپلىق قىلدى . بىر ئىنساننىڭ بىر قارىشنى يەنە بىر قاراشتىن كۈچلۈك ھېساپلاشتىكى — خۇسۇسەن باشقىلارنىڭ ھاياتىغا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە يۈرۈش -

www.uyghurkitap.com

تۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەردە بىر قاراشنى يەنە بىر قاراشتىن كۈچلۈك ھېساپلاش ھەققىنى تونىماسلىقتا بىرنىڭ ھەققىمىز بارمۇ ؟

شۇبھىسىزكى، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ كۆپۈنچىلىرى مۇسۇلمان ئايالنىڭ يۈزى ۋە قولىدىن باشقا بەدەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېپىشى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ . ئۇلار ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇنۇ سۆزىدە يۈز بىلەن قولنى ئايرىۋەتكەن دەپ قارايدۇ :  تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن ! . ( نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت ) . ئۇلار بۇ قاراشلىرىنى ھەدىسلەر، ۋەقەلەر ۋە نەقىللەر بىلەن دەلىللەيدۇ. زامانىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئۆلىمالىرى بۇ قاراشنى كۈچلۈك دەپ قارايدۇ . مەنمۇ شۇنداق قارايمەن.

لېكىن كاتتا ئۆلىمالارنىڭ بىر قانچىسى يۈز ۋە قولنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى يېپىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا قۇرئان، ھەدىس ۋە ئەسەرلەردىن دەلىل كەلتۈرىدۇ. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپۈنچىسى، خۇسۇسەن پاكىستان، ھىندىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە پارس قولتۇغى دۆلەتلىرىنىڭ ئۆلىمالىرى مۇشۇنداق قارايدۇ. ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەرقانداق خوتۇن ـ قىزلارنى يۈزلىرىنى يېپىش ئۈچۈن چۈمپەردە تارتىشقا ۋە قوللىرىنى يېپىش ئۈچۈن پەلەي كىيىشكە چاقىرىدۇ.

بۇ مەزھەبكە قايىل بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ دىنىنىڭ بىر پارچىسى دەپ ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان خوتۇن ـ قىزلارغا دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن دەپ پېچەت ئۇرۇلامدۇ؟ ياكى خوتۇن ـ قىزلارنى شۇنداق

قىلىشقا چاقىرغان ئەرلەر دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۇچىلەر دېيىلەمدۇ؟ بىزنىڭ ئۇلارنى ئۆزى ئېتىقاد قىلغان ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاش ھەققىمىز بارمۇ؟ ئۆزىمىزنى رازى قىلىش ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۇچى دېگەن تۆھمەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارنى جەننەتنى سېتىپ دوزاخنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇلايمىزمۇ ؟

خۇددى بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر، ناخشا ـ مۇزىكا، رەسىم، سۈرەت ۋە باشقىلار ھەققىدە چىڭىتىش قارىشىدىكىلەرگىمۇ دېيىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەردە مېنىڭ شەخسەن ئىجتىھادىم ۋە ھازىرقى زامانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بەزى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىجتىھادى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. لېكىن ئۇ ئىلگىرىكى، كېيىنكى ۋە ھازىرقى نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەمىلىيەتتە بىز ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۇچىلەر دەپ ئاتايدىغانلارنىڭ چىڭىتىۋالغانلىق ۋە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتكەنلىك دەپ ھېساپلىنىپ ئىنكار قىلىنىدىغان ئىشلىرىنىڭ كۆپلىرىنىڭ بىزنىڭ پىقھىمىز ۋە تارىخىي مىراسلىرىمىزدا قانۇنلۇق ئاساسى بار بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ بەزىلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققان ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىپ، ئۇنىڭغا چاقىرغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئازابىدىن قورقىدىغان بەزى ئىخلاسمەن ياشلار ئۇنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن: كۆينەك ۋە شىمنىڭ ئورنىغا جىلباب ( ئۇزۇن تون ) كىيىش ۋە ئۇنى ئوشۇقتىن ئۇستۇنرەك قىلىپ قىسقارتىش ۋە ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەسلىك قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار.

مانا بۇ يەردىن بىز بىر مۇسۇلماننى پەقەت ئۇزىنىڭلا چۈشىنىۋالغانلىق ۋە پەرۋەردىگارىمىنى تېخىمۇ رازى قىلدىمىغۇ، دىنىمغا تېخىمۇ پايدىلىقمۇ، ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىمۇ؟ دەپ قاراپ، بەزى چۈشەنچە يىقىي قاراشنى ئالغانلىق بىلەنلا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى دەپ ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايمىز. ئۇنى ئۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاش ۋە ئۇنىڭدىن ئېتىقادىغا خىلاپ يول بىلەن مېڭىشنى تەلەپ قىلىش بىزنىڭ ھەققىمىز ئەمەس. پەقەت بىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى — ئۇنى ھېكمەت بىلەن ئورتاھاللىققا دەۋەت قىلىش، چىرايلىق سۆھبەتلىشىش، ئۇنى دەلىل بىلەن قانائەتلەندۈرۈش. شۇنداق قىلساق بىز ئۇنى ئەڭ توغرا ئىش ۋە ئەڭ توغرا سۆز دەپ قارىغان تەرەپكە قارىتالىشىمىز مۇمكىن.

### ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ شەكىللىرى

ئۇنداق بولسا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ دەلىللىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرى قانداق ؟

1 - بىر قاراشتا تەئەسسۇپلۇق قىلىپ تۇرۇۋېلىش، باشقا قاراشنى ئېتىراپ قىلماسلىق.

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ دەلىللىرىنىڭ بىرىنچىسى: بىر كۆز قاراشتا باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئېتىراپ قىلمىغۇدەك دەرىجىدە تەئەسسۇپلۇق قىلىپ تۇرۇۋېلىش ۋە ئومۇمىنىڭ مەنپەئەتىنى، شەرىئەتنىڭ مەقسىدىنى، زاماننىڭ ۋەزىيىتىنى ئېنىق چۈشىنىشكە يول قويمايدىغان دەرىجىدە ئۆز چۈشەنچىسىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشتۇر. بۇنداق كىشى باشقىلار بىلەن

سۆھبەتلىششىنى خالىمايدۇ. ئۆزىدە بار نەرسە بىلەن باشقىلاردا بار نەرسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇچۇق ھۆججەت ۋە كۆچلۈك دەلىل تۇرۇغلۇقمۇ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بىز بۇ يەردە خۇددى بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ رەقىبلىرىنى ئىنكار قىلغاندەك، بۇلارنىمۇ ئىنكار قىلمىز. ئۇنداق قىلمىغاندا بۇ قارشى تەرەپنىڭ قاراشلىرىنى مەنئى قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئورۇنغانلىق بولۇپ قالىدۇ.

شۇنداق، ئەگەر ئۇ ئۆزىگە قارشى بولغان كۆز قاراشلارنى، نەزەرىيەلەرنى ئىنكار قىلسا، پەقەت ئۆزىنىلا توغرا يولدا، باشقىلارنى ئازغان دەپ گۇمان قىلسا، ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا مۇخالىپ بولغانلارنى جاھىللار، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشكەنلەر دەپ تۆھمەت قىلسا، يۇرۇش ـ تۇرۇشتە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارنى پاسىقلار، ئاسىيلار دەپ قارىسا، ئۇممەتنىڭ ئالدىنقىلىرى ۋە كېيىنكىلىرى پەيغەمبەردىن باشقا ھەرقانداق ئىنساننىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ دېگەن پىكرىنى ئېتىراپ قىلغان تۇرۇغلۇق، ئۆزىنى گويا كى مەسۇم پەيغەمبەردەك، ئۆز سۆزىنى ۋەھىيدەك قىلىۋالسا، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئىنكار قىلىمىز.

ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىگىش ۋە ئەڭ تۇتۇق مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشنى ئۆزىگە جائىز قىلىۋالغانلار ۋە ئۇ مەسىلىلەرگە ئۆز رەئىيى بويىچە پەتىۋا بېرىدىغانلار بار. ئۇ پەتىۋا ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلسۇن ياكى زىت كەلسۇن كارى بولمايدۇ. لېكىن زامانىمىزنىڭ مۇتەخەسسىس ئۆلىمالىرىغا يالغۇز ياكى كۆپچىلىك ھالەتتە

www.uyghurkitap.com

بولسۇن، ئۇ لارنىڭ قارىشىغا خىلاپ كېلىدىغان قاراش بىلەن ئىجتىھاد قىلىشنى جائىز قىلمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ دىنىنى خالىغانچە، ئۆز خاھىشى بويىچە تەپسىر قىلىدىغانلار بار. نەق ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى، كېيىنكى ۋە ھازىرقى ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كاللىسىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى ۋە ئىبنى ئابباس ( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي! ) قاتارلىق ساھابىلارنىڭ كاللىسى بىلەن تەڭ چاغلايدۇ. ئۆزىچە ئۇمۇ ئادەم، ئۇلارمۇ ئادەم دەپ ئويلايدۇ. كاشكى، ئۇ بۇ يىگىتلىكنى ۋە ئەركەكلىكنى ئۆزىنىڭ زامانداش ئۆلىمالىرىغا، ئۇنىڭ رەئىيگە بىقوشۇلمايدىغان، ئۇنىڭ يولىنى تۇتمايدىغان كىشىلەرگە ئۆتكۈزەلىگەن بولسا ئىدى ... ! ، لېكىن ئۇ ئۆزىدىن باشقىلارغا ئۆتكۈزەلمەيدۇ. ئۇۋ ئولاش ئۈچۈن ئاتقان ئوقى ئوۋنىڭ يۈكىغا ئىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ.

مانا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانىنى ئۆزىدىلا توختىتىپ قويىدىغان، ئۆزىدىن باشقىنى ئىنكار قىلىدىغان قىلىپ قويىدىغان قەبىھ تەئەسسۇپلۇقنىڭ ئۆزىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ ھەقىقى دەلىلى دەپ قارايمىز. ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى گويا ساڭا مۇنداق دەيدۇ :

مېنىڭ سۆزلەش ھەققىم بار، سېنىڭ ئاڭلاش ۋەزىپەڭ بار. مېنىڭ باشلاش ھەققىم بار، سېنىڭ ئەگىشىش ۋەزىپەڭ بار. مېنىڭ قارىشىمدا خاتالىق ئېھتىمالى يوق توغرا، سېنىڭ قارىشىڭ توغرىلىق ئېھتىمالى يوق خاتا... . مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ باشقىلار بىلەن ئەبەدىي چىقىشالمايدۇ.

چۈنكى كېلىشىش ئورتاھاللىقتا، ئورتا يولدا بولىدۇ. ئۇ ئورتاھاللىقنى، ئورتا يولنى بىلمەيدۇ ۋە ئېتىراپمۇ قىلمايدۇ. ئۇ كىشىلەردىن شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق. بىرىگە يەنە بىرىدىن قانچىلىك يىراق بولغان مىقداردا يېقىنلىشىدۇ.

باشقىلارغا ئۆز كۆز قارىشىنى توم تاياق ئارقىلىق پەرز قىلىش ئىرادە قىلىنغاندا، ئىش تېخىمۇ خەتەرلىك تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بۇ يەردىكى توم تاياق تۆمۈردىن ياكى ياغاچتىن بولمايدۇ. بەلكى بۇ يەردە باشقىلارنى بىدئەتچىلىك، دىنغا بىپەرۋا قاراش ياكى كۇپرى ۋە ئاسىيلىق قاتارلىقلار بىلەن دۇمبالايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى بۇلاردىن ئاسرىسۇن! مانا بۇنداق پىكىر تېرورىزىمى ئەمەلىي تېرورىزىمدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك بولىدۇ.

2 ـ كىشىلەرگە ئاللاھ ۋاجىپ قىلمىغان ئىشنى ۋاجىپ قىلىش

دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى : ئاسانلاشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان يول تۇرۇغلۇق، دائىم قىيىن تەرەپنى چىڭ تۇتۇۋېلىش. ئۇنى ئاللاھ ئىنسانلارغا ۋاجىپ قىلمىغان بولسىمۇ، باشقىلارنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلاش. تەقۋالىق ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن، ئىنسان بەزى چاغلاردا ئۆزى ئۈچۈن ئېغىرراقىنى ۋە چىڭراقىنى تۇتسا مەيلى. لېكىن بۇنى ھەردائىم ئادەت قىلىۋالسا بولمايدۇ. ئاسانلاشتۇرۇشقا ھاجىتى تۇرۇپ قىيىنلاشتۇرۇۋالسا، ئاسىنغا روخسەت قىلىنغان تۇرۇغلۇقمۇ ئۇنى رەت قىلسا بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۇرۇۋەتمەڭلار! خوش خەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار! شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلىشنى يامان

كۆرگەندەك ، روخسەتلىرىنىڭ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدۇ  دېگەن ۋە ئاللاھ تائالا  ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلدى. تەسلىكنى ئىرادە قىلمىدى  دېگەن. ھەزرىتى ئائىشە ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي! ) مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشتا ئىختىيارىغا قويۇلسا، گۇناھلىق ئىش بولمىسىلا ئۇ ئىشنىڭ ئاسانراقىنى تاللايتتى .

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن چىڭىتىۋېلىشى، دىنىدىكى رۇخسەت ۋە ئاسانلىق تەرەپنى تاشلاپ، چىڭراق ۋە ئېغىرراق تەرەپكە ئەمەل قىلىشى قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئەمەللەر كىشىلەرگە دىنىدا ئېغىرچىلىق، دۇنيادا قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنى كۆپچىلىك جامائەتكە تېڭىشقا ۋە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ مەشھۇر سۈپەتلىرى ئىنسانلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ. نىجىس نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بار بولغان قىيىنچىلىق ۋە بويۇنتۇرۇقلارنى ئېلىۋېتىدۇ  دەپ كۆرسىتىلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇسا بەك ئۇزۇن ئوقۇيتتى. ھەتتا ئۇ كېچىسى قىيامدا ئۇزۇن تۇرغاچقا ئىككى پۇتى ئىششىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا بەك قىسقا ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈش ياكى كۆتەرمەسلىكتىكى پەرقلەرگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:  سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇسا يەڭگىل ئوقۇسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىز، كېسەل ۋە ياشانغان ئادەملەر بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇسا

خالىغانچە ئۇزۇن ئوقۇسۇن . ( بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ).

ئەبى مەسئۇد ئەلئەنسارى ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي! ) مۇنداق دەيدۇ : بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، پالانى كىشىنىڭ بەك ئۇزۇن ناماز ئوقۇغانلىقى سەۋەبىدىن مەن بامدات نامىزىغا كېچىكىپ قالىمەن . بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق غەزەپلەندى. مەن ئۇنىڭ بىر جايدا بۇ كۆندىكىدەك غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئاندىن كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى: ئى ئىنسانلار! ئەلبەتتە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا يىرگەندۈرۈۋەتكۈچىلەر بار. كىمكى كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇسا قىسقا ئوقۇسۇن. چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاجىز، ياشانغان ۋە ھاجەتمەنلەر بولىدۇ .

مۇئاز ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي! ) كىشىلەرگە نامازنى ئۇزۇن قىلىۋەتكەندە ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ئى مۇئاز ، سەن پىتنىگە تاشلىغۇچىمۇ؟ . ئۇ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان ئىدى.

ئەنەس ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي! ) تىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلبەتتە مەن نامازغا كىرگەندە ئۇنى ئۇزۇنراق ئوقۇشنى ئىرادە قىلىمەن. كېيىن كىچىك بالىنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلايمەن. شۇنىڭ بىلەن قىسقىلا ئوقۇيمەن. چۈنكى مەن بالىنىڭ يىغىسىغا ئانىنىڭ ناھايىتى تەستە چىدايدىغانلىقىنى بىلىمەن . ( بۇنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ).

كىشىلەرگە چىڭىتىۋېلىشنىڭ يەنە بىرى ـــ نەپلە ۋە سۈننەتلەرنى گوياكى پەرزدەك قىلىۋېلىش. مەكرۇھ نەرسىلەرنى گوياكى ھارامدەك

قىلىۋېلىش قاتارلىقلار دۇر . ئەسلىدە ئاللاھ قەتئى ۋاجىپ قىلغاندىن باشقىغا كىشىلەرنى مەجبۇرلىماسلىقىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن ئارتۇقىدا ئىختىيار ئۇلارنىڭ ئۆزىدە. خالىسا قىلىدۇ. خالىسا تاشلاپ قويىدۇ.

بىزگە بۇ يەردە سەھىھ رىۋايەت بىلەن يېتىپ كەلگەن، ھېلىقى ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ئىشلار ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ كەلگەن سەھرالىق كىشىنىڭ قىسسىسى كۇپايە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بەش ۋاقىت نامازنى، زاكاتنى ۋە رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ كىشى ئۇلاردىن باشقا يەنە بارمۇ؟ دەپ سورىغاندا ، پەيغەمبىرىمىز: يوق، ئەگەر نەپلە دەپ قىلساڭ بولىدۇ دېگەن ئىدى. ئۇ كىشى قايتىپ كېتىۋېتىپ : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، بۇنىڭدىن زىيادە قىلمايمەن ۋە بۇنىڭدىن كەم قىلمايمەن دېگەن . بۇنى پەيغەمبىرىمىز ئاڭلاپ : ئۇ كىشى راست دېگەنلا بولسا جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن ئىدى.

مەن بۇ زاماندىكى بىر مۇسۇلمان كىشى پەرزلەرنى ئادا قىلسا، چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسا، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرەپتارى بولسا، مانا بۇ بىزنىڭ ئۇنى ئىسلام سېپىدىن ۋە ئىسلام تەرەپتارلىرىدىن دەپ ئېتىبارغا ئېلىشىمىز ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ دېگەن سۆزنى كۆپ ئېيتتىم. گەرچە ئۇ ھارام ئىشلارنىڭ بەزى كىچىكلىرىنى قىلىپ سالسىمۇ ئۇنىڭ بەش ۋاقىت نامىزى، جۇمە نامىزى، رامىزاندا روزا تۇتۇشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلارغا كەپارەت بولىدىغان ياخشىلىقلىرى بار. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى كەتكۈزىدۇ . ( ھۇد سۈرىسى 114 ـ ئايەت ) . يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر

سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوقىا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا كىرگۈزىمىز (نىسا سۈرىسى 31 ـ ئايەت).

بىز قانداقمۇ بىر مۇسۇلماننى ئاللاھنىڭ دىنىدا جەزمەن ھاراملىقى ياكى ھالاللىقى بىلىنمىگەن، ئىختىلاپ بار ئىشلارنى قىلىش بىلەنلا، ياكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە جەزمەن پەرز ياكى سۈننەت ئىكەنلىكى بىلىنمىگەن، ئىختىلاپ بار ئىشلارنى قىلماسلىق بىلەنلا مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن چىقىرىۋاتالايمىز؟ مانا مەن ھەمىشە ۋە مۇتلەق ھالدا چىڭلىق تەرىپىنىلا تۇتىۋالىدىغان ۋە قاراشلارنىڭ ئەڭ تار دائىرىلىكىنى، قىيىنچىلىقتا ئەڭ يېقىنىنى، كەڭچىللىكتىن ۋە ئاسانلىقتىن ئەڭ يىرىقىنى ئېلىۋالىدىغان بەزى دىندارلارنى ئىنكار قىلىپ كەلدىم. ئۇلار ئۆزلىرىگە قىيىن ۋە جاپالىق بولسىمۇ ئۇنى پەقەت ئۆزلىرىگىلا ۋاجىپ قىلىۋالماستىن ، بەلكى ئۇنى باشقا كىشىلەرگىمۇ ۋاجىپ قىلىۋالىدۇ. ھەرقانداق بىر ئالىم ئاسانلىقىا چاقىرىپ ياكى كىشىلەرگە قىيىن بولمىسۇن دەپ يەڭگىلرەك پەتىۋا بەرسە، بۇ پەتىۋا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ۋە ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئالىمنى تۆھمەت قەپىزىگە تاشلايدۇ.

### 3 ـ ئورۇنسىز چىڭىتىۋېلىش

ئىنكار قىلىنىدىغان چىڭىتىۋېلىشنىڭ بىرى ئورۇنسىز، ۋاقىتسىز چىڭىتىۋېلىشتۇر. مەسىلەن: ئىسلام دىيارىنىڭ غەيرىدە ياكى ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋەتىنىدىن باشقا يەردە ياكى ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن ياكى يېڭىدىن تەۋبە قىلغان كىشىلەرگە چىڭىتىۋېلىش.

ئۇنداق كىشىلەرگە پارچە ۋە ئىختىلاپ بار مەسىلىلەردە ئاساسلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئۇلارنى خۇسۇسىي مەسىلىلەردىن ئىلگىرى ئومۇمىي مەسىلىلەرگە، جۇزئىي مەسىلىلەردىن ئىلگىرى ئەسلىي مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش، ئەڭ بىرىنچى قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى توغرىلاش لازىم. ئەگەر ئۇلار بۇ جەھەتتە خاتىرجەم بولسا، ئاندىن ئىسلامنىڭ رۆكنلىرىغا چاقىرىش، ئاندىن ئىماننىڭ شاخلىرىغا، ئاندىن ئىماننىڭ يىلتىزلىرىغا چاقىرىش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي! ) نى يەمەنگە ئەۋەتكەندە ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: سەن ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قەۋمگە كېتىۋاتىسەن. سەن ئۇلارنى يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەنگە ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىر. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدا ساڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئۇقتۇر. ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇنىڭدا ھەم ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى ئۇقتۇر . ( بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىشنى تەدرىجىي ھالدا قانداق ئېلىپ بېرىشنى ئۇقتۇرغانلىقىغا قاراڭ، ئەڭ ئالدىدا ئۇ ئىشنىڭ ئاساسى بىلەن باشلىدى. ئۇ ئاساس ئىككى شاھادەتتۇر. يەنى ـــ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە شاھادەت ئېيتىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىش. ئاندىن كېيىن ئەگەر ئۇلار بۇنى قوبۇل

قىلسا، ناماز ئوقۇشتىن ئىبارەت ئىككىنچى روكنىغا چاقىردى. ئەگەر ئۇلار بۇنىمۇ قوبۇل قىلسا، ئۈچۈنچى روكنىغا چاقىردى. ئۇ بولسا زاكات بېرىش ئىدى، دەۋەت دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ.

ئامېرىكىدىكى ئىسلام جامائەتلىرىگە مەنسۇپ بىر بۆلۈك ئىخلاسمەن ياشلارنىڭ بەزى قىلمىشى مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇلار ئىسلام مەركەزلىرىنىڭ بىرىدە قاتتىق جېدەل چىقارغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بەزى مۇسۇلمانلار شەنبە ۋە يەكشەنبىلىك دەرسلەردە مەسجىد ئەھلىگە ئوخشاش بورا ياكى جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرماستىن، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان ئىكەن. يەنە كېلىپ ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسى بويىچە قىبلىگە قاراپ ئولتۇرمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاق يەكتەك كەيمەستىن شىم كىيىشۋالغان ۋە تاماقنى يەردە ئەمەس شىرە ئۈستىدە يېگەن ئىكەن. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئۇششاق ئىشلار سەۋەب بولغان ئىكەن.

شىمالىي ئامېرىكىنىڭ قەلبىدە ئورتىغا چىقىرىلىۋاتقان بۇ خىل پىكىر ۋە ئىستىل مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. مەن ئۇلارغا دېدىم: بۇنداق ماددىي ھاياتنىڭ ئارقىسىدا سوكۇلداپ يۈرۈيدىغان جەمئىيەتتە سىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپەڭلار، ئاللاھ تائالانى بىر دەپ تونۇشقا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىتىپ ئالىي دىنىي ئەخلاققا چاقىرىش. شۇنىڭدەك زامانىمىزدىكى ماددىي جەھەتتە تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتلەر غەرق بولۇپ كەتكەن گۇناھى كەبىرىلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. ئەمما دىنىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر، مۇستەھەپ ئىشلارنى ئورتىغا

چىقىرىشنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى زورۇر ئىشلارنى ۋە ئاساسىي مەسىلىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىن ئىدى.

يەنە بىر ئىسلام مەركىزىدە تارىخىي ياكى ئىلمىي بىر سىنئالغۇ فىلىمى مەسچىتتە قويۇپ كۆرسىتىلگەندە، ئۇلارنىڭ دۇنيانى بېشىغا كەيگەنلىكىنى كۆردۇم. ئۇلار مەسجىدنى كىنوخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى دېيىشەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلار مەسجىدلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىنا قىلىنغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. مەسجىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا دەۋەت ئۆيى، دۆلەت مەركىزى ۋە ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي پائالىيەت ئورنى ئىدى. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدتە نەيزىۋازلىقنى مەشىق قىلىشقا ئىزىن بەرگەنلىكىنى ۋە ھەزرىتى ئائىشەگە ئارقىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈشكە روخسەت قىلغانلىقىنى بىلمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك.

4 ـ قوپاللىق ۋە قاتتىق قوللۇق قىلىش

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى ، مۇئامىلىدە قوپاللىق قىلىش ۋە ئۇسلۇپتا قاتتىق قوللۇق قىلىش. ھەمدە دەۋەت قىلىشتا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا خىلاپ ھالدا سوغۇق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

ئاللاھ تائالا بىزنى ھاماقەتلىك بىلەن ئەمەس ھېكمەت بىلەن، قوپاللىق بىلەن ئەمەس خوشخۇيلۇق بىلەن، چىرايلىق مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنىغا چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ( يەنى ئىسلام يولىغا ) ھېكمەتلىك ئۇسلۇپتا،

ۋەز نەسىھەت قىلىش بىلەن دەۋەت قىلغىن. ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار ) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن! . ( نەھىل سۈرىسى 251 ـ ئايەت ).

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن سۈپەتلىدى: ( ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ ( ھىدايەت تېپىشىڭلارغا ) ھېرىستۇر. مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر. ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر . ( تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت ) . يەنە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ساھابىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى سۈپەتلەپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى . ( ئال ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت ).

قۇرئانى كەرىم قوپاللىق ۋە قاتتىقلىقنىڭ جائىزلىقىنى پەقەتلا ئىككى جايدا زىكر قىلدى:

1 ـ جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنگە يۈزمۇ يۈز تۇرغاندا. چۈنكى ھەربىي قائىدە دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا چىڭ تۇرۇشنى، ھەتتا ئۇرۇش توختىغىچە يۇمشاق ھېسسىياتنى قويۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن يەردىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار! ( يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كاپىرلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار ) سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن . ( تەۋبە سۈرىسى 123 ـ ئايەت ).

2 ــ جازالاشقا ھەقلىق بولۇپ قالغانلارغا شەرىئەتنىڭ جازا قانۇنىنى ئىجرا قىلىۋاتقان چاغدا. چۈنكى زېمىندا ئاللاھ تائالانىڭ جازا قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا يۇۋاشلىق قىلىشقا ئورۇن يوق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ( ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار! ( نۇر سۈرىسى 2 - ئايەت ). ئەمما دەۋەت قىلغاندا قوپاللىق، سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. سەھىھ ھەدىستە: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشتا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ دېيىلىدۇ. رىۋايەتلەردىن بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: كىمكى ياخشى ئىشقا بۇيرۇماقچى بولسا، ئۇنىڭ قىلىدىغىنى ياخشى ئىش بولسۇن! . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق بىر ئىشقا يۇمشاقلىق داخىل بولىدىكەن ئۇ ئىش گۈزەللىشىدۇ ۋە ھەرقانداق بىر ئىشقا قوپاللىق ئارىلىشىدىكەن ئۇ ئىش سەتلىشىدۇ . ئاللاھقا دەۋەت قىلىشتىن باشقا ئىشقا قوپاللىق ئارىلاشسا سەتلىشىدىغان بىر ئىش يوق. شۈبھىسىزكى، دەۋەت ئىنساننى چۈشەنچىسىدە، ھېسسىياتىدا ۋە ئىستىلىدا رەببانىي ئىنسان قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىتىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇپ، پىكىر ۋە ئىرادە جەھەتتە يېڭى بىر ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى لەرزىگە كەلتۈرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ مىراس قالغان ئەقىدىلىرىنى، ئورناپ كەتكەن ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، تونۇلۇپ كەلگەن ئەخلاقلىرىنى ۋە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېكمەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارماستىن، ئىنساننىڭ مىجەز - خۇلقىنى، باشباشتاقلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كونىلىقتا چىڭ

تۇرۇۋالدىغان قاتمال تەبىئەتنى بىلىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قوللانماستىن ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. ئىنسان ئەڭ جىددەلخور مەخلۇق. شۇڭا ئۇنىڭ ئەقلىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشتە ۋە قەلبىگە سىڭىپ كىرىشتە يۇمشاق بولۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ قاتتىقلىقى يۇمشايدۇ. ئۇنىڭ مۇزلاپ قالغان قەلبى ئېرىيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى يوقىلىدۇ.

مانا بۇلارنى قۇرئانى كەرىم بىزگە پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ۋە ھەقىقى مۆمىنلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشى قاتارىدا بىزگە ھېكايە قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، بۇلارنى بىز ئىبراھىم ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋملىرىنى دەۋەت قىلىشىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننى دەۋەت قىلىشىدا، پىرئەۋن ئەھلىدىن ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ ۋە سۈرە ياسىندىكى مۆمىن كىشىنىڭ، ئۇلاردىن باشقا ھەقىقەتكە ۋە ياخشىلىققا چاقىرىدىغانلارنىڭ دەۋەتلىرىدىن ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

قاراڭ! پىرئەۋن ئەھلىدىن ئىمان ئېيتقان كىشى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغانلارغا قانداق خىتاپ قىلدى؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ كىشى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن بىرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۇنى ئەندىشىگە سالىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مۈلكىنىڭ ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قېلىشىنى خالايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ ساقلىنىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئەسلەتتى. ئۇ مانا بۇ خىل رۇھ بىلەن ئۇلارغا مۇنداق خىتاپ قىلدى: ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر، (مىسر) زېمىنىدا سىلەر غالىپ سىلەر، ئەگەر بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن

قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ . ( غاپىر سۈرىسى 29 ـ ئايەت ). ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ دەۋىتىنى رەت قىلىپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا كەلگەن مۇسىبەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەتلەر ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن. ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ . ( غاپىر سۈرىسى 30 ـ 31 ـ ئايەتلەر ).

ئۇ كىشى ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قايسى شەكىلدە بولسۇن ئۆزلىرى ئىمان كەلتۈرىدىغان ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇش ھېسسىياتىنى قوزغاپ مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇ كۈندە ( دوزاخ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن قورقۇپ ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر، سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى ھېچقانداق كىشى تېپىلمايدۇ. كىمكى، ئاللاھ ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ . ( غاپىر سۈرىسى 32 ـ 33 ـ ئايەتلەر ).

ئۇ ئىخلاسمەن مۆمىن كىشى مانا مۇشۇنداق مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن بىردە قورقۇتىدىغان، بىردە قىزىقتۇرىدىغان ئۇسلۇپ ئارقىلىق قەۋمىنى دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار! مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن، ئى قەۋمىم! ماڭا نېمىدۇركى، سىلەرنى مەن ( دوزاختىن ) قۇتۇلۇشقا چاقىرىمەن، سىلەر بولساڭلار مېنى دوزاخقا چاقىرىسىلەر. سىلەر مېنى

ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر. ھالبۇكى، مەن سىلەرنى ( بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى ) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ( ئاللاھ ) قا دەۋەت قىلىمەن . ( غاپىر سۈرىسى 38 ـ 42 ـ ئايەتلەر ). ئۇ كىشى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ( سىلەرگە ئازاپ كەلگەن چاغدا ) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ ( راستلىقىنى ) ئەسلەيسىلەر. مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر . ( غاپىر سۈرىسى 44 ـ ئايەت ).

دەۋەت ئىگىلىرى باشباشتاقلارنى دەۋەت قىلىشتا ۋە مۇخالىپەتچىلەرگە خىتاپ قىلىشتا مانا بۇ ئۇسلۇپقا دىققەت قىلىشى لازىم. بۇ يەردە بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارغا قىلغان ۋەسىيىتى كۇپايە قىلىدۇ: سىلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بېرىپ ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئۇ قوبۇل قىلىشى ياكى قورقۇشى مۇمكىن . ( تاھا سۈرىسى 43 ـ 44 ـ ئايەتلەر ). شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن بىلەن كۆرۈشكەندە مۇشۇ يۇمشاق ئۇسلۇپ بىلەن ئۇنى دەۋەت قىلىپ مۇنداق دېدى: كۇپرىدىن، گۇناھلاردىن پاك بولۇشنى خالامسەن؟ سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ ( ئۇنى تونۇساڭ ئۇنىڭدىن ) قورقىسەن ـ دە ( ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن ) . ( نازىئات سۈرىسى 18 ـ 19 ـ ئايەتلەر ).

مېنىڭ بەزى دەۋەتچىلەرنىڭ ئىخلاسمەن ياشلارنى دەۋەت قىلىشتا ۋە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا تۇتقان يولىنى ئىنكار قىلىشىم

www.uyghurkitap.com

ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇلار مۇخالىپەتچىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇلارغا زورلۇق قىلىدۇ. قوپاللىق ۋە قاتتىقلىق بىلەن خىتاپ قىلىش، قوپاللىق ۋە ئېتتىكلىك بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن. ئۇلار قارشى تەرەپ بىلەن چىرايلىق مۇنازىرە قىلىشمايدۇ. بەلكى ئەڭ قوپال سۆزلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. بۇ ھەقتە چوڭ - كىچىكنى ئايرىمايدۇ. ئاتا - ئانىغا ئوخشاش ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى ۋە باشقىلارنى ئايرىۋالمايدۇ. ئەھلى ئىلىملار، تەربىيەتچى مۇئەللىملەردەك ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك كىشىلەرنى ۋە باشقىلارنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئىلگىرى دەۋەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە جىھادقا قاتناشقان كىشىلەر بىلەن باشقىلارنى ھەم ئايرىمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلار، بىلىمسىزلەر، نادانلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈيدىغانلارنى پەرق قىلالمايدۇ. ئاز - تولا ئۆزرىسى بارلار بىلەن ھېچ ئۆزرىسى يوقلارنى ھەم ئايرىمايدۇ. ئىسلامغا ھەسەت ۋە خىيانەت قىلىپ، ئەجنەبىيلەرگە يالاقچىلىق قىلىپ، كۆرۈپ تۇرۇپ ئوتقا كىرىپ كېتىۋاتقانلارنى سېزەلمەيدۇ. ئىلگىرىكى ھەدىس ئالىملىرى ئومۇمىي خەلق ئىچىدىكى ئۆزلىرىنىڭ بىدئەت ئىشىغا چاقىرمايدىغانلار بىلەن ئۆزىنى دەۋەتچى تىكلىۋېلىپ بىدئەتكە چاقىرىدىغان، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى كۆزلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلارنى ئايرىپ، ئالدىنقىلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە كېيىنكىلەرنىڭكىنى رەت قىلغان ئىدى.

### 5 - كىشىلەرگە نىسبەتەن يامان گۇماندا بولۇش

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ يەنــە بىـر كۆرۈنۈشــى: باشــقىلارغا يامــان گۇماندا بولۇش، يامان كۆز بىلەن قاراش، ئۇلارنىــڭ ياخشــى تــەرەپلىرىنى يوشـۇرۇپ قويـۇپ، يامـان تـــەرەپلىرىنى مۇبالىغــە قىلىـــپ كـــۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش.

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىنىڭ قارىشىنىڭ ئەســلى تۆھمــەت قىلىــش، تۆھمەت قىلىشنىڭ ئەسلى شەرىئەت قانۇنىغــا خىــلاپ ھــالدا باشــقىلارنى ناھــەق قــارىلاش. ۋاھالــەنكى، قارىلانغــان كىشــى ھــەتتا ئۇنىــڭ قىلغــان گۇناھى قەتئىي سابىت بولغۇچە گۇناھسىزدۇر.

بىز ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ دائىم كىچىككىنە سەۋەب بىلەن يامان گۇمان قىلىشقا ۋە تۆھمــەت قىلىشــقا ئالدىرايدىغــانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار باشقىلارنى ئۆزرىسى باردۇر دەپ ئويلىمايدۇ ، بەلكى ئۇ ھەمىشــە باشقىلاردىن ئەيىپ ئىزدەيدۇ. باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تىپىـــپ، ئۇنــى ئورتــدا داپ چېلىــش ئۇچـــۇن ھەمىشـــە باشـــقىلارنىڭ خاتـــالىقلىرىنى ئىزدەيدۇ. كىچىككىنــە خاتــالىق تېپىۋالسا ئۇنــى چــوڭ خاتــالىق قىلىــپ كۆرسىتىدۇ. چوڭراق خاتالىق تېپىۋالســا ئــۇ خاتــالىق ئىگىســنى دەرھــال كاپىر قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ئىككىگە ئېھتىمالى بار ســۆز يــاكى ئــش بــولۇپ، بىرسىنىڭ توغرىلىق، يەنە بىرسىنىڭ خاتــالىق ئېھتىمالى بولســا، ئەســلىدە ئۆلىمالاردىن ئەسەر بــولۇپ قالغــان مۇســۇلمانىنىڭ ھــالىنى ياخشــىلىقا، ئۇنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئىمكانقەدەر توغرىلىققا ئاغدۇرۇش تىن ئىبارەت بولغان ئومۇمىي قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۇ سۆزنى يــاكى ئــۇ ئىشنى يامانلىق تەرەپكە ئاغدۇرىدۇ.

ئىلگىرىكى بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: شۇبھىسىزكى، مەن قېرىنداشىم ئۇچۇن بىردىن يەتمىشكە قەدەر ئۆزرە ئىزدەيمەن. ھېچ ئۆزرە تاپالمىسام ئاندىن يەنە باشقا مەن بىلمەيدىغان ئۆزرىسى بولسا كېرەك؟ دەيمەن. كىمكى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇلارغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇلار ئۇنىڭ دىنىغا تۆھمەت قىلىپ، ئۇنى گۇناھكار ، بىدئەتچى ياكى سۈننەتنى ھاقارەتلىگۈچى دەپ قارىلايدۇ. ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزى خالىغانچە يامان گۇمان قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر سىز ئۇلارغا ھاسا تۇتۇشنىڭ ياكى يەردە تاماق يېيىشنىڭ سۈننەتلىكى ھەققىدە خىلاپلىق قىلسىڭىز ئۇ سىزگە دەرھال سۈننەتكە خىلاپلىق قىلغانلىق ، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرمىگەنلىك بىلەن تۆھمەت قىلىدۇ. ( ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە ئاتا ـ ئانىمىز پىدا بولسۇن! ).

ئۇلاردىكى يامان گۇمان قىلىش ئاۋام خەلقتىلا توختاپ قالمايدۇ ، بەلكى خاس كىشىلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. بىرەر ئىمام، بىرەر ئالىم، بىرەر دەۋەتچى ياكى بىرەر مۇتەپەككۇر ئۇلارنىڭ تۆھمەت قەپىزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئەگەر بىرەر مۇپتى بىرەر مەسىلىدە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاسانلىق بولىدىغان، ئۇلاردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان قاراش بىلەن پەتۋا بەرسە، ئۇ مۇپتى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دىن بىلەن ئويناشقان بولىدۇ. ئەگەر بىرەر دەۋەتچى ئەسىرنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن ھالدا، ئۇچۇقلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئۇچۇن زامانغا لايىق سۆز قىلسا، ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىدا غەرب ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىق بىلەن تۆھمەت قىلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ تۆھمىتى تىرنىكلەردىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا قادىر بولالمايدىغان ئۆلۈكلەرگىچە يېتىپ باردۇ. مەشھۇر شەخسلەردىن بىرەرسىنىمۇ قويماي، ئۇلارغا تۆھمەت نەشتىرىنى سانچىپ چىقىدۇ. ئۇنى ماسونىي بۇنىي: شىيئىي ئاۋۇنى مۇئتەزىلىي دەيدۇ. ھەتتا ھەممە ئەسىردە ئۇممەت ئىچىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەن، ھەممە ئەگىشىۋاتقان مەزھەپ ئىماملىرىمۇ ئۇلارنىڭ تۆھمەت تىلىدىن، يامان گۇمانىدىن ئاشقىرى قالمايدۇ . بەلكى ئۇممەتنىڭ پۈتكۈل ئۆتمۈش تارىخى، ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيىتى خۇددى ئۇنىڭ ھازىردىكىلا ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بۇ تارىخ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قارىشىچە پىتنە ـ پاساتقا تولغان، ھوقۇق تالىشىش تارىخى ، يەنە بەزىلىرىنىڭ قارىشىچە جاھىلىيەت، كۇپۇر تارىخى ئىمىش. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىچە تېخى بۇ ئۇممەتنىڭ ھەممىسى ھىجرىيەنىڭ 4 ـ ئەسرىدىن باشلاپ كاپىر بولۇپ كەتكەنمىش.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدە شۇنداقلارنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەنىمەت تەقسىم قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزگە: بۇ تەقسىمدە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئىرادە قىلىنمىدى. ئى مۇھەممەد! ئادىل تەقسىم قىل، سەن ئادىل تەقسىم قىلمىدىڭ دېگەن. پەيغەمبىرىمىزدىنمۇ ئادىل ئىنسان بارمۇ؟

شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ قورۇشقا ئەمەس، بۇزۇشقا بولغان قىزغىنلىقى قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ باشقىلارنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئادىتى مەشھۇر ئادەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۆز نەپسىڭلارنى ئاقلىماڭلار! كىمنىڭ تەقۋالىق قىلغىنىنى ( ئاق

ئىكەنلىكىنى ) ئاللاھنىڭ ئۆزى بەكرەك بىلگۈچىدۇر . ( ئەنجم سۈرىسى 32 ـ ئايەت ). شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئەپسىلىرىگە ئىچكىرىلەپ سىڭىپ كەتكەن يامان گۇمان قىلىش ئادىتى ئۇلارغا كەلگەن بىر ئاپەتتۇر. كاشكى ئۇلار قۇرئانغا ۋە سۈننەتكە قايتسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ياخشى گۇماندا بولۇشنى تەكىتلەيدىغان گۈزەل ئەخلاقنى تاپقان بولاتتى. كاشكى ئۇلار بىرەر ئەيىپنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ياپقان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ئەيىپلىرىنى ياپقان بولاتتى. كاشكى ئۇلار بىرەر ياخشى ئىشقا ئۇچرىشىپ، ئۇنى ئاشكارا قىلىپ تارقىتىۋەتكەن بولسا ئىدى، قانچىلىك ساۋاپقا ئېرىشكەن بولاتتى. ئۇلار بىر مۇسۇلماندىن كۆرگەن بىر يامانلىق، ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۇلار بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويمىغان بولسا ئىدى، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى.

ئىسلام تەلىماتلىرى ئىككى خىل خىسلەتتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

بىرى ئاللاھ تائالادىن يامان گۇمان قىلىش. يەنە بىرى كىشىلەردىن يامان گۇمان قىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار! شۇبھىسىزكى، گۇمانلارنىڭ بەزىسى گۇناھتۇر . ( ھوجۇرات سۈرىسى 12 ـ ئايەت ). پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: گۇمانخورلۇقتىن قېچىڭلار! چۈنكى گۇمان ئەڭ يالغان سۆزدۇر . ( بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان )

بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىش، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. مانا بۇ ئىگىدىن دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى بولۇپ ئاسىي بولۇش كېلىپ چىققان. يەنى — ئىبلىسنىڭ ئاسىيلىقى كېلىپ چىققان. ئاسىيلىقنىڭ بىرىنچى ئاساسى مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقتۇر. شەيتان مەن ئادەمدىن ياخشى دەپ تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقتىن ئاسىي بولغان.

بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ بىر ھەدىسى كۇپايە قىلىدۇ: ئەگەر بىر كىشىنىڭ ( ئىنسانلار ھالاك بولۇپ كەتتى ) دېگىنىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇلارنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى ھالاك قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىڭلار! . بۇنىڭ مەنىسى — ئۇ كىشى كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىپ، ئۇلارغا يامان گۇماندا بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى — ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە باشقىلارغا تۆھمەت توقۇشى بىلەن ئەڭ بەكرەك ۋە ئەڭ ئىزراق ھالاك بولغۇچىدۇر.

ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ئەخلاقنى چىرىتكۈچى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز دىلنىڭ گۇناھى دەپ ئاتىغان. پەيغەمبىرىمىز بىزنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ: ھالاكەتكە تاشلىغۇچى ئۈچ خىل ئىش بار: ئىتائەت قىلىنغان بېخىللىق، ئەگىشىلگەن ھەۋەس ۋە ئىنسانىنىڭ ئۆزىدىن پەخىرلىنىشى .

مۇسۇلمان كىشى قىلغان ئەمەل ئىبادىتى بىلەن ھەرگىز پەخىرلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشىنى توسىدىغان توسقۇنلاردىن ۋە ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن قورقىدۇ. قۇرئانى كەرىم مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى،

www.uyghurkitap.com

سەدىقە بېرىدۇ. ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا ( ھېساب بېرىش ئۈچۈن ) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدۇ . ھەدىس شەرىپتە: بۇ ئايەت ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە قوبۇل بولماي قېلىشىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەن دېيىلگەن.

ھەكىم ئىبنى ئەتائۇللاھ دېگەن كىشى مۇنداق دېگەن ئىكەن: ئاللاھ تائالا ساڭا تائەت بابىنى ئېچىپ، قوبۇل بابىنى ئاچماسلىقى مۇمكىن. ساڭا گۇناھ قىلىش تەقدىر قىلىنىپ، ئۇنى قىلىشقا يول تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. خارلىق، سۇلغۇنلۇق كەلتۈرگەن گۇناھ مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق كەلتۈرگەن تائەتتىن ياخشى. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ساڭا كەمتەرلىك ئېلىپ كەلگەن گۇناھ، ساڭا مەغرۇرلۇق ئېلىپ كەلگەن تائەتتىن ياخشى .

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئىشتا ھالاكەت بار: مەغرۇرلىنىش ۋە ئۈمىتسىزلىنىش. چۈنكى ئىزدەنمەستىن بەخىت قولغا كەلمەيدۇ. ئۆزىدىن مەغرۇرلانغۇچى كىشى ئىزدەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بەخىتكە ئېرىشىپ بولغان. ئۈمىتسىزلەنگۈچى ئىزدەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىزدەنگەنلىكىنىڭ پايدىسى يوق.

6 ـ كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىش پاتقاقىغا پېتىپ كېتىش

بۇنداق ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى كىشى باشقىلارنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈپ، جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى مۇباھ ساناپ، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاياق ئاستى قىلغاندىلا ئاندىن ئۆز مەقسىدىگە يېتىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقىلارنى كاپىر قىلىش كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ

قالغاچقا ، كۆپچىلىكنى ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلىك ياكى ئىسلامغا ئەسلا كىرمىگەنلىك بىلەن تۆھمەت قىلىدۇ ـ دە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا كاپىرلارغا قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىدۇ. مانا بۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بۇنداق ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى ئۆزىنى بىر چىلغىدا، قالغان ئۇممەتنى يەنە بىر چىلغىدا قويۇپ قويىدۇ.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خاۋارىجلار گىرىپتار بولۇپ قالغان كېسەل ئىدى. ئۇلار روزا تۇتۇش، ناماز ئوتەش ۋە قۇرئان ئوقۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىبادەتلەرگە ئەڭ قاتتىق يېپىشىدىغانلاردىن ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بۇزۇلغانلىقىدىن ئەمەس، پىكىرلىرى بۇزۇلغانلىقىدىن شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرۈندى. ئۇلار دۇنيادا ئېزىپ كەتتى. ۋاھالەنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەڭ ياخشى ئىش قىلىۋاتقانلار دەپ ئويلايدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇنداقلارنى مۇنۇ سۆزلىرى ئارقىلىق سۈپەتلىگەن ئىدى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇلارنىڭ نامازلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ نامازلىرىنى ئاز كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىياملىرىغا قاراپ ئۆزىنىڭ قىياملىرىنى ئاز كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىرائەتلىرىگە قاراپ ئۆزىنىڭ قىرائەتلىرىنى ئاز كۆرىدۇ . پەيغەمبىرىمىز ئۇلار ھەققىدە يەنە: ئۇلار دىندىن خۇددى ئوق ئوقيادىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ دېگەن ئىدى. يەنە ئۇلارنىڭ قۇرئان بىلەن بولغان ئالاقىسىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ. لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ . يەنە ئۇلارنىڭ ئايرىم بەلگىلىرىنى زىكىر

قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇتپەرەستلەرنى ھايات قويىدۇ .

ئۇلارنىڭ بۇ ئاخىرقى ئالامىتى خاۋارىجلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئۇلىمالارنىڭ بىرسىنى ئۇلار ئۇنىڭدىن نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، پاناھ تىلەپ كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاشنى خالايدىغان مۇشرىك دېيىشكە مەجبۇر قىلغان ئىكەن.

ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ بىزنىڭ ساڭا پانالىق بېرىشىمىز ۋە سېنى خاتىرجەم جايغا يەتكۈزۈپ قويۇشىمىز ھەقلىق دېيىشكەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇشقان: ئەگەر مۇشرىكلەردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ( يەنى قۇرئاننى ) ئاڭلىغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. ئاندىن ( ئۇ ئىمان ئېيتمىسا ) ئۇنى ( جېنى، مېلى ) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن . ( تەۋبە سۈرىسى 6 ـ ئايەت ). مانا بۇ سەۋەب بىلەن پاناھ تىلەپ كەلگەن مۇشرىك ھايات قالغان. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇلارغا مەن مۇسۇلمان دېگەن بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان بولاتتى.

ئىلگىرىكى خاۋارىجلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋارىسلىرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. مېنىڭ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋارىسلىرى دېگىنىم كاپىر قىلىش ۋە ھىجرەت جامائىتى دەپ ئاتالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەرقانداق گۇناھ قىلغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ، تەۋبە قىلمىغان كىشىلەرنى كاپىر قىلىدۇ.

ئۇلار ھاكىملارنىڭ ھەممىسىنى كاپىر دەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ.

ئۇلار مەھكۇملارنى ھەم كاپىر دەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇ ھاكىملارنىڭ ھۆكمىگە رازى بولغان ۋە ئاللاھ چۈشۈرمىگەن نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىشمۇ رەت قىلماستىن ئۇنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇ ھاكىملارغا قارشى چىقماستىن، ئۇلارغا باش ئەگكەن.

ئۇلار يەنە دىنسى ئۇلىمالارنىمۇ كاپىر قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلىمالار ھاكىملارنى ۋە مەھكۇملارنى كاپىر قىلمىغان. كىمكى، كاپىرنى كاپىر دېمىسە ئۇنىڭ ئۆزى كاپىر.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىقان، ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇلار كىرگەن يولغا كىرمىگەن ھەرقانداق كىشىنى كاپىر قىلىۋېتىدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ جامائىتىگە ئەزا بولۇپ، ئۇلارغا بەيئەت قىلمىغان ھەرقانداق كىشنى كاپىر دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ جامائىتىگە كىرىپ، ئۇلارغا بەيئەت قىلىپ، ئاندىن مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۇلارنى تاشلاپ كەتكەن كىشى بولسا، ئۇنى قېنىنى تۆكۈش ھالال بولغان مۇرتەد دەيدۇ. باشقا ھەرقانداق جامائەتكە ئۇلارنىڭ دەۋىتى يەتكەن ھامان ئۆزلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارغا بەيئەت قىلمىسا ئۇلارمۇ كاپىردۇر. ھەرقانداق بىر مەزھەپ ئىمامىنىڭ سۆزىنى ئالغان ياكى ئىجما ، قىياسقا ئەمەل قىلغان ياكى ياخشى ئىش دەپ قارالغانلىق يۈزىسىدىن ئۇلارنى قوبۇل قىلغان كىشى مۇشرىك، كاپىردۇر.

ئۇلارچە ھىجرىيەنىڭ تۆتىنچى ئەسىردىن كېيىنكى ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى كۇپرى ۋە جاھىلىيەت ئەسىردۇر. چۈنكى بۇ ئەسىرلەردىكى كىشىلەر ئاللاھتىن باشقا يەنە تەقلىد قىلىنىغان ئۆرپ - ئادەتلەرنى

www.uygurkitap.com

مۇقەددەس دەپ قارايدۇ. ( ئابدۇرەھمان ئەبۇلخەيرىنىڭ مىنىڭ كاپىر قىلىش ۋە ھىجرەت جامائىتى ئىچىدە ئۆتكەن ھايات ئەسلىمىلىرىم دېگەن كىتابىغا قاراڭ ـ ئاپتور ).

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كاپىر قىلىشتا ھەددىدىن بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۆلۈك ـ تىرىك ھەممە ئىنسانلارنى ئومۇميۈزلۈك كاپىر قىلىۋېتىدۇ. ۋاھالەنكى، مۇسۇلماننى كاپىر قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك ئىش. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مېلىنى ئولجا ئېلىش ھالال بولىدۇ. ھەمدە ئۇنى خوتۇن ـ بالىلىرىدىن ئايرىۋېتىش لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بارلىق ئالاقە ئۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن مىراس ئېلىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا مىراس بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆلسە يۇيۇلمايدۇ. كېپەنگە ئېلىنمايدۇ. نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۇپرىلىق بىلەن تۆھمەت چاپلاشتىن قاتتىق چەكلەپ، قەتئىي تەكىتلىگەن ئىدى. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: كىمكى قېرىندىشىغا ( ئى كاپىر! ) دېسە، ئۇلارنىڭ ئىككىسىدىن بىرى كاپىر بولىدۇ . ئەگەر قېرىندىشى ھەقىقەتەن كاپىر بولمىغان بولسا، ئۇ سۆز تۆھمەت قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزى كاپىر بولىدۇ. شۇڭا بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئىش.

ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ سەھىھ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: كىمكى ( لا ئىلاھە ئىللەللاھ ) دېسە ئىسلامغا كىرىدۇ. قېنى ۋە مېلى ساقلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى قىلىچتىن قورقۇپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دېگەن بولسا، ئۇنىڭ ھېسابى ئاللاھقا. چۈنكى بىز زاھىرىغا قارايمىز.

شۇنىڭ ئۇچۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىدا شاھادەت ئېيتقان بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۇچۇن ئۇسامەگە ناھايىتى قاتتىق كايىغان ئىدى ۋە سەن ئۇنى ( لا ئىلاھە ئىللەللاھ ) دېگەندىن كېيىنمۇ ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ دېگەن ئىدى. ئۇسامە ئۇ قىلىچتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن شۇنداق دېدى دېگەندە پەيغەمبىرىمىز، سەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنىڭ قەلبىدە ( لا ئىلاھە ئىللەللاھ ) بولسا قانداق قىلىسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇسامە: پەيغەمبىرىمىز بۇ گەپنى ناھايىتى كۆپ تەكرارلاۋەردى. ھەتتا مەن پەقەت بۈگۈنلا مۇسۇلمان بولغان بولسام بوپتىكەن دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم، دېدى.

كىمكى ئىسلامغا جەزمەن ئىشىنىپ كىرگەن ئىكەن، ئۇنى پەقەت شۇنداق ئىشەنچ بىلەن ئىسلامدىن چىقىرىش مۇمكىن. ئىشەنچ شەك بىلەن يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. گۇناھ ئىشلار مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىق گۇناھى كەبىرىلەرمۇ ئۇلارنى قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى يەڭگىل سانىمىغان ياكى رەت قىلمىغانلا بولسا، ئۇنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن قۇرئان كەرىم مۇنۇ ئايەت كەرىمىدە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىقنى بىكار قىلىۋەتمىدى: كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى تەرىپىدىن ئەپۇ قىلىنسا، ياخشىلىقتا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشى لازىم . ( بەقەرە سۈرىسى 178 ـ ئايەت ).

پەيغەمبىرىمىز ھاراق ئىچكەن كىشىنى جازالىغاندا جازالانغۇچىغا لەنەت

قىلغان كىشىگە مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭغا لەنەت قىلما. چۈنكى ئۇ ئاللاھنى ۋە پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرىدۇ .

شەرىئەتتە قاتىللىق، زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ جازاسى ئوخشاشمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىرلىق بولىدىغان بولسا، ئۇلارنى قىلغان كىشى مۇرتەدگە ئوخشاش جازالىناتتى.

كاپىر قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر ئاساسلانغان شۇبھىلەر ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە بايان قىلىنغان مۇھكەم ئايەتلەر بىلەن رەت قىلىندۇ. بۇ مەسىلىنى ئىسلام ئۇممىتى بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىلا ھەل قىلىپ بولغان. كېيىنكىلەر كېلىپ ئۇنى يېڭىلايمىز دەۋاتىدۇ. ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ.

# ئىككىنجى پەسىل

## قېنى بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنەيلى!

**ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە تۈرتكىلىرى**

مانا بۇ دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئۇنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ۋە دەلىللىرى.

شۇنىسى ئېنىقكى، بۇھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۆزلىكىدىن كېلىپ چىقىشى ۋە تۇساتتىنلا پەيدا بولۇپ قالغىنى يوق. بەلكى ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى تەقەززا قىلغان ئىشلار بار. ۋەقەلەر ۋە ئىشلار تىرىك كائىناتلارغا ئوخشاش يوق نەرسىدىن تۇغۇلمايدۇ، ئۇرۇقسىز ئۈنمەيدۇ. بەلكى نەتىجە بىر ئىش باشلانغاندىن كېيىن چىقىدۇ، سەۋەبتىن سەۋەب بولغۇچى ئىشلار چىقىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلار ئارىسىغا قويغان قانۇنى.

بۇ يەردە سەۋەبنى بىلىش ئەھمىيەتلىك دېيىلگىنىدە بۇ پەقەتلا ئەجەپلىنىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى، ئىلاجىنىڭ تۈرىنى، دارىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاساسى سەۋەبىنى بىلىش كېرەك. چۈنكى كېسەلنى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى دورا بېرىلمەيدۇ، كېسەللىك سەۋەبىنى بايان قىلماي تۇرۇپ كېسەلنى تەكشۈرگىلى بولمايدۇ.

بىز بۇھەقتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىشكە ئېلىپ بارغان سەۋەبلەر ۋە غەرەزلەر ھەققىدە سورايدىغانلار قاتارىدا سورايمىز؟

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ سەۋەبلىرىگە قارىتا مۇكەممەل نۇقتىئىنەزەر ھەقىقەت شۇكى، چوقۇم بۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ سەۋەبى بىرلا نەرسە ئەمەس. بەلكى، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ ۋە ھەرخىلدۇر. ئادەتتە مۇئەييەن بىر مەدرىسكە مەنسۇپ بولغانلاردەك بىرلا سەۋەبكە مەركەزلەشتۇرۇۋېلىشىمىز ۋە باشقا سەۋەبلەرگە قارىماسلىقىمىز ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ.

پسىخولوگلار ھەممە ئىشلارنى پەقەت نەپسىي سەۋەبلەرگىلا باغلايدۇ. كۆپۈنچە سەۋەبلەر ئىچكى دۇنيادا ياكى ھېسسىياتتا يوشۇرۇندۇ، خۇسۇسەن پسىخىك جەھەتتىن تەھلىل قىلغۇچىلار شۇنداق دەيدۇ.

ئىجتىمائىي مەدرىسكە مەنسۇپ بولغانلار ھەممە نەرسىنى جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە، ۋەزىيىتىگە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە باغلايدۇ. ئىنسانىنى پەقەت جەمئىيەت خالىغانچە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قونچاق دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى « دوركھايم » دېگەن كىشى ئوتتۇرىغا قويغان.

تارىخىي ماددىچىلارنىڭ تەرەپتارلىرى پەقەت ماددىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەردىن باشقىسى جىڭغا ئولتۇرمايدۇ دەپ قارايدۇ. « مانا بۇلارنىڭ ئۆزىلا ھادىسە پەيدا قىلىدۇ ۋە تارىخنى ئۆزگەرتىدۇ » دەيدۇ.

ئورتاھال ئومۇمى نەزەر بىلەن قارايدىغانلار « سەۋەبلەر بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئوخشىمىغان مىقداردا رول

ئوينايدۇ، ھەرخىل تەسىر پەيدا قىلىدۇ، بىر شەخسكە تەسىرى كۈچلۈك بولسا، باشقا بىر شەخسكە ئاجىز بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان تەسىرى بار دېگەننى ئېتىراپ قىلىدۇ.

بىز ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن بىرلا سەۋەبتە چېكىنىپ، باشقا سەۋەبلەرنى يېپىپ قويساق بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئالدىمىزدا كۆرۈنۈۋاتقان بۇ كۆرۈنۈش مۇرەككەپ كۆرۈنۈش. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ ۋە ھەرخىل. بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن. بەزىسى يېقىن بەزىسى يىراق. بەزىسى بىۋاستە بەزىسى ۋاستىلىق. بەزىسى بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاققا ئوخشاش يۈزەكى. يەنە بەزىسى دېڭىزنىڭ تېگىگە ئوخشاش چوڭقۇر.

بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە دىنىي بولغىنى بار، سىياسىي بولغىنى بار، ئىجتىمائىي بولغىنى بار، ئىقتىسادىي بولغىنى بار، نەپسىي بولغىنى بار، پىكرىي بولغىنى بار ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتكىنى بار.

گاھىدا بۇ كۆرۈنۈشنىڭ سەۋەبى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى شەخسنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. گاھىدا بىر ياكى بىرقانچە سەۋەب ئۇنىڭ ئائىلىسىدە — ئاتا - ئانىسىدا، قېرىنداشلىرىدا ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىدە تېپىلىدۇ.

گاھىدا تەھلىل قىلىپ كۆرۈلگەندە سەۋەب، جەمئىيەتنىڭ قېتىدا ساقلىنىۋاتقان — ئەقىدە بىلەن يۈرۈش - تۇرۇش ئارىسىدىكى، ئادا قىلىش لازىم بولغان ۋەزىپە بىلەن ئەمەلىيەت ئارىسىدىكى، دىن بىلەن سىياسەت ئارىسىدىكى، سۆز بىلەن ئەمەلىي ئىش ئارىسىدىكى، ئارزۇ - ئارمان بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئارىسىدىكى ۋە ئاللاھ بەلگىلىگەن شەرىئەت

بىلەن ئىنسانلار ئورتىغا قويغان قانۇنلار ئارىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقلارغا باغلىق بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش قارىمۇ-قارشىلىقلارنى ياشانغانلار كۆتەرگەن بىلەن ياشلار كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر ياشلارنىڭ بەزىلىرى كۆتەرسىمۇ ھەممىسى كۆتۈرەلمەيدۇ. ياكى بىر مەزگىل كۆتەرسىمۇ ھەمىشە كۆتۈرەلمەيدۇ.

گاھىدا سەۋەب ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىشىشىگە، ھۆكۈمرانلارنىڭ زالىملىشىشىغا ۋە شەھۋانىي ھەۋەسلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كېتىشىگە ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى بىلەن كارى بولماسلىقىغا، ئىچكى جەھەتتە يامان ئادەملەرنى، تاشقى جەھەتتە ئىسلام دۈشمەنلىرىنى ئۆزىگە يېقىن دوست تۇتۇۋالغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. مانا بۇلار قۇرئان بىلەن ھاكىمىيەتنى ياكى دىن بىلەن دۆلەتنى بىر-بىرى بىلەن بىرلىشەلمەيدىغان ئايرىم-ئايرىم ئىككى خىل يولدا قىلىپ قويغان.

دىن ھەقىقىتىنى بايقاشنىڭ ئاجىزلىقى

شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى دىنىنىڭ ھەقىقىتىگە بولغان قاراشنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئۇنى چۈشىنىشتىكى سەۋىيەنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە چوڭقۇر چۆكەلمەسلىك، ئۇنىڭ مەقسەتلىرىگە يېتىش ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئىنچىكىلاشتۇرۇشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى قاتارلىقلاردۇر.

مەن بۇنىڭدىن «دىنىنى مۇتلەق بىلمەسلىك» دېگەننى مەقسەت قىلمايمەن. چۈنكى بۇنىڭ ئۆزى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە تەرسالىقتا ئېلىپ بارمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە دىنغا پەرۋاسىز قاراش،



www.uygurkitap.com

ئىبادەتلەرگە بۇشاڭلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. مېنىڭ مەقسەت قىلغىنىم: دىنىي ئىلمىنىڭ ئاجىزلىقى. شۇنىڭ بىلەن چالا ئىلىم ئىگىسى ئۆزىنى ئۆلىمالار قاتارىغا كىرىپ بولغان دەپ ھېساپلايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئىلمىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىدىن ئازغىنا بىر نەرسىنى بىلىدۇ. بىلگەنلىرى بىر ـ بىرىگە قولاشمايدۇ ۋە باغلاشمايدۇ. يۈزەكى نەرسىلەرگە ناھايىتى گۆڭۈل بۆلىدۇ. چوڭقۇرغا چۆكۈپ كەتكەن نەرسىلەرگە ھېچ دىققەت قىلمايدۇ. ئۇ جۈزئى ئىشلارنى كۈللى ئىشلارغا باغلىمايدۇ. شۈبھىلەرنى مۇھكەملەرگە ( شۈبھە يوق مەسىلىلەرگە ) قايتۇرمايدۇ. گۇمانلىق ئىشلارنى كەسكىن ئىشلارغا تاپشۇرمايدۇ. ئىختىلاپنى ئايرىش ياكى دەلىللەرنى بىر ـ بىرىدىن كۈچلەندۈرۈش قائىدىسىنى بىلمەيدۇ.

ئەبۇ ئىسھاق شاتىبىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ « ئىبتىسام » ( چىڭ يېپىشىش ) دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقىقەتكە ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئۇ ئۇممەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىگە ۋە ئۆز ئارا ئۇرۇش ـ تالاشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىختىلاپ ۋە بىدئەتنىڭ بىرىنچى سەۋەبى « ئىنسانىنىڭ ئىجتىھاد دەرىجىسىگە يەتمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى دىندا ئىجتىھاد قىلىدىغان ئەھلى ئىلىملار قاتارىدا دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى » دەپ قارىغان ئىدى. ئۇ ئىنسان ئۆزىنى شۇنداق دەپ ئويلايدۇ ۋە ئۆز رەئىينى مۇجتەھىدلارنىڭ رەئىيلىرى قاتارىدا ئىختىلاپنى ئۆلىمالارنىڭ ئىختىلاپلىرى قاتارىدا قويىدۇ. بۇ كۆز قاراشلار ۋە ئىختىلاپلار دىنىنىڭ جۈزئى مەسىلىلىرىدە بولىدۇ. لېكىن سىز ئۇنىڭ دىنىنىڭ بەزى جۈزئى مەسىلىرىنى دىنىنىڭ كۈللى مەسىلىرىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن چىڭ

تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرسىز. ھەتتا ئۇ ئالدىغا دۈچ كەلگەن مەسىلىگە مەنىسىنى بىلمەستىن، مەقسىدىنى چۈشەنمەستىن، ئالدىدا زاھىر بولغان بويىچىلا جاۋاپ بېرىدۇ. مانا ئۇنىڭ ئۆزى بىدئەتچىدۇر. مۇنۇ سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ تائالا ئىلىمنى ئىنسانلاردىن تارتىپلا ئېلىۋالمايدۇ. لېكىن ئۆلىمالارنىڭ ۋاپات بولۇشى ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدۇ. ھەتتا بىرەر ئالىممۇ قالمايدۇ- دە كىشىلەر جاھىللارنى يولباشچى قىلىۋالىدۇ. ئۇلاردىن مەسىلە سورالسا بىلمەستىن پەتىۋا بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئېزىپ كەتكەن بولۇپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇۋېتىدۇ » . (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بەزى ئىلىم ئەھلى مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ئۆلىمالار ۋاپات بولۇپ كېتىپ، كىشىلەر ئۆلىمالىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاھىل كىشىلەر پەتىۋا بېرىدۇ. بۇ خۇددى « ئەمىن بولغان كىشى خىيانەت قىلمايدۇ. لېكىن ئەمىن بولمىغان كىشىگە ئامانەت قويۇلغاچقا خىيانەت قىلىدۇ » دېگەنگە ئوخشاش. بىز مۇنداق دەيمىز: « ئالىم ھەرگىز بىدئەت پەيدا قىلمايدۇ. لېكىن ئالىم بولمىغان كىشىدىن پەتىۋا سورالغاچقا بىدئەت پەيدا قىلىدۇ ».

ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس مۇنداق دېگەن: رەبىئە دېگەن كىشى بىر كۈنى قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن « ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا ، ئۇ : « ياق ، لېكىن ئۇ ئىلمى يوق كىشىدىن پەتىۋا سورىدى » دېگەن ئىدى.

ھەقىقەت شۇكى، مەغرۇرلۇق بىللە بولغان چالا ئىلىم، ئېتىراپى بىللە بولغان پۈتۈن جاھىللىقتىن زەرەرلىكرەكتۇر، چۈنكى بۇ ئاددىي

جاھىللىق، ئـۇ بولسا مۇرەككـەپ جـاھىللىق. بـۇ بىلمـەيدىغان كىشـىنىڭ جاھىللىقى، ئۇ بولسا ئۆزىنىڭ بىلمـەيدىغانلىقىنى بىلمـەيدىغان كىشـىنىڭ جـاھىللىقى. ئـۇلاردا بۇنـىـڭ بىرقانچـە كۆرۈنۈشـى بـار. بىــز بۇلارنىــڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندە زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز:

## ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى چۈشىنىشتە زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىش ئىقىمى

بىر بۆلۈك كىشلەر ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ئىچكـى مەنىسـىنى چۈشـىنىش ئۈچـۈن تىرىشماسـتىن، يەقـەت زاھىرىغـىلا ئىسـلىۋېلىپ، شـۇنىڭدا چىـىڭ تۇرۇۋالدىغـانلىقىنى كۆرۈشـىمىز ئەجەپلىنـەرلىك ئىـش ئەمـــەس. ئــۇلار ھەقىقەتتـە « زاھىرىيلار مەدرىسىسى » نى قايتىدىن قــۇرۇپ چىقمـاقچى. ئەسـلىدە ئۇممـەت ئۇنىڭدىـن بوشـۇنۇپ بولغـان ئىـدى. ئــۇ مەدرىسـە ئەھكاملارغا سەۋەب كۆرسىتىشنى رەت قىلىــدۇ. ئۇنىڭغـا ئەگىشـىپ ئــۇلار قىياسنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە « شەرىئەت ئوخشاش ئىككى نەرسـىنى ئـايرىيدۇ ۋە ئوخشىمىغان ئىككى نەرسنى بىرلەشتۈرىدۇ » دەپ قارايدۇ.

بـۇ « يېڭـى زاھىرىيـلار » سـەۋەبلەرنى بىكــار قىلىشــتا ۋە مەقســەت، مەنپەئەتلەرگـە ئېتىبـار بېرىشـنى تاشـلاپ قۇيۇشـتا قـەدىمكى مەدرىسـگە ئەگىشىدۇ. ئادەت ۋە ئىبادەتلەرنى بىرلا يولــدا سىستىمىلاشـتۇرىدۇ يـەنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن چىققان زاھىر ھۆكۈمنىڭ ئارقىســدىكى يوشـۇرۇن سەۋەبنى تەتقىق قىلماستىن تەسلىم بولۇش، بويسۇنۇش تەرىپىلا ئېلىنىــدۇ دەپ قارايدۇ. ئىلگىرىكىلـەر بىلـەن ھـازىرقىلارنىڭ ئوتتۇرىسـىدىكى پـەرق شۇكى، قەدىمكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ماڭغان يولنى ئوچۇق ئېلان قىلغـان. ئـۇ يولدىن قاتتىق مۇداپىئە قىلغان ۋە ھېچ ئېغىر كۆرمەستىن ئۇ يولنى چىـڭ

تۇتقان ئىدى. ئەمما ھازىرقىلار ئۆزلىرىنىڭ زاھىرىيلار ئىكەنلىكىگە قايىل بولمايدۇ. ئۇلار زاھىرىيلارنىڭ پەقەت سەلبىي تەرىپىنىلا تۇتىدۇ. ئۇ بولسا سەۋەب كۆرسىتىشنى، مەقسەت ۋە سىرلارغا قاراشنى مۇتلەق رەت قىلىش.

مەن ئۆزۈممۇ « ئەسلىدە ئىبادەت قىلىشتا ئۇنىڭدىكى پايدا ـ مەنپەئەت ۋە مەقسەتلەرگە قارىماستىن، ئۇنى پەقەت ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش دېگەن ئېتىقات بىلەن قىلىش لازىم » دېگەندە باشقا ئۆلىمالار بىلەن بىر قاراشتا. لېكىن ئادەتلەر ۋە مۇئامىلىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە. ( بۇ مەسىلىنى ئىمام شاتىبى ئۆزىنىڭ « مۇۋافىقات ۋە ئىتىسام » دېگەن كىتابلىرىدا زىكىر قىلىدۇ ).

مەسىلەن ، « مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىغا ياكى مەنپەئەتلىك دىنىي ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىش بىرىنچى قېتىملىق پەرز ھەجدىن مۇھىم » ، ياكى « ھەج تەمەتتۇئ ، ھەج قىرانلارنىڭ قۇربانلىق پۇلىنى سەدىقە قىلىش ئاللاھنىڭ ئىبادەتلىرىنى تەزىم قىلىدىغان قۇربانلىق قىلىشتىن ياخشى ».

يەنە شۇنىڭدەك ، « ھازىرقى باج تۆلەش زاكات بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ » دېيىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى زاكات ئىسلامنىڭ ئۈچۈنچى رۇكنى ۋە قۇرئانى كەرىم، ھەدىس شەرىپلەردىكى نامازنىڭ قېرىندىشى.

رامىزان روزىسىنى رامىزاندىن باشقا ئايغا يۆتكەشكە، جۈمە كۈنى ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزىنى باشقا بىر كۈنگە يۆتكەشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

ئىبادەتلەردىن باشقىسىدا يەنى ئادەت ۋە مۇئامىلىلەردە سەۋەبلەرگە ۋە ئەھكاملارغا تەئەللۇق مەنپەئەت، مەقسەتلەرگە قارايمىز. ئەگەر ئۇلارغا يول تاپالىساق ئىسپات ياكى مەنپىي جەھەتتە ھۆكۈمنى ئۇلارغا باغلايمىز. چۈنكى ھۆكۈم ( ئۇلار دېگەندەك ) ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن بىللە مەۋجۇتلۇق ۋە يوقلۇق ئىچىدە ئايلىنىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەت ، ھەدىسلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭ ( ئا ) ئىمام مالىك، بۇخارى، مۇسلىم ۋە سۈنەن دېگەن كىتابىنىڭ مۇئەللىپلىرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان بىلەن بىللە كاپىرلارنىڭ زېمىنىغا ياكى دۈشمەنلەرنىڭ زېمىنىغا سەپەر قىلىشتىن چەكلىدى ».

بۇ چەكلەشنىڭ سەۋەبىگە قارىغان كىشىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت كاپىرلارنىڭ قۇرئانغا ئاھانەت قىلىشىدىن ياكى قۇرئانغا يامانلىق قىلىشىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار بۈگۈنكىدىن خاتىرجەم بولسا ، ئىسلام دىيارىنىڭ غەيرىگە سەپەر قىلغاندا ئېغىر كۆرمەي قۇرئاننى ئېلىۋالسا ھېچقىسى يوق. بۇ ئىش ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ھېچكىمنىڭ ئىنكارىسىز جارى قىلدۇرۇۋاتقان ئىش، بەلكى بىزنىڭ ئەسرىمىزدە ئوخشىمىغان دىن ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە يەتكۈزۈشتە بەسلىشىۋاتقان دەۋردە مۇسۇلمانلارمۇ قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى باشقا ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىۋاتىدۇ.

( ب ) يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشنى چەكلىشى.

چەكلەشنىڭ سەۋەبىگە قارىغان كىشى ئۇنىڭ ئەگەر ئايالنىڭ چۆل ـ باياۋانلاردا ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىسىز، يالغۇز سەپەر قىلسا ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەردىن ئەنسىرىگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ھەمدە ئۇ ئايالغا يامان سۆز ـ چۆچەكلەر چاپلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېرى ياكى بىر تۇققىنى بىرگە بولۇشى لازىم.

ئەگەر بىز زامانىمىزغا قارايدىغان بولساق، بۇ زاماندا سەپەر قىلىش ۋاستىلىرى ئۆزگەردى. يۈزلىگەن كىشىنى ئىچىگە سىغدۇرۇپ دۇنيانىڭ بىر چېتىدىن ئۇ بىر چېتىگە بىر قانچە سائەت ئىچىدە يېتىپ بولىدىغان ئايروپىلانلار بار. شۇڭا ئايال كىشىنى بىر تۇققىنى بۇ يەردىكى بىر ئايرودورومدا يولغا سېلىپ قويسا يەنە بىر تۇققىنى ئۇ يەردىكى ئايرودورومدا كۈتۈۋالىدۇ ـ دە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئايال ياخشى ھەمراھ بىلەن بىللە بولسىلا بولۇۋېرىدۇ. مانا بۇ ئۆلىمالارنىڭ كۆپلىرىنى ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز ھەجگە سەپەر قىلىشىنى جائىز قىلدۇرغان مەسىلە بولۇپ، ئۇلار، « ئەگەر ئاياللار ئىشەنچلىك ئاياللارنىڭ، بەلكى ئىشەنچلىك بىر ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا ياكى ھېچ بولمىسا ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەجگە سەپەر قىلسا جائىز » دەپ قارىدى.

بۇنىڭ دەلىلى سەھىھ رىۋايەت بىلەن كەلگەن بىر ھەدىس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدا ئىززىنىڭ ئۈممىتىگە بىر زاماننىڭ كېلىدىغانلىقى، ئۇ زاماندا ئايال كىشىنىڭ ئىراقتىن يولغا چىقىپ

مەككىگىچە ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقماي كېلەلەيدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەن ئىدى.

( ج ) سەپەر ھەققىدە يەنە بىر مەسىلە — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە كەتكەن ئەر كىشىنى ئەگەر سەپەردىن ئۆزۈندا قايتقان بولسا كېچىسى كېلىپ ئىشىكىنى چېكىشتىن چەكلىگەن ئىدى. ئۇ ئۆزى سەپەردىن كېچىسى كېلىپ ئىشىكىنى چەكمەيتتى. ئەتىگىنىگە ياكى كەچكە ئۆلگۈرۈپ كېلەتتى.

بەزى رىۋايەت بۇ يەردىكى سەۋەبنى ئىككى خىل دەپ بەلگىلىدى:

1 ـ پەيغەمبىرىمىز بىراۋنىڭ ئۆز ئەھلىنى تۆھمەت قىلىدىغان ھالەتتە كۆرۈپ قېلىشىدىن ياكى ئۇلارنى چۆچۈتۈپ سېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. ئۇ كىشى شۈبھىلىك ئىشنى ئېچىش ئۈچۈن تۇيۇقسىز ئۆيىگە كېلىپ، ئۆزي ئەھلىنى چۆچۈتۈپ سېلىشى مۇمكىن. ئىسلام دىنى ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىدە بۇنداق يامان گۇمان قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئىسلامدا بۇ ئالاقىنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇكسەكتۇر.

2 ـ ئايال كىشى ئېرىنىڭ سەپەردىن كېلىشىنى بىلسە ئېرى ئۈچۈن ياسىنىپ، جىسمانىي ۋە روھىي تەرەپتىن ئېرىنى كۇتۇۋېلىشقا تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. ھەدىستە بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدىغان « تاكى ئايال كىشى زىيادە تۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ، چۇۋۇق چاچلىرىنى تارىۋالسۇن » دېگەن رىۋايەت بار. مانا بۇ يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئۆزۈن يوق بولۇش دەپ كەلتۈرگەنلىكىنىڭ سىرى.

بىز مۇنداق دەپ قارايمىز: بىزنىڭ زامانىمىزدا سەپەر قىلغان كىشى قانداق ۋاقىتتا ـ كېچىسمۇ، كۈندۈزىمۇ كېلەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ

كېلىدىغانلىقىنى تېلېفون ياكى تېلېگراممىا ياكى پوچتىا ۋە باشقا يول ئارقىلىق خەۋەر قىلىپ قويغان بولسا قانداق چاغدا كەلسە بولىۋېرىدۇ. خۇسۇسەن بىزنىڭ زامانىمىزدا سەپەر قىلغان كىشى قانداق چاغدا قايتىشىنى ئۆزى تاللىۋالالايدۇ. چۈنكى ئايروپىلان ۋە پاراخوتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك ۋاقىتلىرى بولىدۇ. ئۇ كىشى شۇ ۋاقىتقا رىئايە قىلىشى لازىم. ئىلگىرىكى تۆگە مىنگۈچىنىڭ ئەكسىچە ۋاقىتنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ.

مەن شۇنداق دەيمەنكى، زاكاتنى بۇ دائىرىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن «خالىس ئىبادەتلەر» گە بۇ قەيد بىلەن سەۋەب كۆرسىتىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ناماز، روزا، ھەج قاتارلىقلارغا ئوخشاش پەقەتلا ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلامدىكى مالىيە ـ ئىقتىساد تۈزۈمىنىڭ بىر پارچىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پىقھى كىتابلىرىدا ئاساسلىق دىنىي ئەركانلار قاتارىدا ئىبادەتلەر بىلەن بىرگە زىكىر قىلىنىدۇ ھەمدە ئىسلام شەرىئىتىدىكى تۈراقلىق كىرىم ۋە ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق تۈزۈمى ئېتىبارى بىلەن خىراج (ئۆشرە)، ماللار، سەلتەنەت ئەھكاملىرى ۋە شەرىئەت سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى كىتابلاردا زىكىر قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىقھى ئۆلىمالىرى ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا سەۋەب كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ ۋاجىپ بولۇشتىكى سەۋىبىنى «ئىمكانقەدەر ئۆسۈپ تۇرىدىغان مال» دەپ بەلگىلىگەن ھەمدە بارلىق ئەگىشىلىۋاتقان مەزھەپلەردە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا قىياس داخىل بولغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن زېمىندىن چىققان ھەرقانداق نەرسىگە، مەيلى قۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل بولسۇن، يېيىلىدىغان بولسۇن ياكى



www.uyghurkitap.com

يىيلمەيدىغان بولسۇن، تىرىلغۇ يەردىن چىققان دان، مىۋە قاتارلىقلارغا زاكات، ئۆشرە ياكى ئۇنىڭ يىرىمى ۋاجىپ بولىدىغانلىقىنى كۆچلۈك دەپ قارايمەن. چۈنكى مال، ئىگىسى ۋە ھاجەت ئىگىلىرىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى مەۋجۇتتۇر. مالدىكى سەۋەب « ئۆسۈش » تۇر. مال ئىگىسىدىكى سەۋەب مالنى پاكلاشقا بولغان ئېھتىياج. ھاجەت ئىگىلىرىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ بايلارنىڭ، زىرائەت ۋە مىۋە ئىگىلىرىنىڭ ماللىرىدىكى ھەققىدۇر.

ھىلىقى بەزى زاھىرىيلار مەن بىلەن « بۇ ئايەت ، ھەدىسلەر دالالەت قىلغاننىڭ ئەكسىچە » دەپ مۇنازىرە قىلىشتى.

مەن: قايسى ھەدىسنى دېمەكچىسىز؟ دەپ سورىدىم.

ئۇ « سەي ـ كۆكتاتقا زاكات يوق » دېگەن ھەدىس، دېدى.

مەن: بۇ زەئىپ ھەدىس، ھەدىس ئىماملىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنى سەھىھ دېمىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس بىلەن دەلىل كەلتۈرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ بىلەن قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئومۇمى خاس قىلىنمايدۇ. ئۇنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلىپ كېيىن زەئىپ دېگەن. ئاندىن يەنە مۇنداق دېگەن « بۇ باپتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ بىر ھەدىس يوق دېگەن » دېدىم.

ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەي ـ كۆكتاتتىن زاكات ئالغانلىقى نەقىل قىلىنمىدى، دېدى.

مەن: بۇنىڭغا مېنىڭ ئىككى خىل جاۋابىم بار:

ئۇنىڭ بىرى — ئىمام ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دېگەن: بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىنى نەقىل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى قۇرئانى

كەرىم ئۇنىڭدىن بىھاجەت قىلىدۇ يەنى ئۇنى يىققان ۋاقىتلاردا ھەققىنى بېرىڭلار! دېگەن ئايەتنى دېمەكچى.

ئىككىنچىسى ــ ئەگەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنى ئالمىغانلىقى توغرا بولسا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى مال ئىگىلىرىنىڭ ۋىجدانىغا ھاۋالە قىلغانلىقى دەپ چۈشىنىمىز. ئۇ زامانلاردا كۆكتاتلارنى ۋە مېۋىلەرنى ساقلاش قىيىن بولغانلىقتىن ھەمدە ئۇ نەرسىلەر تېز يۇزۇلۇپ قالغانلىقتىن ئۇلار ئۆزلىرى بىلىپ بەرسە بولىدۇ، دېدىم.

ئۇ : زاكاتنى تۆت خىل نەرسىدىلا توختاتقان يەنە بىر ھەدىس بار، ئۇلار: خورما، كىشمىش، بۇغداي ۋە ئارپا قاتارلىقلار، دېدى.

مەن : بۇ ھەدىس سەھىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن. شۇنىڭدەك، بۇنى ھەدىس ئىماملىرى شۇنداق قارار قىلغان.( زاكات پىقھى دېگەن كىتابىمىزنىڭ 1 ـ جىلد 349 ـ 358 بەتلىرىگە قاراڭ، ) . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگىشىلىۋاتقان مەزھەپلەرنىڭ بىرەرسىمۇ بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلمىدى. ئۇنداق بولسا ئۇ قانداقمۇ زېمىندىن چىققان بارلىق نەرسىلەرگە زاكاتنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە سابىت بولغان مۇنۇ ئومۇمىي ئايەت - ھەدىسلەرگە قارشى تۇرالىسۇن؟ دېدىم.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! سىلەر كەسىپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ پاكىلىرىدىن خەجلەڭلار ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەردىن خەجلەڭلار . ( بەقەرە سۈرىسى 267 ـ ئايەت ).

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى. مېۋىلىرى، دانلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما

دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى ( رەڭگى ۋە شەكلى ) بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، ( تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە ( نىڭ ھوسۇلىنى ) يىغقان كۈنىدە ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار! . ( ئەنئام سۈرىسى 141 - ئايەت ). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: دەريالار ۋە يامغۇر سۇيى بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىلەردە ئۆشرە بار. قۇدۇق كولاپ سۇغۇرۇلغان نەرسىلەردە ئۆشرىنىڭ يېرىمى بار . ( بۇنى مۇسلىم جابىردىن رىۋايەت قىلغان ) .

بۇ دەلىللەر مەھسۇلاتلاردىن بىر خىلنى خاس زىكىر قىلىپ، يەنە بىر خىلنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باراۋەر قىلىشتىكى سەۋەب ئۆشرىنى ياكى ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى ۋاجىپ قىلىشتىكى ئوچۇق ھۆججەتتۇر. ئەبۇ ھەنىپە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قاتارلىق زاتلار مۇشۇ قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ شەرئەتنىڭ ھېكمىتىگە ئۇيغۇندۇر.

مالىكىيلاردىن بولغان ئىمام ئەبى بەكر ئىبنى ئەرەبى ( ئۇنىڭغا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي! ) بۇ مەسىلىدە ئەبۇ ھەنىپە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى تەرەپتە تۇردى. ئۇ ئاللاھ چەننەتلەرنى ( يەنى باغلارنى ) بىنا قىلدى دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىشتا ئۆزىنىڭ قۇرئان ئەھكاملىرى دېگەن كىتابىدا ۋە ئاسمان سۇغارغان نەرسىدە ئۆشرە بار دېگەن ھەدىسنى تەپسىر قىلىشتا ئۆزىنىڭ تىرمىزىينىڭ شەرھى دېگەن كىتابىدا ئىمام ئەبۇ ھەنىپە تەرەپتە تۇرغان ئىدى.

ئۇ مەزھەپلەرنى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى ئورتىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەپسىر قىلىشتا مۇنداق دېگەن: ئىمام ئەبۇ ھەنىپە ئايەتتىكى ئۆزىنىڭ ئەينىكى قىلىپ، ئۇنىڭدا ھەقنى كۆردى . ( قۇرئان ئەھكاملىرى 2 - جىلد 947 - بەت ).

تىرمىزىينىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ مەسىلىدىكى مەزھەپلەرنىڭ دەلىل جەھەتتە ئەڭ كۈچلۈكرەكى ئىمام ئەبۇ ھەنىپەنىڭ مەزھىپىدۇر. ئۇ مىسكىنلەرگە بەكرەك ئېھسان قىلىدۇ. نېمەتلەرگە بەكرەك شۈكرى قىلىدۇ. ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ( تىرمىزىينىڭ شەرھى 135/3 - بەت ).

خۇلاسە:

شۈبھىسىزكى، بىز ئەھكاملارنى ئۆزىنىڭ سەۋەبلىرىگە قايتۇرمىساق قارىمۇ قارشىلىقتا چۈشۈپ قالىمىز. ئوخشاشلىرىنى ئايرىپ، ئايرىملىرىنى ئوخشاش قىلىپ سالىمىز. بۇنداق قىلىش شەرىئەت ئورتىغا قويغان ئادىللىققا ئۇيغۇن ئەمەس.

شۇنداق، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىچىگە تەييارلىقسىز ۋە دەلىل - ئىسپاتسىز كىرىپ كېلىدىغان جۈرئەتلىكلەر بار. ئۇلار دەلىلى يوق ھالدا ئەھكاملارغا ئىللەت ئىزدەپ يۈرۈيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىنىڭ ئەمرى ۋە نەپسلىرىنىڭ ھەددىدىن ئېشىشى. لېكىن بۇ بىزنى ھەقنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشتىن مەنئى قىلالمايدۇ. ئاشۇنداق كىرىپ قالغانلاردىن ۋە لاللىلاردىن ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى ھەزەر قىلدۇرغان ھالدا ھەقىقەت ئەھلىگە ئىشىكنى ئاچىمىز.

يۈزەكى مەسىلىلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاساسلىق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك

ئىلىمدا پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ۋە دىنغا بولغان قاراشنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ پارچە ـ پۇرات مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇممەتنىڭ قۇرۇلمىسىغا، شەخسىيتىگە ۋە كېلەچەكىگە تەئەللۇق بولغان ئاساسلىق مەسىلىلەرگە چولىسى تەگمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ ساقال چۈشۈرگەنلىك ياكى قىرقىغانلىق، كىيىمنى ئۇزۇن كىيگەنلىك، تەشەھھۇدتا بارماقنى ھەرىكەتلەندۈرگەنلىك، رەسىمگە چۈشكەنلىك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش جېدەلى تۈگىمەيدىغان، سۆز ـ چۆچەكلىرى كۆپ مەسىلىلەر ئۈچۈن دۇنيانى ئىگىز ـ پەس قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دىنسىزلىق ئىدىيىسى بېسىپ كېلىۋاتقان، ماركسىزمنىڭ خۇداسىزلىق تەشۋىقاتى تارقىلىپ كېتىۋاتقان ۋە يەھۇدىيلىق قەدىمنى مۇستەھكەملەۋاتقان، خىرىستىئانلاشتۇرۇش ھىيلە ـ نەيرەڭنى پىلانلاۋاتقان، پىرقىچى جامائەتلەر بۈيۈك ئۇممەتنىڭ جىسمىنى پارچىلاۋاتقان، ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ئىسلام ئەللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى شەخسىيتىنى ئۆچۈرۈشنى، ئىسلام ئۇممىتىنى ئىسلامدىن يۇلۇپ ئېلىۋېلىشنى قەستلەۋاتقان، زېمىننىڭ ھەر يېرىدە مۇسۇلمانلار بوغۇزلىنىۋاتقان ۋە ئىسلامغا چاقىرىۋاتقان دەۋەتچىلەر زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان پەيتتە ئۇلار ھېلىقىدەك ئۇششاق مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ ـ دە بۇنداق چوڭ مەسىلىلەر بىلەن كارى بولمايدۇ.

ئەچەپلىنەرلىكى شۇكى، مەن ئامېرىكا، كانادا، ياۋرۇپالارغا ئىلىم ئۆگىنىش ياكى ياشاش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ كەتكەنلەرنىڭ بۇنداق پارچە مەسىلىلەرنى ئاشۇ يەرلەرگىچە كۆتۈرۈپ بارغانلىقىنى كۆردۈم.

بىز بەزىسىنى تىلغا ئالغان، ئىجتىھادىي مەسىلىلەرگە ئوخشايدىغان مەزھەپلەر ۋە كۆزقاراشلار ئوخشاشمايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ بىر قاراشقا كېلىشى قىيىن بولغان ئاشۇ مەسىلىلەر ئەتراپىدا قوزغالغان بۇ ئېغىر جىدەلنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق پارچىلىنىشنىڭ تەسىرىنى كۆپ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى ساقلايدىغان، ئۇلارنى پەرز بولغان ئىشلارنى ئادا قىلىشقا باغلايدىغان، گۇناھى كەبىرەلەردىن يىراق قىلىدىغان ئاساسلىق مەسىلىلەرگە سەرپ قىلىش ئىدى. ئەگەر چەتئەللەردىكى مۇسۇلمانلار بۇ ئۈچ ئىشتا يەنى ئەقىدىنى ساقلاش، پەرزلەرنى ئادا قىلىش ۋە گۇناھى كەبىرەلەردىن ساقلىنىش قاتارلىقلاردا چىڭ تۇرسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۈيۈك ئارزۇ ئارمانلارنى ۋە كاتتا پايدا ـ مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولاتتى.

ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىقى ، ئەشۇ پارچە مەسىلىلەردە جىدەل قوزغايدىغان ۋە ئۇنىڭ داۋاملىشىش ئوتىنى پۈدەۋاتقان كىشىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پەرزلەرنى تاشلاپ قويىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مەسىلەن ئۇلار : ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ھالال ـ ھارامغا دىققەت قىلىش، ھەرقانداق ئىشنى جايىدا قىلىش،

ئەر ـ خوتۇنلۇقنىڭ ھەقلىرىنى ئـادا قىلىـش، بـالىلارنىڭ ھـەقلىرىنى ئـادا قىلىش، خوشنا ھەقلىرىنى ئادا قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدىن كۆز يۇمىــدۇ. لېكىــن ئـۇلار پارچـە ـ پـۇرات مەسـىلىلەر ئۈچـۈن جـىدەل قايناپ ئۇزۇپ بەلكى چۇمۇلۇپ يۈرۈيدۇ. مانا بۇ ئـۇلار ئۈچـۈن شـىرىن تۇيۇلىــدۇ. ئــۇلار جىدەلخورلۇقتــا ۋە مــاجىرا چىقىرىشــتا يېتىشــكەن ئادەملەردۇر.

مۇنۇ ھەدىس بۇ خىل جىدەلخورلۇققا ئىشارەت قىلىـدۇ: ھـەرقانداق بىر مىللەت ئـۆزى كېتىۋاتقـان ھىدايـەت يولىدىـن چەتنـەپ كېتىدىكـەن، ئۇلاردا جىدەلخورلۇق پەيدا بولىدۇ . ( بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئــەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە بۇ سەھىھ ھەدىس دېگەن ).

بۇ، ئامېرىكىدىكى بەزى قېرىنداشلار ماڭا ھىكايــە قىلىــپ بەرگــەن بىــر ھادىسىنى ئەسلەتتى. ئۇ مۇنداق ھادىسە ئىدى:

بىراۋنىــڭ ئــەھلى كىتــاب بوغۇزلىغــان قوينىــڭ گۆشــنى يېگەنلىككــە ھېلىقىلاردىن بىرى قاتتىق قارشى چىقىپ ۋاقىراپ كەتكەن. ۋاھالەنكى ئۇ گۆشنىڭ ھاراللىقىغا ئىگىرى ۋە كېيىنكى نۇرغۇن ئۆلىمالار پەتىۋا بەرگــەن. ئۇ كىشــى بۇنىڭغــا قــاتتىق قارشــى تۇرغــان بولســىمۇ، ماڭــا ئىشــەنچلىك ئادەملەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىــڭ داســتىخىنىدا ھاراق ئىچىلسە كارى بولمايدىكەن. ئۇ قانداق نەرسە؟ بۇ قــانداق نەرســە؟ يەنى ئۇ ھاراملىقىدا ئىختىلاپ بار نەرسىدە قاتتىق چىــڭ تۇرۇۋالىدىكــەن. لېكىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھارام بولغان نەرسە بىلەن كارى بولمايدىكەن.

بۇنىڭغا ئوخشاش قارىمۇ قارشىلىق يەنى چوڭ گۇناھلارغا جۈرئــەت قىلىش، كىچىك گۇناھلاردا ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قېلىش بۇرۇندىن تارتىپ

مەۋجۇت. بۇ مەسىلىنى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراق ئەھلىدىن بىرسى پاشىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورىغاندا ھەل قىلغان ئىدى. ۋاھالەنكى، ئىراق ئەھلى پاشىلارنىڭ سەرخىلى بولغان ھۆسەيىن ئىبنى ئەلى روزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ ئىبنى ئەبى نۇئەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. بىر كىشى كېلىپ، ئۇنىڭدىن پاشا ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمىنى سورىدى. باشقا بىر رىۋايەتتە ئۇ كىشى چىۋىن ئۆلتۈرۈشنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى ھەققىدە سورىدى. ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭدىن سەن قەيەردىن؟ دەپ سورىدى. ئۇ مەن ئىراق ئەھلىدىن دەپ جاۋاپ بەردى. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: مانا بۇنىڭغا قاراڭلار! ئۇ پاشا ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمىنى سوراۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھۆسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرگەن. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : ئۇ ئىككىسى مېنىڭ دۇنيادىكى راھىتىم دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم . ( ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

هارام قىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىش

بۇ خىل چالىلىقنىڭ، دىنىي ئىلىمدا تولۇق يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ۋە شەرىئەتنىڭ كەڭرى دائىرىسىنى تولۇق ئىگەللەپ بولالمىغانلىقنىڭ دەلىلى، ھەر دائىم تارايتىشتا، چىڭىتىشتا ۋە ھارام قىلىشتا چېكىدىن ئېشىپ كېتىش

ۋە هاراملارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىشتۇر. ۋاھالەنكى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىلگىرىكى ئۆلىمالار بۇنداق قىلىشتىن قاتتىق چەكلىگەن.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بىزگە كۇپايە قىلىدۇ: ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز ) بۇھالال، بۇھارام دېمەڭلار! چۈنكى ( ئۇنداق قىلساڭلار ) ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ( دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ) مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ . ( نەھل سۈرىسى 116 ـ ئايەت ).

ئىلگىرىكى ئۆلىمالار هارام دېگەن سۆزنى پەقەت هاراملىقى جەزمەن بىلىنگەن نەرسىگىلا ئىشلىتەتتى. ئەگەر هاراملىقى جەزملەشمىگەن بولسا مۇنداق دەيتتى: كەرىھ كۆرىمىز ياكى مۇنداق دەپ قارايمىز ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئىشلىتەتتى ۋە ئوچۇق هارام دېمەيتتى. ئەمما ھەدىدىن ئاشۇرۇۋېتىشقا مايىل كىشىلەر ھېچ تەپتارتماستىن ( ئەگەر ئۇلاردىن ياخشى گۇمان قىلساق تەقۋالىق ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن بولسا كېرەك ) بىر نەرسىنى هارام قىلىشقا بەك ئالدىرايدۇ. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ قانداق مەقسىتى بارلىقىنى ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

ئەگەر پىقھىدا ئىككى خىل قاراش بولۇپ، بىرى مۇباھ دېسە، يەنە بىرى مەكرۇھ دېسە ئۇلار ئىتتىكلا مەكرۇھ دېگەن قاراشنى ئالىدۇ. ئەگەر بىرى مەكرۇھ يەنە بىرى هارام دېسە دەرھال هارام تەرەپنى تۇتىدۇ.

ئۇ يەردە يەنە ئىككى خىل قاراش بولۇپ، بىرى ئاسانلىق كەلتۈرۈش يەنە بىرى چىڭىتىش بولسا ئۇلار ھەمىشە چىڭىتىش، تارايتىش تەرەپتە تۇرىدۇ. ئۇلار ھەردائىم ئىبنى ئۆمەرنىڭ چىڭىتىش تەرىپىدە تۇرىدۇ. ئىبنى

www.uyghurkitap.com

ئاپباسنىڭ ئاسانلىق تەرىپىدە بىر كۈنمۇ تۇرمايدۇ. بۇ كۈيۈنچە ئۇلارنىڭ رۇخسەت ۋە ئاسانلىق كەلتۈرىدىغان باشقا بىر تەرەپكە بولغان خاتا قارىشى سەۋەبىدىن شۇنداق بولىدۇ.

بىر كۈنى ئۇلارنىڭ بىرى ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەن كىشىنى كۆرۈپ ناھايىتى قوپاللىق بىلەن: دەرھال ئولتۇر! سەن سۈننەتكە خىلاپلىق قىلدىڭ، چەكلەنگەن ئىشنى قىلدىڭ، دېدى.

ئۇ كىشى بۇنى چۈشەنمەي قالدىمۇ قانداق؟ ئولتۇرمىدى.

بىزنىڭ ھېلىقى بۇرادىرىمىز: ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ ئىچكەن سۈيۈڭنى ياندۇرۇۋېتىشىڭ لازىم، دېدى.

مەن بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە مۇنداق دېدىم: ئىش بۇ دەرىجىدە قوپال سۆز قىلىشقا لايىق ئەمەس. ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ئىختىلاپ بار مەسىلە. ئىختىلاپ بار مەسىلىدە قەتئىي ئىنكار قىلىش جائىز بولمايدۇ. ئەگەر ئىنكار قىلىش جائىز دېيىلسە بۇ دەرىجىدە قوپاللىق قىلىش جائىز ئەمەس.

ئۇ : ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشتىن چەكلىگەن ئوچۇق ھەدىس بار. ئۇنىڭدا كىمكى ئۇنتۇپ قېلىپ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەن بولسا ياندۇرۇۋەتسۇن! دېيىلگەن. بۇ سەھىھ ھەدىس، دېدى.

مەن مۇنداق دېدىم: ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ جائىزلىقى ھەققىدىكى ھەدىس ئەڭ سەھىھ ھەدىس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام بۇخارى ئۇ ھەدىسنى ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىش دېگەن بابتا ئالاھىدە زىكىر قىلغان. ئۇ چەكلىگەنلىك ھەققىدە بىرەر ھەدىسمۇ زىكىرقىلمىدى. تىرمىزى ۋە باشقىلار بىر قانچە ساھابىدىن ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ جائىزلىقىنى

رىۋايەت قىلغان. يەنە شۇنىڭدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ھاياتىدا ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكى سابىت بولغان. ئۇ ھەججەتۇل ۋىدادا شۇنداق قىلغان. بۇنى ئىبنى ئاببىاس رىۋايەت قىلغان. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاھارەت ئېلىپ، ئاشقان سۇنى ئۆرە تۇرۇپلا ئىچكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ: بەزى كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنى مەكرۇھ دەپ قارايدۇ. شۈبھىسىزكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەن قىلغاندەك قىلغانلىقىنى كۆرگەن دەپ تاھارەتتىن ئاشقان سۇنى ئۆرە تۇرۇپلا ئىچكەن.

تىرمىزى ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مېڭىپ كېتىۋېتىپ يەيتتۇق ۋە ئۆرە تۇرۇپ ئىچەتتۇق.

يەنە كەبشە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىۋىدىم، ئۇنىڭ ئېسىقلىق تولۇمدىن سۇ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكى سابىت بولغان. مۇۋەتتا دېگەن كىتابتا: ھەزرىتى ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىلار ( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن! ) ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچەتتى. سەئد ۋە ئائىشەلەرمۇ ( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن! ) بۇنى مەكرۇھ دەپ قارىمايتتى. تابىئىنلاردىن بىر توپ كىشىلەردىن بۇ ھەقتە رۇخسەت سابىت بولغان ، دېيىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھايسىز پەتھ دېگەن كىتابتا زىكر قىلدى. ئاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىدە ئۆلىمالارنىڭ زاھىرىغا قارىمۇ قارشى تۇتقان

يوللىرىنى زىكىر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جائىز قىلىدىغان ھەدىسلەرنى كۈچلەندۈرگەنلەر بار. چۈنكى بۇ چەكلىگەنلىك ھەققىدىكى ھەدىسلەردىن كۈچلۈكرەكتۇر. خۇسۇسەن چەكلەش ھەدىسى رىۋايەت قىلىنغان كىشىدىن جائىز قىلغان ھەدىسمۇ رىۋايەت قىلىندى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە: جائىزلىق ھەدىسلىرى چەكلەش ھەدىسلىرىنى مەنسۇخ قىلىدۇ. چۈنكى جائىزلىق ھەدىسلىرى كېيىن كەلگەن. ھەمدە خەلىپىلەرنىڭ قىلغانلىرى بىلەن تەكىتلەنگەن دېگەنلەرمۇ بار.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە چەكلىگەنلىكنى مەكرۇھ تەنزىيھى (خاتالىق تەرىپى ئازراق مەكرۇھ) دەپ قارىغانلارمۇ بار. بۇلاردىن مەقسەت توغرىراقىنى، مۇۋاپىقراقىنى تېپىپ چىقىش.

شۈبھىسىزكى، بۇنداق كۆپ خىل كۆز قاراش بار ئىشنى ئىنكار قىلىش جائىز بولمايدۇ. ئۇنى قىلغان كىشىگە قوپال سۆز قىلىش تېخىمۇ جائىز ئەمەس.

يەنە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان كىيىمنى قىسقا كېيىش مەسىلىسى بار. بۇنى نۇرغۇنلىغان دىندار ياشلار قوبۇل قىلدى. كىيىمنى ھوشۇقتىن ئۇزۇن كېيىش ھارام دېگەن سەۋەبتىن ئۇلارغا ئىجتىمائىي، ئائىلىۋى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ ئۇلار بەربىر شۇنداق قىلدى. ئۇلارنىڭ دەلىلى: ئىككى ھوشۇقنىڭ تۆۋىنىدىكىسى دوزاختىدۇر دېگەن سەھىھ ھەدىستۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شىمنى ئۇزۇن كىيگەن، كىيىمنى يەرگە سۆرىتىۋالغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن ھەدىسلەر بار.

لېكىن بۇ مۇتلەق ھەدىسلەرنى باشقا ھەدىسلەرگە باغلايدۇ ۋە بۇنى پەخرى قىلىش ۋە مەنمەنچىلىك قىلىش يۈزىسىدىن قىلغان كىشىگە خاس قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەرقانداق تەكەببۇر، مەنمەنچىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

بۇ ھەقتە بىز ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەھىھ رىۋايەت ئارقىلىق كەلگەن مۇنۇ ھەدىسنى ئوقۇيمىز: كىمكى مەنمەنچىلىك قىلىپ كىيىمىنى سۆرىتىۋالسا قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭغا قارىمايدۇ يەنە بىر ھەدىستە ئۇ: مەن مۇشۇ ئىككى قۇلىقىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنۇ ھەدىسنى ئاڭلىدىم: كىمكى شىمىنى سۆرىتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەنمەنچىلىكتىن باشقىنى ئىرادە قىلمىغان بولسا، ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قارىمايدۇ . ( بۇ ئىككى ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ).

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان بىر سۆزى بار. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مەن كىيىمىنى كۆتۈرۈۋالمىسام سۆرۈلۈپ قالىدىكەن دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا سەن ئۇنى مەنمەنچىلىك قىلىپ سۆرىتىۋالىدىغانلاردىن ئەمەس دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەۋەۋى ۋە باشقىلار كىيىمنى ئۇزۇن كىيىشنى مەكرۇھ دەپ ھېسابلىغان. مەكرۇھلۇق ئاددىي ئىشلار بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

چۈشەنچىلەرنىڭ مۇجمەل بولۇپ قېلىشى

ئىسلامنى چۈشىنىشتىكى بۇ قاراڭغۇلۇق ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىگە بولغان قاراشنىڭ سۇسلۇقى ئىسلامىي چۈشەنچىنىڭ مۇجمەل بولۇپ قېلىشىغا، ياشلارنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشىغا ياكى ئۇنى باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشقا ئېلىپ باردى .

ئۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بولغان چۈشەنچىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئېنىق بەلگىلەش ۋە روشەنلەشتۈرۈش لازىم. چۈنكى باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىشتا، ئۇلارنى رۇسلاشتا ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ كەيپىيتىنى بەلگىلەشتە ئۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك نەتىجىلىرى بار. بۇ چۈشەنچىلەر ئىمان، ئىسلام چۈشەنچىلىرى ۋە كۇپرى، شىرىك، مۇناپىقلىق ۋە جاھىلىيەت چۈشەنچىلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

شۈبھىسىزكى، ئەرەب تىلىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرمىگەن ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلمىگەن بىر بۆلۈك كىشىلەر بۇ چۈشەنچىلەردىكى ھەقىقەت بىلەن ماجازنىڭ ئارىسىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ماڭغان يوللىرى تۇتۇق بولۇپ قالدى. ئۆلچەملەر بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇلار مۇتلەق ئىمان بىلەن ئىماننىڭ تەئەللۇقاتلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيالماي قالدى. دىندىن چىقىرىدىغان چوڭ كۇپرىلىق بىلەن گۇناھ كۇپرىلىقىنىڭ، بۈيۈك شىرىك بىلەن كىچىك شىرىكنىڭ، ئەقىدە مۇناپىقلىقى بىلەن ئەمەلىي مۇناپىقلىقنىڭ ئارىسىنى پەرق قىلالمىدى. ئەخلاق ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتىكى جاھىلىيەتنى ئەقىدىدىكى جاھىلىيەت بىلەن باراۋەر قىلىپ قويدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چۈشەنچىلەرگە بىر قۇر نەزەر تاشلاش لازىم . بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىنشائاللاھ يېقىندا چىقىدىغان كاپىر قىلىش مەسىلىسى دېگەن كىتابىمىزدا بايان قىلىندو. بۇ چۈشەنچىلەردىكى قاراڭغۇلۇق چوڭ خەتەرگە ئېلىپ بارماسلىقى ئۈچۈن، بۇ چۈشەنچىلەرگە بىر قۇر نەزەر تاشلاپ ئۆتىمىز: ئىمان دېگەن سۆز ئورنىغا قويۇلسا ئۇنىڭدىن كامىل ئىمان مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك ــ قەلبنىڭ تەستىق قىلىشى، تىلنىڭ ئىقرار قىلىشى ۋە ئەزالارنىڭ ئەمەل قىلىشى دېمەكتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدە زىكىر قىلىنغان ئىماندور: ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا كامىل مۆمىنلاردور . (ئەنفال سۈرىسى 2 ـ ئايەت). يەنە: مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى، ( شۇنداق مۆمىنلەركى ) نۇلارنامازلىرىدا ( ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر (مۇمىنۇن سۈرىسى 1- ئايەت) يەنە: شۇبھىسىزكى( ھەقىقى ) مۆمىنلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ، پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن ئىمانىدا شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردور. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر . (ھۇجرات سۈرىسى 15- ئايەت)

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان: كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمام كەلتۈرىدىكەن، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن، ياخشى سۆزنى سۆزلىسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن

ئىمان سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەتتا ئۆزى ئۇچچۇن ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۇچۇنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە مۆمىن بولالمايدۇ. زىنا قىلغۇچى زىنا قىلىۋاتقاندا مۆمىن تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى ھاراق ئىچكەندە مۆمىن تۇرۇپ ھاراق ئىچمەيدۇ، ئوغرى ئوغرۇلۇق قىلغاندا مۆمىن تۇرۇپ ئوغرۇلۇق قىلمايدۇ .

بۇ يەردىكى ئىماننىڭ يوق بولۇشى ئۇنىڭ كامىللىقىغا قايتىدۇ. ئىماننىڭ ئەسلىگە قايتمايدۇ. بۇ خۇددى سىزنىڭ خوتۇننى كۆڭلىمىگەن كىشى ئەركەك ئەمەس ، ئىلىمغا ئەمەل قىلمىغان ئالىم ئالىم ئەمەس دېگەن سۆزلىرىڭىزگە ئوخشايدۇ. بۇ يەردىكى يوق بولۇش ئەركەكلىكنىڭ كامىللىقىغا قايتىدۇ. ئەسلىگە قايتمايدۇ. شۇنىڭدەك ئىلىمنىڭ ئەسلىگە ئەمەس، ئۇنىڭ كامىللىقىغا قايتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنۇ ھەدىس شەرىپتە خەۋەر بەرگەن: ئىمان يەتمىش نەچچە شاختۇر، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شېخىدۇر .

بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ بەكرى بەيھەقى ئىماننىڭ شاخلىرى دېگەن ماۋزۇدا بىر كىتاب يازغان. ئۇ دەرەخنىڭ يىلتىزىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان شاختۇر ۋە ئۇ يىلتىز ئەقىدەدۇر. ئىبادەتلەر، مۇئامىلىلەر، ئەدەپ ـ ئەخلاقلاردىن ئىبارەت بولغان شاخلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىمكى بەزى شاخلارنى زايا قىلىۋېتىپ، ئەسلىنى قالدۇرسا، زايا قىلغان مىقدارىچە ئىماننىڭ كامالىتى يوق بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا كۇپرىلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. ئىماننىڭ ئەسلى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: ئىمان دېگەن ــ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە،

كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر .

ھاپىز ئىبنى ھەجەر پەتھ دېگەن كىتابىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى زىكر قىلىدۇ: ئىمان دېگەن قەلب بىلەن ئېتىقاد قىلىش، تىل بىلەن سۆزلەش ۋە شەرىئەتنىڭ رۇكنلىرىغا ئەمەل قىلىش دېمەكتۇر. ئۇلار، بۇنىڭ بىلەن ئىماننىڭ كامىل بولۇشىدا ئەمەل شەرتتۇر دېگەننى ئىرادە قىلىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىمان زىيادىلىشىدۇ ۋە كېمىيىدۇ دېگەن سۆزلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇرجىئەلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىمان دېگەن پەقەت دىل بىلەن ئېتىقاد قىلىش ۋە تىل بىلەن سۆزلەشتۇر. كەرامىيلار مۇنداق دەيدۇ: ئىمان پەقەت تىل بىلەن سۆزلەشتۇر. مۇئتەزىلىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىمان دېگەن بەدەن بىلەن ئەمەل قىلىش، تىل بىلەن سۆزلەش ۋە قەلب بىلەن ئېتىقاد قىلىش قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار بىلەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ئۇلار ئىماننىڭ توغرا بولۇشىغا ئەمەلنى شەرت قىلىدۇ. ئىلگىرىكىلەر ئەمەلنى ئىماننىڭ كامىل بولۇشىغا شەرت قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا شۇنداق. ئەمما بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىمان پەقەت تىل بىلەن ئىقرار قىلىشتۇر. كىمكى تىلى بىلەن ئىقرار قىلسا ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا ئىسلام ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇ كۇپرىغا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. لېكىن ئۇ كاپىرلىققا دالالەت قىلىدىغان ئىش قىلسا، مەسىلەن: بۇتقا سەجدە قىلىشتەك ئىشنى قىلسا، ئۇ چاغدا كۇپرىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر پاسىقلىقتەك كۇپرىغا دالالەت قىلمايدىغان ئىش قىلسا ئۇنىڭ ئىقرارىغا قاراپ ئۇنى ئىمانى بار دېگەنلەر بار ھەمدە ئىماننىڭ كامالىغا قاراپ

ئۇنىڭ ئىمانى يوق دېگەنلەرمۇ بار. كاپىر قىلدىغان ئىشنى قىلدى دەپ ئۇنى كاپىر دېگەنلەرمۇ بار. ئىمانىنىڭ ھەقىقەتتە قارىشى ئۇنى ئىمانى يوق دېگەنلەر مۇ بار.

ئىسلام ئىسمى گاھىدا پەقەت ئىككى شاھادەتنى ئېيتالا قىلغانلىققا قويۇلىدۇ. ئۇ ئىككى شاھادەت ئىسلامغا كىرىشنىڭ ئىشىكى. كاپىر كىشى ناماز، زاكات ۋە باشقا پەرزلەرنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئىككى شاھادەتنى ئېيتىش بىلەنلا ئىسلامغا كىرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىبادەتلەر پەقەت مۇسۇلماندىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە ئادا قىلمىغان بولسىمۇ بۇ پەرزلەرنىڭ پەرزلىكىگە ئىقرار قىلغان بولسا مۇسۇلمان ھېساپلىنىۋېرىدۇ. بۇ شاھادەتنىڭ ئۆزىلا ئىنسانىنىڭ جېنىنى ۋە مېلىنى ساقلايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنۇ ھەدىس رۋايەت قىلىنغان: ئەگەر ئۇلار ئۇنى تىللىرى بىلەن سۆزلىسە، ئۇلار مەندىن ئۆزلىرىنىڭ قانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلايدۇ. ئۇلاردىن پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ .

گاھىدا ئىسلام ئىسمى ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق رۇكنلارغا قويۇلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەشھۇر بىر ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: ئىسلام بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى، ئۇلار: بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېيىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلار .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام سۆزىنى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ھەدىستە مۇنداق تەپسىر قىلغان :

جىبرىئىل ئۇنىڭدىن ماڭا ئىسلامدىن خەۋەر بەرسىلە دەپ سورىغاندا ئۇ مۇنداق دىگەن: ئىسلام دىگەن ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىش، پەرز نامازلارنى ئوقۇش، پەرز زاكاتلارنى ئادا قىلىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش قاتارلىقلاردۇر .

بۇ يەردىكى جىبرىئىلنىڭ ھەدىسىدە بىز ئىمان بىلەن ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما زىكىر قىلىشتا ئىككىسى بىرگە كەلسە، بىرى يەنە بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىككىسى ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرى بىلەن بىرگە كېلىدۇ. شۇڭا ئىسلامسىز ئىمان مەۋجۇد بولمايدۇ ۋە ئىمانسىز ئىسلاممۇ مەۋجۇد بولمايدۇ. ئىمان قەلبكە تەئەللۇق بولىدۇ. ئىسلام سىرتقى ئەزالارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ. بۇ مەنا مۇنۇ ھەدىستە ئوچۇقلانغان: ئىسلام ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر، ئىمان قەلبىتىدۇر . ( بۇنى ئەھمەد ۋە بەززارلار زىكىر قىلغان ).

يەنە بۇنىڭغا ھۇجۇرات سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتمۇ دالالەت قىلىدۇ: ئەئرابىيلار ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ، ( ئۇلارغا ) ئېيتقىنكى ( تېخى ) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى .

يەنە باشقا بىر جايدا ئىسلام دىگەن سۆزدىن كامىل ئىسلام ئىرادە قىلىندى. بۇ مۇنۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغىنىدەك: ئىسلام دىگەن شۇكى، سېنىڭ قەلبىڭنىڭ ئاللاھقا تەسلىم بولۇشى يەنە مۇسۇلمان دىگەن ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن باشقا مۇسۇلمانلار سالامەت قالغان كىشىدۇر يەنە ئۆزەڭگە ياخشى كۆرگەننى باشقا كىشىلەرگىمۇ ياخشى كۆرسەڭ مۇسۇلمان بولىسەن يەنە بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەر كۆپ.

www.uyghurkitap.com

ئەمما كۇپرى شەرىئەتنىڭ تىلىدا ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىش مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ مەنا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە زىكىر قىلىنىدى: كىمكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇقاتتىق ئازغان بولىدۇ . ( نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەت). ئۇ يەنە ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئىمانىنىڭ دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتكەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ مەنا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلىندى: كىمكى ئىماندىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇ ئاخىرەتتە ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ . ( مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت). يەنە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدە تىلغا ئېلىنىدى: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىمكى مۇرتەد بولۇپ دىنىدىن چىقىپ، ئاندىن كاپىر ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنداقلارنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار دوزاخ ئىگىلىرىدۇر. ئۇلار دوزاختا ئەبەدىي قالغۇچىلاردۇر . ( بەقەرە سۈرىسى 217 ـ ئايەت ).

گاھىدا كۇپۇر سۆزى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئەمەلىي گۇناھلارنىڭ بەزىسىگە قويۇلىدۇ.

ئەللامە ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ:

كۇپۇر ئىككى خىلدۇر: چوڭ كۇپۇر، كىچىك كۇپۇر.

چوڭ كۇپۇر: دوزاختا ئەبەدىي قېلىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان كۇپۇردۇر.

كىچىك كۇپۇر: ئەبەدىي قېلىشنى ئەمەس، قورقىتىشقا ھەقلىق بولۇپ قېلىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان كۇپۇردۇر. بۇ مەنا مۇنۇ ھەدىستە تىلغا

ئىلىنغان: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئىچىدە ئىككى ئىش بولۇپ، ئۇلاردا كۇپۇرلۇق بار. بىرى نەسەپكە تەنە قىلىش. يەنە بىرى ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاش . يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: كىمكى خوتۇنىنىڭ ئارقىسىغا كەلسە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن نەرسىگە كاپىر بولغان بولىدۇ . يەنە بىر ھەدىستە: كىمكى كاھىنغا ياكى رەمبالغا كېلىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەستىق قىلسا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن نەرسىگە كاپىر بولغان بولىدۇ دېيىلىدۇ. يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرىدىغان كۇپۇرلۇققا قايتىپ كەتمەڭلار! . بۇ ئىبنى ئابباس ۋە ئومۇمى ساھابىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىكى تەئۋىلى:

كىمكى ئاللاھ چۈشۈرگەن شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلارنىڭ نەق ئۆزىدۇر . ( مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت ). ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ دىندىن چىقىرىدىغان كۇپۇر ئەمەس، بەلكى شۇنداق قىلسا ئۇنىڭدا كۇپۇرلۇق بار دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە كاپىر بولغاندەك كۇپۇر ئەمەس. تائۇس دېگەن كىشىمۇ شۇنداق دېدى. ئەتا دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ: بۇ كۇپۇردىن تۆۋەنراق كۇپۇر، زۇلۇمدىن تۆۋەنراق زۇلۇم، پاسىقلىقتىن تۆۋەنراق پاسىقلىقتۇر.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايەتنى بۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلىققا قارىتىلغان دەپ تەئۋىل قىلغانلارمۇ بار. بۇ ئىكرەمەنىڭ تەئۋىلى. بۇ ئانچە كۈچلۈك سۆز ئەمەس. چۈنكى ئىنكار قىلغانلىقنىڭ ئۆزى كۇپۇردۇر. مەيلى ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن ئوخشاش.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ ئايەت ئاللاھ چۈشۈرگەننىڭ ھەممىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى تەرك قىلغانلىقىقا قارىتىلغان دەپ تەئۋىل قىلغانلارمۇ بار. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇنىڭ ئىچىگە تەۋھىد ۋە ئىسلام بىلەن ھۆكۈم قىلغانلىقمۇ كىرىدۇ. بۇ ئابدۇلئەزىز كەنئانىينىڭ تەئۋىلى. بۇ مەنا ھەمم يىراقتۇر. چۈنكى قورقۇتۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ يوق بولغانلىقىغا بىنائەن كەلگەن. بۇ ھۆكۈمنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى بىكار قىلىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە جاھىللىقتىن، خاتالىقتىن ياكى تەئۋىل قىلىپ ئەمەس، بىلىپ تۇرۇپ ئايەتكە مۇخالىپ ھۆكۈم قىلغانلىقىقا قارىتىلغان دەپ تەئۋىل قىلغانلار بار. بۇنى بەغەۋى دېگەن كىشى ئۆلىمالاردىن نەقىل كەلتۈردى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئۇ ئەھلى كىتابقا قارىتىلغان دەپ تەئۋىل قىلغانلار بار. بۇ قەتادە، زەھھاك ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ سۆزى. بۇ ھەم يىراق مەنا، چۈنكى ئۇ لەپزىنىڭ زاھىرىنىڭ ئەكسىچە. شۇڭا ئۇنداق تەئۋىل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇپۇر دەپ تەئۋىل قىلغانلار بار.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: ( توغرىسى ئاللاھ چۈشۈرگەننىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىككى خىل كۇپۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى چوڭ كۇپۇر، يەنە بىرى كىچىك كۇپۇر. بۇ ھاكىمنىڭ ھالىغا قاراپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاللاھ چۈشۈرگەن بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى ۋاجىپ دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇنىڭدىن ئاسىيلىق قىلىپ چىقىپ كەتسە ئۆزىنىڭ ئازاپىقا

لايىق بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، مانا بۇ كىچىك كۇپۇردۇر. ئەمما بۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمى دەپ بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ۋاجىپ ئەمەس، ئۇنىڭدا ئىختىيار بار دەپ ئېتىقاد قىلسا، مانا بۇ چوڭ كۇپۇردۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن خاتا قىلسا، ئۇ خاتالاشقۇچىدۇر. ئۇنىڭغا خاتالاشقۇچىلارنىڭ ھۆكمى يۈرگۈزۈلىدۇ.

مەقسەت: گۇناھلارنىڭ ھەممىسى كىچىك كۇپۇر بولۇپ، ئۇ شۈكۈر ئەمەس. تائەت ـ ئىبادەت قىلىش شۈكۈر قىلغانلىقتۇر. ئەمما سەئيى قىلىش ياكى شۈكۈردۇر ياكى كۇپۇردۇر ياكى ئۇ مۇ بۇمۇ ئەمەستۇر. ھەممىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر ).

شىرىكمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭى بولىدۇ. ئۇ ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە بىر ئىلاھنى ياكى كۆپ ئىلاھلارنى چاقىرىش ياكى ئاللاھنى ئەمەس، باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىش. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلىندى: شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن تۆۋەنراقىنى خالىغان كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ .

ئۇ شىرىكنىڭ كىچىكى بولىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك: كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ كىشى شىرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ . ( بۇنى ئەبۇ داۋۇد ،تىرمىزى ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان). يەنە كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئۇ شىرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ . ( بۇنى ئەھمەد ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان ).

ئۇنىڭ يەنە بىر سۆزىدە: شۇبھىسىزكى، سۇپىتوچىلەش، تۇمار ئېسىش ۋە سېھىر قىلىش شىرىكتۇر . ( بۇنى ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان).

مۇناپىقلىقمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ چوڭى بولىدۇ. بۇ ئەقىدىسىدىكى مۇناپىقلىقتۇر. ئۇ ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق بىلەن ئىماننى ئاشكارا قىلىپ، ئىچىدە كۇپۇرنى ساقلىغانلىقتۇر. بۇ بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەۋۋىلىدە زىكىر قىلىنىدۇ: ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە بىز ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈردۇق دەيدىغانلار بار. ۋاھالەنكى ئۇلار ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئەمەس. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنى ئالداشقا ئورۇنىدۇ . ( بەقەرە سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر ). يەنە: ئۇلار ئەگەر ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە ئۇچراشسا بىز ئىمان كەلتۈردۇق دەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ شەيتانلىرىنىڭ يېنىغا بارغاندا بىز سىلەر بىلەن بىرگە، بىز ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ شۇنداق قويدۇق دەيدۇ . ( بەقەرە سۈرىسى 14 ـ ئايەت ).

بۇ مەسىلە مۇناپىقۇن سۈرىسىنىڭ ئەۋۋىلىدە ۋە باشقا جايلاردا كۆپ زىكىر قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا مۇنۇ سۆزىدە مۇناپىقلارنى قاتتىق قورقىتىدۇ: شۇبھىسىزكى مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە چۈشىدۇ. سەن ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلارنى تاپالمايسەن . ( نىسا سۈرىسى 145 ـ ئايەت ).

شۇنىڭدەك يەنە مۇناپىقلىقنىڭ كىچىكىمۇ بار. ئۇ قىلغان ئىشىدا مۇناپىقلىق قىلىش يەنى مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى ۋە

ئەخلاقى بىلەن سۈپەتلىنىشى. لېكىن ئۇ قەلبىدە ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ.

بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىسلەر بار: مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: ئەگەر سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ. ئەگەر ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ . ( بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: تۆت ئىش باركى، ئۇ ئىشلار قانداق بىر كىشىدە تېپىلسا، ئۇ كىشى خالىس مۇناپىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ئۇ ئىشلارنىڭ بىرى تېپىلسا، ئۇكىشى ھەتتا ئۇنى تەرك قىلمىغۇچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر بەلگىسى بولىدۇ. ئۇلار: ئەگەر سۆز قىلسا يالغان سۆز قىلىدۇ. ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ. ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئۇرۇشۇپ قالسا ئاغزىنى بۇزىدۇ . (بۇخارى، مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان).

ساھابىلەر ۋە سەلەپ سالىھلار مانا بۇ مۇناپىقلىقنىڭ ئۆزلىرىدە بولۇپ قېلىشىدىن قورقىشاتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشەتتى: بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن مۇناپىقنىڭ باشقىسى خاتىرجەم بولالمايدۇ. بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن پەقەت مۆمىنلەرلا بەك قورقىدۇ.

ھۆكۈملىرى ئېنىق بولمىغان ئايەتلەرنى قوللىنىپ، ھۆكۈملىرى ئېنىق ئايەتلەرنى تەرك ئېتىش

بۇ يەردە بىز دىنىنى چۈشىنىشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئېزىپ كېتىشنىڭ ئارقىسىدىكى كونا ـ يېڭى ئاساسلىق سەۋەبكە ئىشارەت قىلىپ

ئۆتىشىمىز لازىم. ئۇ بولسىمۇ ئايەت ، ھەدىسلەرنىڭ مۇتەشابىھلىرىغا ئەگىشىپ، مۆھكەملىرىنى تاشلاپ قويۇشتۇر. بۇ ئىش ئىسلام ـ مەرىپەتتە يېتىشكەنلەردىن سادىر بولمايدۇ، بەلكى بۇ قەلبىدە ئازغۇنلۇق بارلار كىشىلەردىن سادىر بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ . ( ئال ئىمران سۈرىسى 7 ـ ئايەت ).

مېنىڭ مۇتەشابىھ دېگىنىم ، بىرقانچە مەنىگە ئېھتىمالى بار، دالالىتى ئوچۇق ئەمەس ئايەتلەردۇر. مۆھكەم دېگىنىم ، مەنىسى ئوچۇق ، دالالىتى ئاشكارا، چۈشەنچىسى ئېنىق ئايەتلەردۇر.

بىز چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ، بىدئەتچىلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مۇتاشابىھلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ناقىسلىقىنى تولدۇرماقچى بولىدۇ ۋە ئۇلارغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ، مۆھكەملەردىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ۋاھالەنكى مۆھكەملەردە ئايرىغۇچى سۆز ۋە ئادىل ھۆكۈم بار.

بۈگۈنكى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرگە قاراڭ، سىز ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى بەلگىلەشتە مۇتاشابىھلارغا يۈلۈنۈۋالغانلىقىنى كۆرىسىز. بۇنىڭدىن ناھايىتى خەتەرلىك نەتىجىلەر كېلىپ چىقىتى. بولۇپمۇ، شەخسلەرگە، جامائەتلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشتا ھەمدە دوستلۇق، دۈشمەنلىك، ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرۈش ۋە ئۇلارنى دوست بولۇشقا لايىق مۆمىنلار قاتارىدا قويۇش ياكى دۈشمەن تۇتۇش لازىم بولغان كاپىرلار قاتارىدا قويۇش جەھەتلەردە ئۇلار بىلەن

بولغان ئالاقىنىڭ كېيىنكى ئايرىشتا ناھايىتى خەتەرلىك نەتىجىلەر كېلىپ چىقتى.

چۈشەنچىدىكى مانا بۇنداق يۈزەكىلىك، ھۆكۈم قىلىشتا ئالدىراپ كېتىش ۋە ئويلاپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرمەستىن ھۆكۈملەرنى ئايەتلەردىن يۇلۇپلا ئېلىش قاتارلىقلار ( بۇلار ئېنىق مۆھكەملەرنى تاشلاپ، ئېھتىمالى بار مۇتەشابىھلارغا ئەگىشىش نەتىجىسىدە بولغان. ) خاۋارىجلارنى ئىلگىرى ئۆزلىرىدىن باشقا مۇسۇلمانلارنى كاپىر دېيىش ۋە ئىسلامنىڭ بۈيۈك ئوغلانى بولغان ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇرۇش قىلىشتەك ئەڭ چوڭ خاتالىققا ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئۇنىڭ ئارمىيەسىدىكى ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار ئاجايىپ چۈشەنچىلەرگە، بەلكى ئاللاھنىڭ دىنى ھەققىدە خىيالى ئىشلارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق قىلغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن قۇرەيش تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمنى قوبۇل قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئىچىدە قوبۇل قىلىشنى ۋاجىپ دەپ قارايدىغانلار بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەخمەقلەر ئۇنىڭغا دىندىن چىقىپ كەتكەنلىك بىلەن تۆھمەت چاپلىدى. ۋاھالەنكى ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئاللاھنىڭ دىنىغا جانپىدالىق بىلەن ياردەم قىلىپ كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ دىنىدىكى ئەركەكلەرنىڭ بايراقدارى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تونۇلغان ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ھەققى يوق دېگەن سۆزلىرىنى دېيىشتى. ئۇلار بۇنىڭدا قۇرئاندىكى ھۆكۈم قىلىش پەقەت

ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر دېگەن ئايەتنىڭ زاھىرىغا قارايلا شۇنداق دېيىشكەن ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بىر تارىخىي جاۋاپ بولغان: بۇ ھەق سۆز بولۇپ، ئۇنىڭدىن باتىل ئىرادە قىلىنغان.

بۇنداق بولۇشى يەنى تەدبىر قىلىش، شەرىئەت بەلگىلەشنىڭ پەقەت ئاللاھقا خاس بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا تالىشىپ قالغان جۇزئىي مەسىلىلەردە قىلغان ھۆكۈملىرىنى بىكار قىلىۋېتىش دېگەنلىك بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھۆكمى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە بولسا قوبۇل قىلىنىدۇ.

بۇ ئۈممەتنىڭ ئالىمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشىپ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈمرانلىقنىڭ سورەتلىرى ئارقىلىق ھۆججەت كەلتۈرگەن ئىدى.

قۇرئاندىكى ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ تۈگۈنىنى يېشىش ئۈچۈن قىلىنغان مۇنۇ ھۆكۈم شۇنىڭدىن بىرى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانى كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانى كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئاللاھ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ . ( نىسا سۈرىسى 35 ـ ئايەت ).

يەنە شۇنىڭدىن بىرى، ئېھرام باغلىغۇچى كىشىنىڭ قەستەن بىرەر جانلىقنى ئۆلتۈرگەندە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بەلگىلەش. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىن بولغان كىشىلەر، سىلەر ئېھرام باغلىغان ھالىتىڭلاردا

ئوۋنى ئۆلتۈرمەڭلار، سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرسە، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر. ياكى كەپپارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر . ( مائىدە سۈرىسى 95 ـ ئايەت ).

ئاللاھ چۈشۈرگەن ئايەتلەرنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن ھەدىسلەرنى ياخشى چۈشەنمىگەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ، ئويلاپ، ئەقىل يۈرگۈزۈپ، ئىلگىرى بىلەن ئاخىرنى باغلاشتۇرۇپ، مۇسىبەت بىلەن مەنپىينى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ھەممىسىگە ئىشەنگەن ھالدا ئام بىلەن خاسنى، مۇتلەق بىلەن مۇقەييەدنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مۆھكەمى بولسۇن، مۇتاشابىھى بولسۇن ھەممىسىگە ياخشى گۇماندا بولمىغان كىشىنىڭ كارۋىنى ناھايىتى تېزلا يولدىن ئېزىپ قالىدۇ. ئالدى توسۇلۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ غايىسى بىكار كېتىدۇ. ماڭىدىغان يولنى كۆرمەستىن بىر تۇرۇپ شەرققە، بىر تۇرۇپ غەربكە كېتىپ قالىدۇ. قاپقاراڭغۇ كېچىدە تىمىسقىلاپ، تەمتىرەپ يۈرۈيدۇ.

ھازىرقى كاپىر قىلىشقا چاقىرغۇچىلار مانا شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئىلگىرىكى خاۋارىجلارمۇ شۇ ئەھۋالدا ئىدى .

بۇنداق چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى خۇددى ئىمام شاتىبى دېگەندەك: شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشەنمەسلىك ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنى ئىسپاتلىماستىن گۇمان بىلەنلا سۆزلەش ياكى ئۇنىڭغا بىرقاراپلا ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئىلمدا يېتىشكەن كىشىدە بولمايدۇ. قاراڭ، خاۋارىجلار دىندىن قانداق چىقىپ كەتكەن؟

ئۇلارخۇددى ئوق ئوقيادىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇنداق سۈپەتلىگەن ئىدى: ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ. ۋاھالەنكى قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، يەنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئۇلار قۇرئاننى قەلبلىرىگە كىرگۈچىلىك دەرىجىدە قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەيدۇ. چۈنكى چۈشىنىش قەلبتە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قەلبكە يەتمىسە چۈشەنچە ھاسىل بولمايدۇ. ئوقۇش پەقەت سۆزلەش ۋە ھەرپ چىقىرىش ئورنىدىلا بولىدۇ. بۇنىڭدا بىلىدىغان، بىلمەيدىغانلار شېرىك بولىدۇ. ئۆتكەن بۇ مەسىلىمۇ ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئىلىمنى تارتىپلا ئېلىپ كەتمەيدۇ..... دېگەن ھەدىسىدىن چىقىدۇ.

ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىنمۇ بۇنى تەفسىر قىلىشتا بىر ئېيتقان مەنىنىڭ ئۆزى رىۋايەت قىلىنغان. ئەبۇ ئۇبەيد قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى دېگەن كىتابىدا ۋە سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئۆزىنىڭ ئىبراھىم تەيمىيدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دېيىشكە باشلىدى، بۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى بىر تۇرسا قانداقمۇ ئىختىلاپ قىلىشىدۇ؟ ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى بىر، قىبلىسى بىر ( سەئىد كىتابى بىر دېگەننى قوشۇپ قويىدۇ ) تۇرۇپ، ئۇلار قانداقمۇ ئىختىلاپ قىلىشىدۇ؟ دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! قۇرئان بىزگە چۈشۈرۈلۈۋىدى بىز ئۇنى ئوقىدۇق ۋە نېمىشقا چۈشكەنلىكىنى بىلدۇق. بىزنىڭ ئارقىمىزدىن بىر قەۋم كېلىدۇكى، ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ. لېكىن

نېمىشقا چۈشكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ھەر بىر قەۋم ئۇچۇن ئۇ قۇرئان ھەققىدە بىر قاراش بولىدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن ئۇلار ئىختىلاپلىشىدۇ .

سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ھەر بىر قەۋمنىڭ قۇرئان ھەققىدە بىر قارىشى بولىدۇ، ئۇنداق بولىدىكەن ئىختىلاپلىشىدۇ، ئىختىلاپلاشسا بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى سىلكىدى ۋە ماڭا ئاچچىقلىدى. ئىبنى ئابباس قايتىپ كەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ دېگەن سۆزلەرنى ئويلاپ كۆردى. ئاندىن ئۇنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا يەنە ئادەم ئەۋەتىپ: دېگەن گېپىڭنى ماڭا قايتىدىن دېگىن دېدى. ئىبنى ئابباس قايتا دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەندى ۋە تەئەججۇپلەندى.

ئەللامە شاتىبى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن سۆز ھەقتۇر. چۈنكى ھەرقانداق كىشى ئايەتنىڭ ياكى سۈرىنىڭ نېمە ھەققىدە چۈشكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭ مەنىسىنى، تەئۋىلىنى ۋە ئۇنىڭدىن كۆزلەنگەن مەقسەتنى بىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر نېمە ھەققىدە چۈشكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇ بىر قانچە مەنىگە ئېھتىمال كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئىنسان باشقىسى بارمىغان بىر مەزھەپكە بارىدۇ. ئۇلاردا ئۇلارنى توغرىغا باشلايدىغان، مۇتەشابىھاتلارنىڭ چېگرىسىغا بارغۇزماستىن توختىتىدىغان يېتەرلىك ئىلىم يوق. شۇڭا كۆزلىگەن بويىچە ئىلىشقا ياكى كاجلىق بىلەن تەئۋىل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ شەرىئەتتىن ھېچبىر دەلىلى يوق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېزىپ كېتىدۇ ۋە باشقىلارنى ھەم ئازدۇرۇۋېتىدۇ.

بۇنى ئېخىمۇ روشەنلەشتۇرىدىغان ئىبنى ۋەھبىدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ سۆز بار: ئۇ ناپىئدىن مۇنداق دەپ سورىغان ئىبنى ئۆمەر ھەرۇرىيە ( بۇلار ھەرۇرۇللاھ دېگەن جايغا مەنسۇپ خاۋارىجلار بولۇپ، ھەزرىتى ئەلى ئۇلار بىلەن ئۇ جايدا ئۇرۇشقان ) ھەققىدە قانداق قارايتتى؟ ناپىئ: ئۇلارنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ يامانلىرى، ئۇلار كاپىرلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەرنى ئېلىۋېلىپ موسولمانلارغا چاپلايدىغانلار دەپ جاۋاپ بەرگەن. سەئد ئىبنى جۇبەير بۇنىڭدىن خوش بولۇپ، مۇنداق دېدى: ھەرۇرىيە ئەگەشكەن مۇتەشابىھ ئايەت مانا بو ئايەتتۇر:

كىمكى ئاللاھ چۈشۈرگەن بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇ كاپىرلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر . ( مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت ). ئۇلار بۇنىڭغا يەنە مۇنۇ ئايەتنى قاتىدۇ: ئاندىن ئۇلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ . ( ئەنئام سۈرىسى 1 ـ ئايەت ). ئۇلار ئىمامنىڭ ناھەق ھۆكۈم قىلغانلىقىنى كۆرسە كاپىر بولدى. كىمكى ئادالەتسىزلىك قىلسا شەكسىز ئۇ پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرۈپ، كاپىر بولغان بولىدۇ. بۇ ئۈممەت مۇشرىكتۇر. دەيدۇ. شۇڭا ئۇلار سىزگە قارشى ئۇرۇشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئايەتنى تەئۋىل قىلىدۇ. مانا بۇ ئىبنى ئاببا ئاگاھلاندۇرغان مەسىلىدۇر. بۇ ئىش قۇرئاننىڭ ئەسلى مەنىسىنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ناپىئ مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئۆمەر ئەگەر ھەرۇرىيلەر ھەققىدە سورالسا مۇنداق دەيتتى: ئۇلار مۇسۇلمانلارنى كاپىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قانلىرىنى، ماللىرىنى ھالال سانايدۇ. ئاياللارنى ئىددىتى ئىچىدە نىكاھلاپ ئالىدۇ. ئېرى يار ئاياللار ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلسە نىكاھلاپ ئېلىۋېرىدۇ. مەن ئۇرۇش

قىلىشقا ئۇلاردىن ھەقلىقراق بىرەر قەۋمنى بىلمەيمەن. ( ئىبتىسام دېگەن كىتابتىن 2 ـ جىلد 182 ـ 184بەتلەر).

ئىلىمنى ژورنالىستلاردىن، قۇرئاننى كىتاپخانىلاردىن ئۆگەنمەڭ

ئۇلاردىكى تونۇشنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى قاراشتا بولغانلارغا قۇلاق سالمايدۇ. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىششنى ياقتۇرمايدۇ. ئۆز قاراشلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆلچىنىپ، رەت قىلىنىش، قوبۇل قىلىنىش جەھەتتە سىناقتا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھېچ ئويلىمايدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئىلىمنى ئۆز ئەھلىدىن ۋە مۇتەخەسسىس ئۆلىمالاردىن ئالمايدۇ، بەلكى ئۇنى كىتابلاردىن، گېزىتلاردىن مۇناقىشە قىلىشقا، قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشقا پۇرسەت تاپالماستىنلا ئۇدۇل ئالىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى، مەلۇماتلىرىنى سىناپ باقمايدۇ ۋە ئۇنى تەھلىل ، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئورنىغا قويمايدۇ. ئۇ بىر نەرسىنى ئوقۇغان بولىدۇ ـ دە ئۇنىڭدىن دەرھال ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇ بىلمەستىن ياخشى ئوقۇيالمىغان ياكى خاتا چۈشىنىپ قالغان ياكى خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ سالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ بىلمەيدىغان كۈچلۈكرەك قارشى پىكىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۇ پىكىرنىڭ ئۈستىدە توختىتىپ تۇرىدىغان كىشى تاپالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ ئىخلاسمەن ياشلار شەرىئەت ئىلمىدا ۋە پىقھىدا ئىشەنچىلىك ئۆلىمالارغا بېرىش لازىملىقىدىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق چوڭقۇر بۇلاققا يالغۇزلا، يولباشچىسىز ھالدا، قولىنى تۇتۇپ

تۇرىدىغان كىشىسىز، ئۇلارغا تۇتۇق يەرلەرنى، ئاتالغۇلارنى تەپسىر قىلىپ بېرىدىغان، پەرئىلەرنى ئەسلىگە قايتۇرىدىغان، ئوخشاشلارنى ئۆز ئوخشاشلىرىغا قايتۇرىدىغان كىشىسىز شۇڭغۇشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىدىن غاپىل.

ئەمما بۇ دېڭىزدا ئۈزمەن دېگەن كىشى ئەگەر سۇ ئۈزۈشتە ماھىر بولمىسا، ئۇنى دولقۇنلارنىڭ يالماپ كېتىشىدىن، شامالنىڭ ئۇ ئۆيلىمىغان تەرەپكە ئېلىپ كېتىشىدىن كىشى ئەنسىرەپ قالىدۇ. كۆپۈنچە ئۇنى سۇ يۇتۇۋېتىشى، يەتمەكچى بولغان قىرغاقتا يېتەلمەسلىكى ۋە ئۇنى قۇتقۇزىدىغانغا ئادەم تېپىلماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ياردەمچىسىز، يولباشچىسىز يولغا چىققان. شۇنىڭغا ئوخشاش شەرىئەتنى ئۇستازسىز ئوقۇشمۇ ئەينەن شۇنداق. خەتەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. يوچۇقلاردىن، ئاپەتلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. خۇسۇسەن يولنىڭ ئاچىلىغا، خەتەرلىك جايلىرىغا كەلگەندە، دەلىللەر ۋە ئىبارىلار قارىمۇ قارشى بولۇپ قالغاندا شۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

مانا بۇ ئىلگىرىكى ئۆلىمالارنىڭ مۇئەللىملەردىن ئىلىم ئېلىشتىن توسقانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاننى قارىلاردىن ئۆگەنمە، ئىلىمنى ژورنالىستتىن ئۆگەنمە. قارى دېمەك — مەنىسىنى بىلمەستىن قۇرئاننىڭ لەپزىنى يادقا بىلىدىغان كىشى. ژورنالىست دېمەك — ھېچبىر ئەھلى ئىلىمدىن ئىلىم ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىدا يېتىشمەستىن پەقەت كىتابتىن ئوقۇپلا ئۆگەنگەن كىشى، دېمەكتۇر.

ياشلار نېمە ئۈچۈن ئۆلىمالاردىن يۈز ئۆرىدى؟

بۇ يەردە مۇنداق دېيىشتى ئىنساپ قىلغانلىق دەپ قارايمىز: شۇبھىسىزكى، بەزى ياشلار ئىلىم ئەھلىدىن بولغان كۆپلىگەن ئۆلىمالارغا قارىتا ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن پەقەت كىتابلارغىلا ئېسىلىۋالىدىغان بولۇۋالدى. خۇسۇسەن ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدىكى ھاكىمىيەتكە يېقىنلىشىۋالغانلارغا ياشلار ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. ئۇلار ياشلارنىڭ قارشىچە جىنايەتچى ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ھاكىملارنىڭ ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ. ئۇلار زالىمنى زالىم دېمەستىن جىم تۇرۇش بىلەنلا كۇپايە قىلماستىن ، بەلكى ئۇنىڭغا سەن نېمە دېگەن ئادىل دېدى. ئۇلار ھەقنى سۆزلىمىگەندەك، باتىلنىمۇ سۆزلىمىسە ياخشى بولاتتى. ئۇ ياشلارنىڭ تىرىكلەرگە ئەمەس، ئۆلۈكلەرگە بەكرەك ئىشەنگەنلىكىدىن يامانلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىلىمنى ئۆلگەنلەرنىڭ كىتابلىرىدىن ھېچبىر ۋاستىسىزلا ئالىدىغان بولۇۋالدى.

مەن ئۇلارنىڭ بىرىگە: ئىلىمنى ئۆز ئەھلىدىن ئېلىشىڭلار ۋە بىلمەيدىغان مەسىلىلەردە ئۆلىمالاردىن سورىشىڭلار لازىم ، دېدىم.

ئۇ: بىز دىنىي ۋە ئىلىمگە ئىشەنگىلى بولىدىغان ئۆلىمالارنى نەدىن تاپىمىز؟ بىز پەقەت ھاكىملارنىڭ پەلىكىدە چۆگىلەيدىغان، ئۇلار بىر نەرسىنىڭ ھالاللىقىنى ئىرادە قىلسا ھالال دەپ بېرىدىغان، ئەگەر ھاراملىقىنى ئىرادە قىلسا ھارام دەپ بېرىدىغان، ھاكىم سوتسىيالىزمچى بولسا سوتسىيالىزمنى مۇبارەكلەپ، ئۇنى ئىسلامغا مەنسۇپ قىلىۋالىدىغان، ئەگەر ھاكىم كاپىتالىزمچى بولسا ئىسلام ئىسمى بىلەن كاپىتالىزمنى قوللايدىغان ئۆلىمالاردىن باشقىنى تاپالمىدۇق، دېدى.

ئۇلار شۇنداق ئۆلىمالاركى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھاكىمى ئۇرۇشنى خالىسا، ئۇلار تېنچلىق ھارام دەيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ سىياسىتى ئۆزگىرىپ، تېنچلىقنى خالىسا دەرھال تېنچلىق نى قوللاپ پەتىۋالارنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئۇنى بىر يىلى ھالال قىلىدۇ، يەنە بىر يىلى ھارام قىلىدۇ .

ئۇلار شۇنداق ئۆلىمالاركى، چىركاۋ بىلەن مەسجىدنى باراۋەر، ئوخشاش كۆرىدۇ. بۇتپەرەس ھىندىستان بىلەن مۇسۇلمان پاكىستاننى تەڭ كۆرىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا: بىز بىرسىنىڭ گۇناھىنى ھەممىگە ئارتىپ قويساق ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھى بىلەن جازالىساق بولمايدۇ. ئۆلىمالار ئىچىدە باتىلنى رەت قىلغان، زۇلۇمغا قارشى تۇرغان، زالىمغا باش ئەگمىگەن، چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن ئالداشقا، ئېغىر جازالاش بىلەن تەھدىت سالغانغا پەرۋا قىلمىغانلار، ئازاپ ـ ئوقۇبەتنى كۆتەرگەنلەر، بالاغا سەۋر قىلغانلار، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ تۇرمىگە كىرىشكە رازى بولغانلار بار، بەلكى دىنىدا مۇرەسسە قىلىشنى ياكى ئەقىدىسىدە بوشاڭلىق قىلىشنى خالىماي ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇشنى ئىختىيار قىلغانلار بار، دېدىم .

ئۇ: مەن بۇنى ئىنكار قىلمايمەن. لېكىن سېتىلغانلارنىڭ ئۆزى ناھايىتى كاتتا ۋە يېتىشكەن ئۆلىمالار، قولىدا پەتىۋا ۋە ئىرشادنىڭ يۈگىنى بولغان، يولباشچى ئۆلىمالار ئەمەسمۇ؟ دېدى.

شۈبھىسىزكى، بۇ ياشلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەق. ئورغۇنلىغان كاتتا ئۆلىمالار ھاكىمنىڭ قولىدىكى ئىلېكتىر سايمانلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر ئۇلار سۆزلىتىشنى خالىسا خالىغانچە سۆزلىتىدۇ.

شۇك تۇرغۇزۇشنى خالىسا شۇك تۇرغۇزىدۇ. سۆزلەش ۋاجىپ، يوشۇرۇش ھارام بولغان بولسىمۇ ئۇلار شۇك تۇرىدۇ. ھەقنى سۆزلىمەي شۇك تۇرغان كىشى خۇددى باتىلنى سۆزلىگەن كىشىگە ئوخشاش. ھەر ئىككىلىسى شەيتان .

مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ بىرى تىلشۇنىزور سۆھبەتكە چاقىرىلدى. ئۇ سۆھبەتنىڭ ماۋزۇسى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تۇغۇت چەكلەشكە بولغان قارىشى نى مۇزاكىرە قىلىش ئىدى. ئۇ ئالىم كىشى سۆھبەتنى باشقۇرغۇچىدىن: مۇنازىرە تۇغۇت چەكلەشنى قوللاشنى مەقسەت قىلامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىمۇ؟ مەن شۇنىڭغا قارىتا ھازىرلىناي دەپ سورىدى. بۇ سوئال باشقۇرغۇچىغا ناھايىتى دەھشەتلىك تۇيۇلدى.

ئىلگىرىكى ئۆلىمالارغا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي! ئۇلارنىڭ بىرى بىر ھاكىمغا مۇنداق دېگەن ئىدى: پۇتىنى سۇنغان كىشىگە قول سۇنۇلمايدۇ.

كاشكى، ئۇلارنىڭ ئىلمى ۋە پىقھى ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمان ۋە تەقۋالىقى زىيادە بولغان بولسا.

دىندا ئالىم بولۇشقا ھېرىسمەن ئاشۇ ياشلار سۆزمەنلىك ۋە يېزىقچىلىق ئاسمىنىدا چاقنىغان نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالارغا بېرىپ كۆردى. لېكىن ئۇلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلمىدا يېتەرلىك بىر نەرسىسى بارلىقىنى كۆرمىدى. ئۇلاردا بار ئىلىمنىڭ كېسەلگە شىپا بولالمايدىغانلىقىنى ۋە ھېچ مەنپەئەتى يوقلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۆلىمالارنىڭ بەزىسى گېزىتلارغا ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرا ئارىسىدا جازانە يوق دەپ يازدى. ئۇ ئۆز خىيالىچە، ئەۋۋەلقىلەر كەلتۈرۈپ باقمىغان مەسىلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

ئۇ ئۆزى گۇمان قىلغان مەسىلىدە ئۇنى دادا بىلەن بالا ئارىسىدا جازانە يوق دېگەنگە قىياس قىلدى. لېكىن بۇنىڭدا ئىختىلاپ بار. بۇ ئايەت ياكى ھەدىس بىلەن سابىت بولغان ئەمەس. ئۇنداق ئىكەن قانداقمۇ ئۇنىڭغا قىياس قىلغىلى بولىدۇ؟ ئەگەر قىياس قىلىش دۇرۇس بولغاندىمۇ پەرقلىق قىياس بولۇپ قالىدۇ.

ياشلار ئەنە شۇنداق ئىلىمدىن، تەقۋالىقتىن مەھرۇم قالغان ئۆلىمالاردىن ئۈمىتسىزلىنىپ قېلىشتا ئۆزرىلىك.

ياشلار ئۇلارنىڭ مەۋزۇئ ( يالغاندىن توقۇلغان ) ھەدىسلەرنى ھۆججەت قىلىۋېلىپ، ھەممە ئىتتىپاق كەلگەن سەھىھ ( توغرا ) ھەدىسلەرنى رەت قىلغانلىقىنى كۆردى. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئېلىنغان سۆزلەرنى شاھىد قىلغانلىقىنى، ئۇيقۇدا كۆرگەنلىرىنى دەلىل قىلغانلىقىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا قىسسە ۋە ھېكايىلەردىن باشقا نەرسە يوق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى راۋاجلىنىۋاتقان بىدئەتلەرنى قوللايدىغانلارنى، سابىت بولغان سۈننەتلەرنى رەت قىلىدىغانلارنى، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى ۋە بەزى شەخسلەرنىڭ نەپسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دىنىنى بۇرمىلايدىغانلارنى، ئىلىمدا مۇستەھكەم ئىرادىگە تايانمايدىغانلارنى كۆردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن قول ئۈزدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ھەتتا ياشلارنىڭ ئالدىدا ياخشى نامى بار بەزى ئۆلىمالارمۇ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئۇستىلىق بىلەن قۇرۇپ قويغان تورزاقا چۈشۈپ، ھاكىمىيەتنى قوللايدىغانلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى. ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە

قىلدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىماستىنلا ياكى ئۇلارنىڭ تۇرغان مەيدانىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىنلا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى.

بۇ يەردە مەشھۇر ئۆلىمالاردىن بىرسىنىڭ مىسىردىكى ئىسلامىي جامائەت ياشلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ھەرىكەت چەكلىنىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ تۇتۇلۇپ مەھكىمىگە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن بولۇۋاتقان ئىشلارنى تەھلىل قىلىپ ئېيتقان سۆزىنى مىسال كەلتۈرسەك يېتەرلىك:

ئۇ مۇنداق دېدى: ئەگەر بۇ ياشلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ياردەمچىلىرى بولىدىغان بولسا، ئاللاھ ئۇلار مەقسەت قىلغان ئىشلاردىن رازى بولىدىغان بولسا، ئۇلارنى ھېچقاچان بۇنداق خار قىلمايتتى ۋە ھېچقانداق كۈچلۈك ساقچىلار، ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قالالمايتتى. لېكىن ئۇلار ئۇنداق بولمىغاچقا ئۇلارنى ئىنسانلار مەغلۇپ قىلغۇچە ئاللاھ مەغلۇپ قىلدى.

ئۇ كىشى بۇ سۆزنى ھەق يولدىكى كىشىلەر بىلەن باتىل يولدىكى كىشىلەرنى ئايرىشتا ئۆلچەم قىلىنىدىغان بىر قائىدىنى بەلگىلەش ئۈچۈن دېدى. ئۇنىڭچە، كىمكى خارلىقتا قالسا، مەغلۇپ بولسا، بۇ ئۇنىڭ خاتا يولدا ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلارمىش. كىمكى غەلىبە قىلسا، نۇسرەت تاپسا، بۇ ئۇنىڭ ھەق يولدا ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلارمىش.

بۇ سۆز شەرىئەتتىمۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى نۇسرەت تېپىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە شەرتلىرى بولۇپ، بۇلار گاھىدا ھەق ئىگىسىدە تولۇق بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇسرەت تاپالماي قالىدۇ. گاھىدا باتىل يولدىكى كىشىگە قىسقا بولسۇن، ئۇزۇن بولسۇن بىر مەزگىل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن شارائىت تۇغۇلۇپ قالىدۇ.

بىز بۇ ئەسىردە باتىلغا چاقىرىدىغانلارنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى ۋە ھەقىقەتكە چاقىرىدىغانلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆپ كۆردۇق. چۈنكى خەلقئارا كۈچلەر باتىل يولدىكىلەر بىلەن بىر تەرەپتە بولۇپ، ھەق يولدىكىلەرگە قارشى ئىدى. بىزنىڭ سۆزىمىزگە ئالدىمىزدىكى ئىسرائىلىيە دۆلىتى ئېنىق مىسالدۇر.

ئارىمىزدا مۇسۇلمان تۈرك خەلقىنىڭ ئۆلىمالىرى بىلەن بىرگە ئاتا تۈرك ۋە ئۇنىڭ گورۇھى ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلمەيدىغان كىم بار؟ خىلاپەت دىيارىدىن ئىسلام قانداق قوغلانغان ئىدى؟ دىنسىزلىق تۈرك خەلقىگە تۆمۈر توقماقلار ئارقىلىق قانداق پەرز قىلىنغان ئىدى؟ ئىككى تەرەپنىڭ قايسى ھەق يولدا ۋە قايسى باتىل يولدا ئىدى؟

يېقىنقى دەۋرلەردە بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئۆلىمالار قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلدى. چۈنكى ئۇلار ئائىلەۋى تۇرمۇش ئەھۋالىغا تەئەللۇق بولغان، شەرىئەتكە خىلاپ قانۇنغا قارشى چىققانىدى. ھاكىمىيەت ئۇ قانۇننى مۇسۇلمان خەلققە مەجبۇرى تېڭىشقا ئورۇنغان ئىدى. ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئۆزگەرتىش بار ئىدى. ئۇ ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالال قىلىپ، ھالال قىلغاننى ھارام قىلاتتى. ئاللاھ پەرز قىلغاننى بىكار قىلاتتى. ئۆلىمالار بۇلارغا ياق دېگەن ئىدى. باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جازاسى ئۆلۈم بولدى. ھاكىمىيەت بۇ قىلمىشىنى بۇندىن كېيىن بىر كىم باش كۆتەرمىسۇن، قارشى چىققۇچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىسۇن دەپ شۇنداق قىلغان ئىدى.

بۇنىڭدا زالىم ھاكىمىيەت غەلىبە قىلدى. ئۆلىمالارنىڭ ئاۋازى جىم بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ ئاۋازىمۇ بېسىقتى. بۇنىڭدا ھاكىمىيەت ھەقلىق بولۇپ، ئۆلىمالار ھەقسىزمىدى؟

يەنە بىر ئىسلام دۆلىتىدە ئاز سانلىق كاپىرلار كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلدۇ. ھەتتا بۇ ھاكىمىيەت ھەرقانداق سۆزلىگۈچى سۆزلىمەس بولسۇن، ھەرقانداق تەرسا قەتئى باش ئەگسۇن ۋە ھەرقانداق كىشى ياق دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن نېمە ئۈچۈن نى دېمەسلىكى ئۈچۈن مىڭلىغان مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللارنى تۇرمىگە تاشلىغان ئىدى. تۇرمە تولۇپ كېتىپ تارچىلىق قىلسا، تۇرمىدىكىلەرنى ئوقتا تۇتۇپ ئازايتقان، مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا باش ئەگمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈش، خارلاش ئۈچۈن تارىختىكى مەشھۇر زالىملاردىن چىڭگىزخان، ھۇلاكۇمۇ قوللانمىغان ئۇسسۇلنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئار ـ نومۇسلىرىغا تەككەن.

يا ئاللاھ ! قانچىلىك مەسۇم قانلار تۆكۈلدى؟ قانچىلىك نومۇسلار دەپسەندە قىلىندى؟ قانچىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر ئاياق ئاستى قىلىندى؟ قانچىلىغان تارىخىي مەسجىدلەر ئۆرۈپ تاشلاندى؟ قانچىلىك قىممەتلىك ماللار بولاپ كېتىلدى؟ قانچىلىغان ئاۋات ئۆيلەر خاراپ قىلىندى؟ قانچىلىغان شەھەرلەر ئۈستى ـ ئۈستىگە دۈمكۆمتۈرۈلدى؟ ئۇنىڭ خارابىسى ئاستىدا قالغانلار ئۆلدى. قاچقانلار سەرسان بولدى. يۈزمىڭلىغان ئەر ـ ئاياللار، ئۆسمۈر باللار ۋەيران بولدى. ھېچقانداق ئامالسىز، چارىسىز قالدى. ئون مىڭلىغان سەبىي باللار ئۆزلىرىنىڭ كىمنىڭ

باللىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كىم؟ ئۇلار قايسى ئائىلىدىن؟ بۇنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

ئازراق ئىسلام ۋە ئىمان نۇرى بولغان قەلبلەر بۇنىڭغا ئېچىنىپ ئېرىپ كەتتى .

مۇسۇلمان خەلق زالىم كاپىرلارنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولىدى. ئۇلاردىن كىم ھەق يولدا، كىم باتىل يولدا ئىدى؟

تارىختىي ئەسىرلەر جەريانىدا بۇنداق ئىشلاردىن بىر نەچچىسى يۈزبەردى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىسى، شەھىدلەرنىڭ بوۋىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەزىدنىڭ ۋالىيسى ئىبنى زىيادنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىدا مەغلۇپ بولىدى. ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى بىر ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈردى. ئەھلى بەيت ( پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسى ) ئۇچۇن خىلاپەتتىن نەسىۋە بولمىدى. ھەتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ باللىرى قۇرغان ئاbbاسىيلار دۆلىتى تىكلەنگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا ھېچبىر نەسىۋە تەگمىدى.

بىز بۇنى يەزىدنىڭ ھەقلىقلىقىگە ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلامدۇق؟

ئۇنىڭدىن بىر قانچە يىل كېيىن باتۇر قوماندان، تۆت ئابدۇللاھنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۇمەۋىيلەرنىڭ زالىم قوماندانى ھەججاجنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. بۇ ۋەقە ھىجاز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر قانچە يىل مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن يۈزبەرگەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن جەسۇر قومانداندان ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەشئەس ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەئىد ئىبنى جۇبەير، شەئبىي ، مۇترىپ ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىق ئۆلىمالار مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنى زالىم ھەججاج مەغلۇپ قىلدى. ئۇلاردىن سەئىد ئىبنى جۇبەيرگە ئوخشاش زاتلارنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ھەققىدە ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن ئىدى: سەئىد ئۆلتۈرۈلدى. زېمىن يۈزىدىكى ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۇنىڭ ئىلمىغا مۇھتاج بولاتتى.

ئۇلارنىڭ ھەججاج ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشى ئۇلارنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىگە، ھەججاجنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە دەلىل بولامدۇ؟

بىز بۇ يەردە يېڭىلىپ قالغان بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتىمىز. ئۇلار مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئەگەر بىزنى بۆرىلەر يەپكەتسىمۇ، قۇشلار تالاپ كەتسىمۇ سىلەرنىڭ شەكسىز باتىل يولدا ۋە بىزنىڭ شەكسىز ھەق يولدا ئىكەنلىكىمىزدىن شۈبھىلەنمەيمىز.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير مەككىدە ئۆزىنىڭ ئازغىنا ياردەمچىلىرى بىلەن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغاندا مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەق ئىگىسىگە يەر يۈزىدىكىلەر قارشى چىقسىمۇ خار بولۇپ قالمايدۇ. يەنە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقسىزلەرنىڭ پېشانىسى ئايغا تاقاشسىمۇ ئەزىز بولۇپ قالمايدۇ.

قۇرئانى كەرىم ئۆلتۈرۈلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلغا خىتاپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەرزامان سىلەرگە پەيغەمبەر كېلىپ، سىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

نەپسىڭلار ئىزدىمەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلسە تەكەببۇرلۇق قىلدىڭلار، بىر بۆلىكىنى يالغانچى قىلدىڭلار، يەنە بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلار . ( بەقەرە سۈرىسى 87 ـ ئايەت ). ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى زەكەرىياۋە ئۇنىڭ ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالاملار مانا شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرەلىگەنلىكى ئۇلارنىڭ دەۋىتىنىڭ ھەق ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلىمۇ؟

قۇرئاندا يەنە ئەسھابىل ئۇخدۇد ( ئازگال ئىگىلىرى ) نىڭ قىسسىلىرىنى ئوقۇيمىز. ئۇلار ئازگاللارنى كولاپ ئوت يېقىپ، مۆمىن جامائەتلەرنى ئۇنىڭغا تاشلاپ ئۆزلىرى ئازگال ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ، ئوتنىڭ سادىق مۆمىنلەرنى يالماپ كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىدىن لەززەت ئېلىشقان ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار پەقەت ئەزىز، ماختاشقا لايىق ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالدى . ( بۇرۇج سۈرىسى 8 ـ ئايەت ).

ئۇ زالىملار ئاجىز مۆمىنلەرنى ئوتقا تاشلىيالىغانلىقلىرى ۋە ئۇلاردىن بىرنى قويماي ھەممىسىنى يوقىتالىغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەق ئۈستىدە بولغانمىدى؟

بۇ دۇنيادىكى ئاقىۋىتى يوقۇلۇش بولغان ئاشۇ مۆمىنلەر باتىلنىڭ ئۈستىدە بولغانمىدى؟

ھەقىقەت شۇكى، ئۇ ئالىمنىڭ دىگىنى ھېچقاچان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. مەن بىلمەيمەن، ئۇ كىشى قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىنلارنى ئىمتىھان قىلىپ، زالىملارغا مۆھلەت بېرىدىغانلىقىنى بىلمەي قالدى؟ ئاللاھ تائالا تەۋۋەلىقلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار

ئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىندۇق. ئاللاھ ( ئىمانىدا ) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ ( ئىمانىدا ) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ . ( ئەنكەبۇت سۈرىسى 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر ). مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولغان ئوھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاللاھ مۇنداق دېدى: ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا ( يەنى بۇ جەڭدە يارىلانغان ۋە شەھىد بولغان بولساڭلار ) دۈشمەنلەرگىمۇ ( بەدىر جېڭىدا ) ئوخشاشلا شىكەستىلىك يەتتى. بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، بۇ ئاللاھنىڭ ( ھەقىقى ) مۆمىنلەرنى ( مۇناپىقلاردىن ) ئايرىشى ئۈچۈندۇر. سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىش ئۈچۈندۇر ........ . ( ئال ئىمران سۈرىسى 140 ـ 141 ـ ئايەتلەر ). يەنە باشقىلار ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلارنى تۈيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۇرىمىز، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر . ( قەلەم سۈرىسى44 ـ ئايەت ).

**تارىخقا، كائىنات ۋە ھاياتنىڭ ھېكمەتلىرىگە بولغان تونۇشنىڭ ئاجىزلىقى**

دىنغا بولغان تونۇشنىڭ ئاجىزلىقىغا يەنە تارىخقا، ۋەقەلەرگە، ھاياتقا ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ھېكمەتلىرىگە بولغان تونۇشنىڭ ئاجىزلىقى قېتىلىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغان نەرسىنى ئىرادە قىلىدىغانلىقىنى، تېپىلمايدىغان نەرسىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى، ۋاقتى كەلمىگەن ئىشنى خىيال قىلىدىغانلىقىنى،

ۋەقەلەرنى ئۆز ھەقىقىتىدىن باشقىچە چۈشۈنۈۋالىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن ۋەھىمىلەر بويىچە تەپسىر قىلىدىغانلىقىنى كۆرىسىز. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىدىكى ھېكمەتلىرىدىن ۋە ئۆز شەرىئىتىدە بەلگىلىگەن ئەھكاملىرىدىن ھېچ ئاساسى يوق . ئۇ جەمئىيەتنى ۋە ئۇجەمئىيەتنىڭ پىكىرلىرىنى، ھېسسىياتلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئەخلاقىنى ۋە سىستېمىلىرىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى ناتوغرا ۋاستىلەر، خىيالى ئۇسلۇبلار بىلەن شجائەت ، جۈرئەت ، پىداكارلىق ئارقىلىق ، قانچىلىك قۇربان بېرىشتىن قەتئىي نەزەر، قانچىلىك ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن كارى بولماستىن، ئۇنىڭ قانداق نەتىجە بېرىشىگە قارىماستىن بىراقلا ئۆزگەرتىشنى ئۆيلايدۇ. ئۇ ئەگەر نىيەت ئاللاھ تەرەپكىلا بولسا، غايە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىشلا بولسا بولۇۋېرىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق ۋە بەزىلەر ساراڭلىق دەپ ئاتايدىغان ئىشلارنى قىلىشنى ھېچ غەلىتە ھېس قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى قۇربان بولۇپ كەتسە مەيلى، بۇنىڭغا ھېچ دىققەت قىلمايدۇ.

ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئون يىل جەريانىدا قانداق دەۋەت قىلغانلىقىنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىنى كۆرەتتى. شىرىك ئۇلارنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىنى چىرماپ بولغان ئىدى. ئاللاھنىڭ بەيتى بولغان كەبىنى 360 نەپەر بۇت قورشاپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئالدىدا ناماز

ئوقۇيتتى ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلاتتى. ئۇ بۇتلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇ بۇتلارنى چېقىپ، ئۇنىڭدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن پىدائىيلارچە ھۇجۇم قىلىشنى ئۆيلاپ باقمىغان ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلسا ئۆزىنى ۋە ساھابىلىرىنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىپ قوياتتى. چۈنكى كۈچ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ بۇنىڭلىق بىلەن بۇتقا ئىبادەت قىلىش تۈگەپ قالمايتتى. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئۇنى چاققان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۇنىڭ ئۆرنىغا يېڭىدىن بۇت ياسىۋالاتتى، ياكى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ قوياتتى. چۈنكى بۇت يەرگە ئورناشتىن ئىلگىرى بۇتپەرەسلىك ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلبى بۇنداق بۇتپەرەسلىكتىن ئازات بولماي تۇرۇپ، ئۇ بۇتلارنى چېقىۋەتكەنلىكنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ تەۋھىد ئارقىلىق ئەقلىنى ئازات قىلىشقا، تەقۋالىق ئارقىلىق دىللارنى پاكلاشقا دەۋەت قىلىش ۋە مۆمىنلار سېپىنى مۇسۇلمانلارنى يوقىتىشقا ئورۇنغان ۋە ئۇلارغا يامانلىق ئويلاۋاتقان كاپىر كۈچلەر بىلەن بولىدىغان ھەل قىلغۇچ كۆرەشكە تەييارلاش، كۈچلۈك بۇتپەرەسلىك بىلەن يۈزمۇ يۈز ئېلىشىش ۋاقتى كەلگۈچە، ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىنى سەۋرچانلىقتا ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولدى. شۈبھىسىزكى، يۈزمۇ يۈز ئېلىشىش ۋاقتى ھامان بىر كۈنى يېتىپ كېلەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ساھابىلاردىن بەزىلىرى ئۇرۇلغان، باش كۆزى يېرىلغان ۋە يارىلانغان ھالدا كېلىپ، ئۇنىڭدىن قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت

www.uyghurkitap.com

قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا رۇخسەت بەرمەيتتى. تاكى ئاللاھ رۇخسەت بەرگۈچە سەۋر قىلىشقا ۋە ئۇلاردىن قوللىرىنى يىغىشقا بۇيرۇيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەممار ئىبنى ياسىر ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئازاپ قىلىنىۋاتقان يېرىدىن ئۆتۈپ ئى ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار، سىلەرگە جەننەت ۋەدە قىلىنغان دېيىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمىغان ئىدى. ھەتتا ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە ئۆزلىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ۋە دەۋەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەرگۈچە، ئىش شۇنداق داۋاملاشتى. ئاخىرى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رۇخسەت بېرىپ مۇنداق دېدى: زۇلۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن ( قارشىلىق كۆرسىتىشكە ) رۇخسەت قىلىندى. ئاللاھ ئۇلارغا نۇسرەت بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر، ( ئۇلار ) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. ( ھەج سۈرىسى 39 ـ ئايەت ).

شۇنىڭ بىلەن زالىم بۇتپەرەستلىك بىلەن قوراللىق كۈرەش قىلىش، قىلىچقا قىلىچ بىلەن، كۈچكە كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇش ۋاقتى كەلدى.

بۇ قاچان ۋۇجۇتقا كەلدى؟ بۇ ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە زېمىن ھازىرلىنىپ، ھاكىمىيەت تىكلەنگەندىن كېيىن ۋۇجۇتقا كەلدى. ھەربىي يۈرۈشلەر ۋە غازاتلار باشلاندى. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى مەككىگە كىرىشكە تەييارلىغاندىن كېيىن، ئۇ مەككىگە پەتىھ قىلغۇچى بولۇپ كىردى. ئىلگىرى ئۇ مەككىدىن زۇلۇمغا ئۇچراپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ

مەككىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى بۇتلارنى نەيزىسى بىلەن ئۇرۇپ تۈرۈپ، مۇنۇ ئايەتنى ئوقىدى: ( ئى مۇھەممەت ) ھەق كەلدى، باتىل يوقالدى دېگىن. شۈبھىسىزكى، باتىل يوقالغۇچى ئىدى . ( ئىسرا سۈرىسى 81 ـ ئايەت ).

مەن ئاڭلىغان ئەڭ ئەجەپلىنەرلىك بىر ئىش ، ئۆزلىرىنى كاپىر قىلىش ۋە ھىجرەت جامائىتى دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ تارىخقا قارىتا تۇتقان مەيدانىسى سەلبىيدۇر. ( بۇنىڭغا ئۇلاردىن بولغان بىرسى گۇۋاھلىق بەرگەن. ئۇستاز ئابدۇرراھمان ئەبۇلخەير ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى بىلەن بولغان ئەسلىمىلىرىدە بۇنى ئۆزى بىلەن ئۇ جامائەتنىڭ قۇرغۇچىسى شەيخ شۇكرى بىلەن بولغان ئىختىلاپىنىڭ بىر سەۋەبى قاتارىدا ئەسلەپ ئۆتىدۇ ). ئۇ مۇنداق دەيدۇ: تۆتىنچى يول بولسا، ئىسلام تارىخىنى ئېتىبارغا ئالماسلىق ئىدى. شەيخ شۇكرى ئۇنى سابىت بولمىغان ۋەقەلەر دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە تارىخ دېگەن قۇرئانى كەرىمدىكى قىسسەلەر ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تارىخىنى دەرس قىلىپ ئوقۇشنى ياكى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ھارام دەپ قارايتتى. ( 35 ـ بەت ).

ئى بۇرادەر! ( ئاللاھ سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ) مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنى ئوقۇشنى دىنىي جەھەتتە ھارام قىلدىغان، ناھايىتى تار دائىرىدىكى يۈزەكى قاراشقا قاراڭ! ۋاھالەنكى، تارىخ دېگەن ئىبرەتلەر خەزىنىسى، ئۇممەتلەرنىڭ مۇئەللىمى. خۇددى بىر شەخس تۇنۇگۇن يۈزبەرگەن ھادىسىدىن ئىبرەت ئالغانغا ئوخشاش، ئۇممەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ

كېلەچەكنى ئۇچۇن ئۈممىتىمىزنىڭ ئىبرەت ئالدۇ. ئۈممىتىمىزنىڭ توغرا - خاتاسىدىن، غەلبىلىرىدىن ۋە مەغلۇبىيەتلىرىدىن ساۋاق ئالدۇ.

تارىخ دېمەك، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قالالىغان ئاڭلىق ئۈممەتنىڭ ئەسلىملىرى دېمەكتۇر. ئۆزىنىڭ تارىخىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئۈممەت خۇددى ئېسىنى يوقىتىپ قويغان، ئۆتمۈشىنى ئۇنۇتقان، ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىپ كېلەچەكنى تىكلەشنى بىلمەيدىغان شەخسكە ئوخشايدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ شەخس يىلتىزى كېسىلىپ كەتكەن دەرەختۇر. ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىشقا ۋە داۋالاپ ساقايتىشقا مۇھتاج شەخستۇر. بىر جامائەت بۇ نادىر، كېسەلمەن ۋەزىيەتنى قانداقمۇ ئۆزىگە ۋە ھاياتىغا ئاساس قىلىشقا رازى بولسۇن؟

تارىخ دېمەك ، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئومۇمىي ھېكمەتلىرى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى خۇسۇسىي ھېكمەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان ئەينەك دېمەكتۇر. قۇرئانى كەرىم ئىنسانلار پايدىلانسۇن، ئۇلارغا ئەمەلىي دەرس بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ھېكمەتلەرگە دىققەتنى جەلپ قىلىش ۋە ئەقلىنى بۇراشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ كۆرۈڭ:

سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى. يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، ( ھەقنى ) يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار . ( ئال ئىمران سۈرىسى 137 - ئايەت ). ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى ( پەيغەمبەر ) كەلسە ھەرقانداق ئۈممەتكە قارىغاندا ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقلىرى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن چاغدا ھىدايەتتىن تېخىمۇ

يىراق بولۇشتى. ( بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە ھىلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلىكىدۇر. ھىلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە قوللىنىلغان ( ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت بولغان ) يولنىلا كۈتىدۇ. ئاللاھنىڭ ( مەخلۇقاتلار) ئۈستىدە قوللانغان سۈننىتىدە ھەرگىزمۇ ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن. ئاللاھنىڭ يولىدا ھەرگىزمۇ يۆتكىلىشنى كۆرمەيسەن . ( فاتىر سۈرىسى 42 ـ 43 ـ ئايەتلەر ).

شۇنىڭدەك، بۇ ھېكمەتلەر ئومۇمىيلىق بىلەن ئاللاھدە ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە، ئۇلارنىڭ دىنلىرىدىن، مىللەتلىرىدىن قەتئىي نەزەر ھەممىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەت خاتالىشىپ، ئېزىپ كېتىدىكەن خاتالىقلىرىنىڭ، ئازغانلىقىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ساھابىلار ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيىتىدە يۈزبەرسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئوھۇد ئۇرۇشىدا ساھابىلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ بەدىلىنى تۆلىگەن ئىدى. مانا بۇنى ئاللاھ تائالا قۇرئانى كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلدى: سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا، سىلەر يەنە بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟ دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن بولدى . (ئال ئىمران سۈرىسى 165 ـ ئايەت ) يەنە بىر ئايەتتە ئۇلاردىكى مەسىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ

www.uygurkitap.com

ئەمرى توغرىسىدا جاكجاللاشتىڭلار، ( پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە ) بويسۇنمىدىڭلار . ( ئال ئىمران سۈرىسى 152 ـ ئايەت ).

توغرا تارىخ ، تۆغرىلىقى سابىت بولمىغان ۋەقەلەر دېگەن سۆز بەزى ۋەقەلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما ئومۇمىي ۋە ئاساسىي ۋەقەلەر جەزمەن سابىتتۇر. ئۇرغۇن دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغاندۇر. شۇبھىلىك بەزى ۋەقەلەرنى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى ۋە توغرا ـ خاتانى ئايرىشى، توغرىسى بىلەن ئويدۇرمىلىرىنى ياكى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىرىنى ئايرىۋېلىشى قىيىن ئەمەس.

بىز تارىخ دېگىنىمىزدە پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنىلا كۆزدە تۇتمايمىز، بەلكى قەيەردە بولسۇن پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىنى كۆزدە تۇتىمىز. قايسى يۇرتتا بولسۇن پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى كۆزدە تۇتىمىز. قايسى ئەسىردە بولسۇن، قايسى مىللەتنىڭ بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن ھەممىنى كۆزدە تۇتىمىز. چۈنكى ئىبرەت پەقەت مۆمىنلار تارىخىدىنلا ئېلىنمايدۇ، بەلكى مۆمىنلاردىنمۇ كاپىرلاردىنمۇ ئوخشاشلا ئېلىنىدۇ. ياخشىدىنمۇ ياماندىنمۇ ئېلىنىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى پىرقىغە ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىرى جارى بولۇۋېرىدۇ. بۇ ھېكمەتلەر بىرەر كىشى تەرەپتىلا تۇرمايدۇ. ئۇ خۇددى تەبىئەت قانۇنلىرىغا، ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق قانۇنلىرىغا، قايناش، ئارىلىشىپ كېتىش، بېسىم، پارتلاش قانۇنلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇ كائىناتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىدۇر. ئاللاھنى بىر دېگەنلەر بىلەنمۇ، بۇتپەرەستلەر بىلەنمۇ ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىپ كېتىۋېرىدۇ.

بەلكى بىز قۇرئاننى يېتەرلىك چۈشىنەلمەيمىز. ئەگەر جاھىلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك، ئىسلامنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تامامەن تونۇيالمايمىز. قۇرئان ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئىشارەت قىلغان ئىدى: ئۇلار بۇندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن ئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى . ( ئال ئىمران سۈرىسى 164 ـ ئايەت ). يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئازگالدىكى ئوت قايىنىمىنىڭ لېۋىدىلا ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇۋالدى . ( ئال ئىمران سۈرىسى 103 ـ ئايەت ).

مانا بۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ سۆزنىڭ سىرى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئىسلامدا جاھىلىيەتنى بىلمەيدىغانلار پەيدا بولغاندا، ئىسلامنىڭ تۈگۈنى ئاستا ـ ئاستا يېشىلىشكە باشلايدۇ.

ئەگەر ھەقىقەتنى ئىبتىراپ قىلىش پەزىلەت بولىدىغان بولسا، مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئىسلام دەۋىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ تولىسى تارىخ ئوقۇمىغان. گەرچە ئۇلار تارىخ ئوقۇشنى بەزى ھەدىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھارام قىلغاندەك ئۆزىگە ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە ھارام قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلار تارىخنى ئوقۇپ كۆرمىگەن. دېمەكچى بولغىنىم ، ئۇلار ئۆتكۈر كۆز بىلەن، ھازىر ئاڭ بىلەن ئوقۇمىغان. ۋەقەلەرنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۇلاپ، ھەممىسىنى ئوقۇش مۇھىم ئەمەس، بەلكى مۇھىمى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىش، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىرىگە يېتىش.

شۇنىڭدەك زېمىندا يۈرگەن كىشىگە ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە كۆزى بىلەن قاراش ۋە قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاش مۇھىم ئەمەس، بەلكى

مۇھىم بولغىنى قەلب كۆزى بىلەن كۆرۈش ۋە قەلب قۇلىقى بىلەن ئاڭلاش. خۇددى بۇنىڭ ئۆزىنى ئاللاھ قۇرئاندا بايان قىلغان ئىدى: ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۈشىنىدىغان دىللارغا، ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەر كور بولمايدۇ. لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ . ( ھەج سۈرىسى 46 - ئايەت ).

شۇبھىسىزكى، تارىخنىڭ ۋەقەلىرى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. خىلى زور دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ھېكمەتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن غەربلىكلەردىن بىرى تارىخ ئۆزىنى قايتۇرىدۇ دېگەن ئىدى. ئەرەبلەر بۇ مەنىدىن مۇنداق دەپ تەبىر بېرىدۇ: كېچە كۈندۈزگە نېمە دېگەن ئوخشاش....! .

قۇرئانى كەرىم سۆز ۋە ھەرىكەتلەردىن سادىر بولغان پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئىش - ھەرىكەت ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىلمەيدىغان جاھىل كىشىلەر كاشكى ئاللاھ بىزگە گەپ قىلغان بولسا، ياكى ئۇنىڭغا ئالامەت كەلتۈرگەن بولسا دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ دىللىرى ئوخشىشىپ كەتتى . ( بەقەرە سۈرىسى 118 - ئايەت ).

ئاللاھ تائالا قۇرەيش مۇشرىكلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلاردىن ئىلگىرى كەلگەن كىشىلەرگە پەيغەمبەر كەلسىلا، ئۇ سېھرگەر، ساراڭ دېيىشتى. ئۇلار شۇنداق دېيىشكە ۋەسىيەت

قىلغانمۇ؟ بەلكى ئۇلار ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر . ( زارىيات سۈرىسى 52 ـ53 ـ ئايەتلەر ).

شۇبھىسىزكى، ئىلگىرىكىلەر بىلەن كېيىنكىلەر ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى ۋە ئۇلارنى سېھىرگەرلىك، ساراڭلىق بىلەن تۆھمەت چاپلاشنىڭ بىردەك بولۇشى، ئۇلار بىلەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ۋەسىيەتنىڭ نەتىجىسىدە بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەددىدىن ئاشقان زالىملاردۇر. ئۇلار ھەددىدىن ئېشىشتىن ئىبارەت بولغان ئاساسلىق سەۋەبتە ئوخشىشىپ كېتىۋىدى، نەتىجىدە ھەم ئوخشىشىپ قالدى.

كىمكى تارىخنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلسە ۋە ئۇنىڭدا قەلب بولسا ياكى ھازىر بولۇپ قۇلاق سالسا، باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىدىن ئىبرەت ئالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىلگىرىكىلەردىن ئىبرەت ئېلىش بار. باشقىلاردىن ئىبرەت ئالغان، ياخشىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر. ھېكمەت دېگەن مۆمىننىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسى، ئۇنى قەيەردىن تېپىۋالسا ئۇنى ئېلىشقا ئۇ ئۆزى ھەقلىق.

ئاللاھنىڭ يوللىرىدىن ئىككى مۇھىم يول

قىزىقچىلار ۋە ئالدىراڭغۇلار بىلمەي قالغان ئىككى مۇھىم يول بار، ئۇلار:

1 ـ بىر ئىشنى تەدرىجىي ھالدا ئېلىپ بېرىش يولى،

2 ـ بىر ئىشنى ۋاقتى پىشىپ يېتىلگەندە باشلاش يولى.

بىر ئىشنى تەدرىجى هالدا ئېلىپ بېرىش يولى

تەدرىجى ئېلىپ بېرىش يولى كائىناتنىڭ يولى. شۇنداقلا، شەرىئەتنىڭ يولى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئاسمان - زېمىننى ئالتە كۈن ئىچىدە ياراتتى. ۋاھالەنكى، ئۇ بول دەپلا پەيدا قىلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ كۈنلىرىدىن بولغان ئالتە كۈن ئىچىدە ياراتتى يەنى ئالتە جەرياندا ياكى ئاللاھ بىلىدىغان ئالتە زاماندا ياراتتى. ئۇ كۈنلەر بىزنىڭ بۇ كۈنلىرىمىزدەك ئەمەس. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالا ئاسمان - زېمىننى يارىتىش ۋە كېچە - كۈندۈزنى بەلگىلەشتىن ئىلگىرى بولغان ئىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسان، هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يارىتىلىشىمۇ بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ھەتتا شۇ ئارقىلىق كامالىغا يېتىدۇ.

بۇ كائىنات تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۇنداق. ئەمما شەرىئەت تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئىسلام دىنى ئەڭ ئەۋۋەل تەۋھىد ( ئاللاھنى بىر بىلىش ) كە ۋە ساغلام ئەقىدىگە چاقىرىش بىلەن باشلاندى. ئاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا شەرىئەت ئەھكاملىرى بەلگىلەندى. تەدرىجىي هالدا بەزى ئىبادەتلەر پەرز قىلىندى. بەزى نەرسىلەر هارام قىلىندى. مانا بۇ ناماز، روزا ۋە زاكاتلار پەرز قىلىنىپ، هاراق ۋە باشقا نەرسىلەر هارام قىلىنغاندا شۇنداق بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىدە چۈشكەن قۇرئان ئايەتلىرى مەدىنىدە چۈشكەن ئايەتلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا شەرىئەتنىڭ تەدرىجىي هالدا بەلگىلىنىشى ۋە قۇرئاننىڭ چۈشۈشىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندىكى ئەڭ ئىلگىرى چۈشكەن سۈرىلەر، ئۇنىڭدا جەننەت ۋە

دوزاخنىڭ زىكرى بار سۈرىلەردۇر. كىشىلەر ئىسلامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ، هالال ۋە هارام ھەققىدىكى ئايەتلەر چۈشتى. ئەگەر دەسلەپتىلا هاراق ئىچمەڭلار، زىنا قىلماڭلار دەپ چۈشكەن بولسا، ئۇلار هاراقنى ۋە زىنانى ھەرگىزمۇ تاشلىمايمىز دەيتتى . ( ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ) .

مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامي هاياتنى يېڭىلاشقا ۋە زېمىندا ئىسلام دۆلتىنى قۇرۇشقا چاقىرىدىغانلار ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشى ۋە قارشى كۈچلەرنىڭ كۆپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىشنى تەدرىجىي هالدا ئېلىپ بېرىش يولىغا رىئايە قىلىشى لازىم.

بۇ يەردە مېنىڭ خىيالىمغا خۇلەپائى راشىدىنلارنىڭ بەشىنچىسى، ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ هاياتىدا يۈزبەرگەن بىر ئىش كېلىپ قالدى: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز هاياتىنى ئىلگىرىكى تۆت خەلىپىنىڭ يولىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىرادە قىلدى ۋە بۇ ئىشنى خەلىپىلىكنى قولغا ئېلىپ، هوقۇق تىزگىنىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن قىلماقچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ غەيرەتلىك ياش ئوغلى ئابدۇلمەلىك ( ئۇ ناهايىتى تەقۋادار ئىدى ) دادىسىنىڭ زالىملارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى يوقىتىشقا ۋە ئىلگىرىكى خەلىپىلەردەك ئىش ئېلىپ بېرىشقا ئالدىرىمايۋاتقانلىقىدىن نارازى ئىدى. ئوغلى بىر كۈنى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئى دادا ! سىلىگە نېمە بولدى؟ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمايۋاتىدىلا ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

ئۇلار مېتى ۋە سىلىنى ھەق يولدا قازانغا سېلىپ قايناتسىمۇ مەن پىسەنت قىلمىغان بولاتتىم .

مۆمىن، ئالىم دادىسىنىڭ جاۋابى مۇنداق بولدى: ئى ئوغلۇم! ئالدىراپ كەتمە. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ھاراقنى ئىككى قېتىم سۆكتى ۋە ئۈچىنچى قېتىم ھارام قىلدى. مەن كىشىلەرنى ھەقىقەتكە بىراقلا مەجبۇرلىسام، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىراقلا تاشلىۋېتىشىدىن ۋە پىتنە تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن . ( مۇۋاپىقات دېگەن كىتابتىن 2 / 94 - بەت ).

ھەر ئىشنىڭ پىششىپ يېتىلىدىغان ۋاقتى بار

ئىككىنچى يول ــ بۇرۇنقى يولنى تولۇقلىغۇچى يولدۇر. بۇ يول ھەر نەرسىنىڭ پىشىپ يېتىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ، ئۇ ۋاقىت ھامان بىر كۈنى پىشىپ يېتىلىدۇ. بۇ ماددى ۋە مەنىۋى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىر ئىش ئۆلچەملىك مۇددىتىگە يېتىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئىشقا ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر زىرائەتلەر پىششىتىن ئىلگىرى ئورۇلسا، مېۋىلەر پىششىتىن ئىلگىرى يىغىلسا، ئۇنىڭدىن كۆتۈلگەندەك مەنپەئەت ئالغىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار ھېچ مەنپەئەت بەرمەستىن ئەكسىچە زىيانغا ئۇچرۇتىدۇ.

بەزى زىرائەتلەردىن بىر قانچە ئاي ، بەلكى بىرەر يىل ئۆتمەستىن پايدىلانغىلى بولمىغىنىدەك ۋە بەزى دەرەخلەر بىر - ئىككى يىل ئۆتمەستىن مېۋە بەرمىگىنىدەك، بەزى بۈيۈك ئىشلارنىڭ مېۋىسىمۇ بىر قانچە يىل ئۆتمەستىن كۆرۈلمەيدۇ. ئىش قانچىلىك چوڭ بولىدىكەن،

ئۇنىڭ مېۋىسى شۇنچە كىچىككىدۇ. شۇڭا ئەڭ كىچىككىپ تولدۇرۇلغان چېلەك بەكرەك تولىدۇ دېيىلگەن.

گاھىدا بىرىنچى ئەۋلاد كىشلەر زور بىر ئىشنى قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن ئۇلار ئەمەس ئىككىنچى ۋە ئۈچۈنچى ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ئەۋلادلار پايدىلىنىدۇ. ئەگەر ئىش ئۆز يولىدا مېڭىۋەرسە، بەلگىلەنگەن بويىچە كېتىۋەرسە، بۇنىڭدا ھېچ چاتاق يوق.

مەككىدىكى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى مەسخىرە قىلىشاتتى. ئۇنىڭ كېلەچەك ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئىككەنلىكى ۋە ئازاپنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىققانلارغا ئىكەنلىكى ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىگە كۈلەتتى. ئۇلار ھەر ئىشنىڭ بەلگىلەنگەن ۋە خىلاپلىق قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ۋاقتى بارلىقىنى بىلمەستىن، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى قورقۇتقان ئازاپنى تېززاق كەلتۈرۈشكە ئالدىرىتاتتى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار سەندىن ئازاپنىڭ تېزراق كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاپ ئەلۋەتتە ھازىرلا كېلەتتى. ئۇلارغا كېلىدىغان ئازاپ چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ ( ئەنكەبۇت سۈرىسى 53 ـ ئايەت ). يەنە مۇندا دەيدۇ: ئۇلار سەندىن ئازاپنىڭ تېزراق كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئاللاھ ھەرگىز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدىكى بىر كۈن، سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلغا باراۋەر . ( ھەج سۈرىسى 47 ـ ئايەت ).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇلۇغئەزىم بولغان پەيغەمبەر قېرىنداشلىرى سەۋر قىلغاندەك

سەۋر قىلىشقا، ئۇلار ئالدىراپ كەتكەندەك، ئۇلارغا ئازاپ كېلىشكە ئالدىراپ كەتمەسلىككە بۇيرۇپ، مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇلۇلئەزم بولغانلار سەۋر قىلغاندەك سەنمۇ سەۋر قىل. ئۇلارغا ئازاپنىڭ كېلىشىگە ئالدىراپ كەتمە . ( ئەھقاپ سۈرىسى 35ـ ئايەت ). .

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەرگە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ قاتتىق ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە ۋە ياردەم كۈتۈشىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا قانداق سەۋر قىلغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ، مۇنداق دېدى: سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۆمىنلەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: ئاللاھنىڭ ( بىزگە ۋەدە قىلغان ) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟ دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر . ( بەقەرە سۈرىسى 214 ـ ئايەت ).

شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ ياردىمى يېقىن. لېكىن ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدا بەلگىلەنگەن ۋاقتى بار. ئاللاھ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىراۋنىڭ ئالدىراپ كەتكىنىدەك ئالدىراپ كەتمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە سەۋر قىلىشنى ھەدائىم تەۋسىيە قىلاتتى ۋە سەۋر قىلىشقا ئۈندەيتتى. ۋاقتى كېلىشتىن ئىلگىرى نۇسرەت تېپىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكنى ئېيتاتتى. خەبباب ئىبنى ئەرەت ئىسلام يولىدا چەككەن ناھايىتى قاتتىق ئازاپتىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھقا دۇئا

قىلمـامدۇ؟ ئـاللاھتىن بىزگـە يـاردەم تەلـەپ قىلمـامدۇ؟ . بۇنىڭغـا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاچچىقى كەلدى ۋە يۈزلىـرى قىزارغـان ھـالدا يەرگـە ئولتۇرۇپ مۇنداق دېـدى: شۈبھىسـىزكى سىلەردىن ئىلگىرىكىلـەر تـۆمۈر تاغاق بىلەن تارىلىپ، گۆشلىرى قالماي قۇرۇق سۆڭەكلىرى قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىـرى ھـەرە بىلـەن ھـەرىدىلىپ، ئىككـى پارچىگـە بـۆلۈنۈپ كەتسىمۇ، بۇ ئۇنى دىنىدىـن قايتۇرالمىغـان ئىـدى. ئـاللاھ بىلـەن قەسـەم قىلىمەنكى، ئاللاھ بۇ ئىشنى ئەلۋەتتـە غەلىبىگـە ئېرىشتۈرىدۇ. ھـەتتا بىـر كۈنلـەر كېلىدۇكـى، بىراۋ سـەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچـە ئـاللاھتىن باشـقا ھېچكىمدىن قورقماي، مېلىغا بۆرە كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ قېلىشتىن باشـقا ھېچنەرسـىدىن ئەنسـىرىمەي سـەپەر قىلىـدۇ. لېكىـن سـىلەر ئـالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر . ( بۇنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان ).

ئىسلامنىڭ ئىسلام دىيارىدا غېرىپ بولۇپ قېلىشى

مۇشۇ ئەسـىردىكى ئـۆز دىنىنىـڭ تـەلىماتلىرىنى چىـڭ تۇتىدىغـان مۇسـۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسـەن ياشـلارنىڭ روھـى كـەيپىياتىغا تەسـىر قىلىۋاتقان يەنە بىر سەۋەب بار:

ئۇ بولسىمۇ ـ يامان ئىشلارنىڭ ئاشكارا ھالدا قىلىنىۋاتقانلىقى، پىتنـە ـ پاسـاتنىڭ تـارقىلىپ كېتىۋاتقـانلىقى، بۇزۇقچىلىقلارنىـڭ ئـەۋج ئېلىـپ كېتىۋاتقـانلىقى، دىنسـىزلارنىڭ خالىغانچـە جـار سـېلىۋاتقانلىقى، ماركسىزمنىڭ خىجىـل بولماستىن ئۆزىگـە چاقىرىۋاتقـانلىقى، ئـەھلى سـەلىبلەر ( خىرىسـتىئانلار ) نىـڭ توختىمـاي پىـلان تۈزۈۋاتقـانلىقى، تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق تارقىتىۋاتقانلىقى. ئۇلار مانا بۇلارنـى

ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە هاراقنىڭ ئاشكارا ئىچىلىۋاتقانلىقىنى، بۇزۇقچىلىق كۇلۇپلىرىنىڭ كېچىسى كۈندۈز قىلىۋاتقانلىقىنى، جىنسىي تىجارەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى، شەھۋانىي شېئىرلارنىڭ، بۇزۇق ناخشىلارنىڭ، نومۇسسىز سۈرەتلەرنىڭ، جىنسىي فىلىملارنىڭ، تىياتىرلارنىڭ ئاپ ـ ئاشكارا ئورتىغا چىقىۋاتقانلىقىنى، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن يامان ئىشلارنىڭ تارقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالداش، ئازدۇرۇش، بۇزۇش ۋە ئىسلامدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش، ئىماننى سۇسلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ.

مۇسۇلمانلار بۇنى ئىسلام دىيارىدا كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇممەتنىڭ ئەقىدىسىدىن، ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن تەبىر بېرىشى لازىم بولغان، ئۇممەتنىڭ مەنىۋى روھىنى ساقلايدىغان، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلارنى جازالايدىغان قورال بولۇشى ۋاجىپ بولغان قانۇنلارنىڭ ئەكسىچە، بۇ يامان ئىشلارنى مۇبارەكلەۋاتقانلىقىنى، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ قانۇنلار ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابتىن چىقمىغان، بەلكى ئۇلارنى ئىنسانلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالال قىلىشى، ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھارام قىلىشى، ئاللاھنىڭ پەرزلىرىنى بىكار قىلىشى ۋە ئاللاھنىڭ بەلگىلىملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس .

يەنە بۇندىن باشقا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان خەلقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بويىنىغا ئامانەت قىلغان ھاكىملار ئىسلام يولىدىن ئۆزگىچە بىر يول بىلەن

كېتىۋاتىدۇ. ئاللاھقا دۈشمەنلىك قىلغانلارنى دوست تۇتۇۋاتىدۇ. ئاللاھ دوست تۇتقانلارنى دۈشمەن كۆرۈۋاتىدۇ. ئاللاھقا يىراق بولۇش بەدىلىگە ئۇلارغا يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ئىسلام ئارقىغا قويغاننى ئالدىغا، ئىسلام ئالدىغا قويغاننى ئارقىغا قويۇۋاتىدۇ. خەلقنى ئالداش ئۈچۈن ھېيت - ئايەملەردە ۋە بەزى مۇناسىۋەتلەردە ئىسلامنى ئانچە - مۇنچە تىلغا ئېلىپ قويىدۇ. مۇسۇلمان كىشى مانا بۇلارنى ھەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىسسۇ ئۈچۈق - ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىجتىمائىي زۇلۇمنى، تەبەقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى زور پەرقنى كۆرۈۋاتىدۇ. بىر قانچە شەخس مىليونلاپ خەجلەپ ئوينايدۇ. كۆپچىلىك خەلق قارنىنى تويغۇزۇشقا بىر تىيىنمۇ تاپالمايدۇ. قەسىرلەر سېلىنىپ ئۇنىڭغا مىليونلاپ پۇل سەرپ قىلىنىدۇ. قەسىرلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۇ قەسىرلەردە يىلدا بىرەر قېتىم ياكى بىرقانچە قېتىم ئولتۇرسا ئولتۇرىدۇ ياكى ئولتۇرمايدۇ. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مىليونلىغانلار تالادا، قەۋرىستانلىقلاردا ياشايدۇ. ئۆزلىرىنى قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن ھىمايە قىلىدىغان جاي تاپالمايدۇ. بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ خەزىنىلىرى خۇددى تونۇر ئوتقا تولغاندەك ئالتۇنغا تولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ چەتئەل بانكىلىرىدىكى پۇللىرىنىڭ سانى مەخپى. ئۇنىڭ مىقدارىنى ئاللاھ تائالا، كىرامەن كاتىبىنلار ۋە ئۇ بانكىلارنىڭ ھېساپچى خوجايىنلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ قۇرۇق يانچۇقلىرىدىن باشقا خەزىنىسى يوق. ئۇلار ئازغا قانائەت قىلىدۇ. لېكىن گاھىدا شۇنىمۇ تاپالماي قالىدۇ - دە ئىبنى ئەتاھىيە دېگەن شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى تەكرارلاپ قالىدۇ:

سەن ئىزدىگەن بىر لوقما ساڭا بەس كۆپايدى،
ئۆلدىغان كىشىنىڭ ئەجەپ لوقمىسى كۆپەيدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يىغلىشىۋاتقان بالىلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ياكى ئاچلىقتىن ئاغرىۋاتقان چوكىلارنىڭ قارنىنىڭ ئاغرىقىنى باسقۇدەك لوقما سېتىۋېلىشقا پۇل تاپالمايدۇ. ئەگەر نەپسانىيەتچى بايلاردىن بىرى ياكى ئىچىۋېتىش پۇرستىدىن پايدىلىنىپ باي بولۇۋالغانلاردىن بىرى ياكى خەلقئارا شىركەتلەرگە ۋاستىچى بولۇپ باي بولۇپ قالغانلاردىن بىرى بىر قىممەتلىك سودىدا ئالغان پايدىسىنى ياكى يېشىل شىرە ئۈستىدە ( قىمار ئويناپ) بىر كېچىدە تارتقان زىيىنىنى ياكى سېرىق چاچ سەتەڭلەرنىڭ ئاياقلىرى ئاستىغا چاچقان بىر قىممەتلىك پۇلىنى ئىئانە قىلسا، نۇرغۇنلىغان كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزغىلى، نۇرغۇنلىغان ئاچلارنى تويدۇرغىلى، نۇرغۇنلىغان يالىڭاچلارنى كىيندۇرگىلى بولاتتى.

ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان بايلىقلار توپلىنىۋاتىدۇ. بەلكى بۇلاپ كېتىلىۋاتىدۇ. ئاممىنىڭ پۇل -ماللىرى ئوغۇرلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بەلكى تالاپ كېتىلىۋاتىدۇ. پارىخورلۇقنىڭ بازىرى قىززىپ كەتكەن. ھېساپ - كىتاب خىزمىتى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ماڭىدۇ. لېكىن چوڭ ئوغرىلار ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن. پەقەت كىچىك ئوغرىلارلا جازاغا لايىق. مانا بۇ زۇلۇمنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان شەخسلەر، جامائەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەت كېسىلى خۇددى ۋابا كېسىلى جىسىمنى چىرىتقاندەك دىللارنى، ئەقىللەرنى چىرىتىۋېتىدۇ. بۇزغۇنچى پرىنسىپقا دەۋەت قىلغۇچىلار ئىجتىمائىي ھەسەتنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇنداق قارىمۇ قارشىلىقنى ۋە بۇ مۇھىتنى پۇرسەت دەپ بىلىدۇ- دە،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ چەتئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان مەزھەپلىرىنى تارقىتىشقا تەييار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇمۇھىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدىغانغا قۇلاق تاپىدۇ. ئاڭلىغانلار ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدىكى رىئاللىقنى يامان كۆرگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى — ئىسلام ئۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بىلەن تورۇپ، مەيداندىن غائىپ بولغان، ئۆز ۋەتىنىدە غېرىپ بولۇپ قالغان، ئۆز ئەھلى ئارىسىدا ئىنكار قىلىنغان، ھۆكۈمرانلىقتىن ۋە قانۇن بەلگىلەشتىن، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ۋە باشقا ئىچكى، تاشقى سىياسەتلىرىگە يولباشچى بولۇشتىن ئايرىلىپ قالغان، ئىسلامغا پەقەت ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە دائىرىسىدىلا قىلىش پەرز قىلىنغان، ئۇ ئىجتىمائىي، سىياسىي، قانۇنىي ياكى خەلقئارا ئالاقىلەرگىچە ئۆتەلمەيدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىسلامغا خۇددى خىرىستىيانلىقنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرىدىكى ھالىتىدىن بىر نۇسخا بولۇش پەرز قىلىندى. يەنى ئۇنىڭغا شەرىئىتى يوق ئەقىدە، مۇئامىلىسى يوق ئىبادەت، دۆلىتى يوق دىن ۋە ھاكىمىيىتى يوق قۇرئان بولۇش پەرز قىلىندى.

ئىسلامغا ئۆز تارىخىدىن باشقا تارىخنىڭ، ئۆز ئۇممىتىدىن باشقا ئۇممەتنىڭ، ئۆز زېمىنىدىن باشقا زېمىننىڭ گۇناھلىرى ئارتىپ قويۇلدى. بۇلار ئۆزى بىلمىگەن شارائىت ئاستىدا بولدى.

غەربتىكى كاتولىك چېركاۋلىرىنىڭ تارىخى ئوزغۇن سەلبىيلىكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇ ئىلىمغا قارشى جاھىللىق تەرەپتە، ئەركىنلىككە قارشى مۇستەبىتلىك تەرەپتە، خەلققە ۋە ئاجىز پۇقرالارغا قارشى پادىشاھلار ۋە فېئوداللار تەرەپتە تۇرغان ئىدى. زىيالىيلارنى، يېڭى ئىلىم ئىگىلىرىنى جازالاش ئۈچۈن مەھكىمىلەرنى تەشكىللىگەن ئىدى. ئۆلۈك - تىرىك ئالىملارنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈپ تاشلانغان ئىدى. دىن ئىسمى بىلەن جەمئىيەتتە قاراڭغۇ زۇلمەت ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. بۇنداق بولغان ئىكەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلىشى، ئۇنىڭ زۇلمىدىن ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات بولۇشى ھەقلىق ئىدى.

بۇ قاراڭغۇ تارىخنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرۈشكە، ئۇممەتكە يولباشچى بولۇشتىن مەھرۇم قىلىنىشقا، قانۇن بەلگىلەش، باشلامچى بولۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئورنىدىن قوغلىنىشقا، ئىچكىرىدىلا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇش، سىرتقا چىققاندىمۇ پەقەت مەسجىدلەرنىڭ تۆت تېمى ئىچىدىلا قېلىش، مەسجىدلەردە قالغاندىمۇ تىلى قىسقا، ئاۋازى بوغۇق ھالدا ھەددىنى بىلىشنىڭ داداڭنىڭ بەختى دېگەن ماقال بويىچە قېلىشقا لايىق بولغۇدەك ئىسلامنىڭ گۇناھى نېمە؟ جانلىقراق مەسجىد بولسا رىقابەت ئاستىدا ئازارەتتە قالىدۇ. ئۇنىڭ دەۋەت قىلىش ۋە ئەمرىمەرۇپ، نەھىمۇنكەر قىلىش ھەققى يوق.

مەسلىنىڭ يىلتىزى ئىسلام دۇنياسىغا ئىلمانىيلىق (سېكۇلارىزم يەنى دىننى دۆلەتتىن ئايرىۋېتىش) پەرز قىلىنغانلىقتا قايتىدۇ. بۇ ئىسلام دۇنياسىغا كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن يات، ئۇنىڭ بارلىق مىراسلىرىغا ۋە تارىخىغا ناتونۇش بىر ئېقىم. ئىلمانىيلىقنىڭ مەھسۇلى ـــ دىننى

دۆلەتتىن ئايرىۋېتىش ۋە ئۇنى ھاكىمىيەت ۋە قانۇن بەلگىلەش ئورنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇۋېتىش. ئىسلام دىنى بۇنى ئۆز تارىخىدا ھېچ كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. چۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىچىدە ئەسىرلەر بويى پەتىۋا ۋە سوت ئىشلىرىنىڭ ئاساسى ئىسلام شەرىئىتى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئىسلام ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ، مۇئامىلىلەرنىڭ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنىڭ ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ مەنبىئى ئىدى. ھاكىملارنىڭ ۋە مەھكۇملارنىڭ ئىچىدىن ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىپ، توغرا يولدىن، ھەق دىندىن چەتنەپ كەتكەنلەر ئاز ـ تولا تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئىسلامنىڭ داۋاگەرلەر داۋالىشىپ بارىدىغان، ئىختىلاپ قىلىشقانلار ئىختىلاپلىرىنى ئايرىش ئۈچۈن قايتىدىغان شەرىئەت ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئىنكار قىلمىغان ئىدى.

ھەتتا ھەجىجاجدەك زالىملارمۇ، ئەگەر شەرىئەت ئەھكامىغا ۋە قۇرئاننىڭ ھەدىسنىڭ بايانىغا توغرا كېلىپ قالسا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى توغرا ئېيتقان، ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، ئى ئاللاھ! كەچۈرۈشۈڭنى تىلەيمەن، ھامان سەن تەرەپكە قايتىپ بارىمىز دېيىشتىن باشقا گەپ قىلالمايتتى.

شەھۋەت، غەپلەت، غەزەپ ۋە ھەسەت ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى شەرىئەت يولىدىن چىقىپ كېتىش بىلەن ئۇنى توڭلىتىپ قويۇش، ئېتىراپ قىلماسلىق، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە ھۆكمى بولغاچقا، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك دېگەنگە ئۇنىماسلىق ئارىسىدا زور پەرق بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىش

جەھەتتە ئاللاھتىن ياخشىراق ھۆكۈم قىلىدىغان بىرسى بارمۇ؟ . ( مائىدە سۈرىسى 50 ـ ئايەت ).

بۇ مەسىلىنىڭ مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ ۋىجدانىي بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ قېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشى تۇرغان گەپ. چۈنكى ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئۆز ئەقىدىسىگە، ئۆز پەلسەپىسىگە ، ئۆز دىنىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھقا، كائىناتقا، ئىنسانغا بولغان تەسەۋۋۇرىغا ئۇيغۇن ھالدا قانداق يولغا سالسا سالالايدىغانلىقىنى كۆردى. ۋاھالەنكى، پەقەت مۇسۇلمانلارلا ئۆز ئەقىدىسى بىلەن ئەمەلىيىتى، ئۆز دىنى بىلەن جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر.

شۈبھىسىزكى، ئىلمانىيلىق خىرىستىيانلىق جەمئىيىتىدە قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ مۇسۇلمانلىق جەمئىيىتىدە ھەرگىزمۇ ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى خىرىستىيانلىق ئۇنىڭغا ئىشەنگەن كىشى لازىم تۇتۇشى ۋاجىب بولغان ھېچقانداق شەرىئەتنى ياكى نىزامنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ،

بەلكى ئىنجىلنىڭ ئۆزىمۇ ھاياتنىڭ بىرى ئاللاھ ياكى دىن ئۈچۈن، يەنە بىرى قەيسەر ياكى دۆلەت ئۈچۈن دەپ ئىككىگە تەقسىم قىلىنىشىدىن ئىلگىرى مۇنداق دېگەن ئىدى: قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە بەر، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئاللاھقا بەر .

بۇنىڭ بىلەن خىرىستىيانلىق ئىلمانىي ھاكىمىيەت ئاستىدا كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا ياشىشى مۇمكىن.

غەربلىكلەرنىڭ ، خۇسۇسەن خرىستىئانلارنىڭ دىنىي ھۆكۈم دىن قېچىپ ئىلمانىي ھۆكۈم گە بېرىشىقا يېتەرلىك ئۆزرىسى بار. دىنىي ھۆكۈم دېمەك ، خۇددى ئۇلار چۈشەنگەندەك كاھىنلارنىڭ، چېركاۋنىڭ ھۆكمى ۋە مەھرۇم قىلىش قارارى، كەچۈرۈم قىلىش تاختىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، خالاس.

بىز مۇسۇلمان جەمئىيەتكە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىلمانىي لىقنى قوبۇل قىلغىنى باشقا بىر ئىش. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئۆزى ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھاياتنىڭ كامىل نىزامى، شۇنداق تۇرۇپ ئىلمانىيلىقنى قوبۇل قىلىش دېمەك ، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تاشلاپ قويۇش، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى رەت قىلىش، شەرىئەتنى بۇ زامانغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ دەپ تۆھمەت قىلىش، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلىۋالغان قانۇنلىرىنى ھاكىم قىلىش يەنى ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ئىلمىنى، چالا تەجرىبىلىرىنى ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن ئۇستۇن كۆرۈش دېمەكتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

( ئى مۇھەممەد! ) ئۇلارغا : سىلەر ئالىمراقمۇ؟ ياكى ئاللاھ ئالىمراقمۇ؟ دېگىن .

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلمانىيلىققا چاقىرىشنىڭ مەنىسى ، ئىسلامدىن چىقىپ كېتىش، دىنسىزلىشىش دېمەكتۇر. ئىلمانىيلىقنىڭ ھۆكمىنى ئاساس قىلىش، ئىسلام شەرىئىتىنى تاشلاپ قويۇش، ئاللاھ رازى بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى پەرز قىلغان، ئۇممەتنىڭ دىنىدىن يەنى ئىسلام دىنىدىن ئۈپ ـ ئۈچۈق چىقىپ كېتىش، مۇرتەد بولۇش دېمەكتۇر.

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان خەلقىنىڭ بۇنداق چوڭ يامان ئىشقا سۈكۈت قىلىشى ئىسلامغا خىلاپتۇر، ئاشكارا گۇناھتۇر. ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا قارشى قىلىدىغان ئىشى ، ھېچ بولمىغاندا ئۆزلىرىنى گۇناھكار ھېس قىلىش. يۈز بەرگەن بۇ ۋەزىيەتكە قەلبى ئارقىلىق قارشى تۇرۇش. ئۇنىڭغا رازى بولۇش، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇش ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلىش ھېسسىياتىنى يوقىتىشتۇر. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانىنىڭ نەزىرىدە قانۇنىيلىقىنى يوقىتىپ قويغان بىر ۋەزىيەتتۇر.

ئىلمانىيلىق ئاللاھنى ئالەمنى ياراتقۇچى دەپ قارايدىغان، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي تاشلاپ قويىدىغان غەربنىڭ پىكرىگە ماس كېلىدۇ. ئۇلارچە ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى خۇددى سائەت ياسىغان كىشىنىڭ سائەت بىلەن بولغان ئالاقىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى بىرىنچى قېتىم ياساپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ياسىغان كىشىگە ھاجىتى چۈشمەستىن ئۆزى مېڭىۋېرىدۇ. بۇ پىكىر ئەسلىدە يونان پەلسەپەلىرىدىن مىراس قالغان. خۇسۇسەن ئارىستۇنىڭ پەلسەپىسىدىن قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە ئاللاھ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىرەرسىنى باشقۇرمايدۇ ، بەلكى ئۇ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئۇ خۇددى ۋىل دىيۇرانت سۈپەتلىگەندەك مىسكىن ئىلاھ تۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىلاھنىڭ كىشىلەرنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەستىن قانداقمۇ ئۇلارغا قانۇن بەلگىلىيەلسۇن؟ بۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان قارىشىمىزنىڭ تامامەن ئەكسىچە. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئاللاھ جىمى مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر. بارلىق مۈلۈكنىڭ ئىگىسىدۇر. ھەممە ئىشنى

باشقۇرغۇچىدۇر. ئۇ ھەممــە نەرسىنى ئىلمــى ئىھاتىسى ئىچىگــە ئالغــان. ھەممە نەرسىنىڭ سانىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ رەھمىتى ھەممە نەرسىگە ئورتاق. ئۇنىــڭ رىزقــى ھەممــە جانلىقلارغــا ئومۇمىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچــۈن ئــۇ شەرىئەتنى بەلگىلىدى. ھالالنى ھالال قىلــدى ۋە ھارامنى ھــارام قىلــدى. بەندىلىرىگە ئۆزى بەلگىلىگــەن شەرىئەتنى ئىجــرا قىلىشــنى پــەرز قىلــدى. ئۆزى چۈشۈرگەن كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى بۇيرىدى. ئــۇلار ئەگــەر ئۇنداق قىلمىسا كاپىر بولغان، زۇلۇم قىلغان ۋە پاسىقلىق قىلغان بولىدۇ.

ئۆز دىنىغا ئىخلاسمــەن مۇسۇلمان بۇلارنىــڭ ھەممىسىنى ئــۆز كــۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ بۇنىڭغــا قانداق قارشــى تۇرۇشنى بىلمەيدۇ. ئۇنىــڭ قولىدا بىــر نەرسە يــوق. بــۇ يامــان ئىشــلارنى قولــى يــاكى تىلــى بىلــەن ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. ئۇنىڭ پەقــەت قــەلبى بىلەن ئۆزگەرتىشتىن باشــقا ئامــالى قــالمىدى. بــۇ ئىمــانىنىڭ ئــەڭ ئــاجىزلىقى. قــەلبى بىلــەن ئۆزگەرتىش دېمەك ، ئــوت ئۈستىدىكى قــازاننىڭ قــايىنىغىنىدەك قاينــاش. كــۆزى كۆرۈۋاتقــان يامــان ئىشــلارغا قــاراپ ھەسرەت چېكىش. يامـــان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكىگە ئېچىنىپ، خـــۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىــپ كېتىش دېمەكتۇر. بۇنــداق ئىچــى قايناش ئەبەدىي داۋاملاشمايدۇ. مەيلى قايسى ئۇســۇلدا بولسۇن، ئــۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نەپــەس ئېلىش لازىم. ئەگــەر ئوتنى بــەكرەك كۈچەيتىۋەتسە قازان يېرىلىپ كېتىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىگە ئاشكارا ھۇجۇم ۋە مەخپىي سۇيىقەست

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن يۇقىرىقى مۇسىبەتلەردىن باشقا، يەنە ئۇلارغا شەرق ۋە غەربتىن، شىمال ۋە جەنۇبتىن ۋەھشىلەرچە ھۇجۇم قىلىنىۋاتىدۇ. ئىسلام ئۇممىتىگە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇمنىڭ ئوتتى ھېچ ئۆچكىنى يوق. بۇ ھۇجۇم گاھ ئاشكارا، گاھ مەخپىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كېلىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلار، خىرىستىئانلار، كوممۇنىستلار ۋە بۇتپەرەستلەر ھەممىسى بىردەك ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۆز ئارا ئىختىلاپلاشسىمۇ ، قاچانكى ئىسلام دولقۇنى قوزغالسا ئۇلارنىڭ دەرھال ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى كۆرىمىز.

ھەرقانداق خەلقنىڭ مەسلىسىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغانلار ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قوللايدىغانلار غەربتىن، شەرقتىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ خەلق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئامېرىكا ۋە روسىيەنىڭ ئارىسىدىكى بەسلىششىتىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن مۇسۇلمان خەلقنىڭ مەسلىسى مەيلى قايسى تەرەپتىن بولسۇن، ھېچقانداق قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن ئىدى: كاپىر بولغان كىشىلەر بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر .

ئىسلام قېرىنداشلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ياخشى ئۈممەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنلىرى، تىللىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىگە، ئەڭ تۆۋەندىكىسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا، ئۆزلىرىنىڭ بىر تەن ئىكەنلىكىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بولمىگەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەسلىكىگە ئىمان

كەلتۈرگــەن بــر مۇســۇلماننىڭ ھەممــە جــايدا ئــۆز قېرىندىشــىنىڭ مۇسىبەتلىرىنى، ماددىي جەھەتتە ئۆلتۈرۈش، ئازاپلاش، مەنىۋىي جەھەتتە خىرىستىئانلاشــتۇرۇش ۋە كوممۇنىستلاشــتۇرۇش يــاكى ئــەڭ ئەقەللىســى جاھىل قالدۇرۇش، خارلاش قاتارلىقلار ئارقىلىق يوقۇلۇش خەۋپىگــە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ خاتىرجەم ھالدا ئاغزى تولغىچە كۈلــۈپ، قــاپىقى ئېچىشــىپ كەتكۈچــە ئۇخــلاپ يۈرۈشــى توغرىمــۇ؟ ئىمــان قېرىنداشلىقى قېنى؟ ئىسلام قېرىنداشلىقى قېنى؟

ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك ۋە كەچلىك خەۋەرلەرنىڭ ھەممىســى ئــۆزىنىڭ دىنىغا كۆيۈنىدىغان مۇســۇلمانغا پەلەســتىن، لىۋان، كــەشمىر، تۈركىستان، چېچەن، بوسنا ـ ھېرسىك، كوســوۋا، پىلىپىــن، ھىندىســتان، ئىرىتىرىيــە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئاز سانلىق ھالغــا چۈشــۈپ قېلىــپ، ئــۆز ھوقۇقىغــا ئــۆزى ئىگــە بولالماسىلىقتەك يۈرەكنــى ئېزىدىغان، دىلنى پارە ـ پارە قىلىدىغــان، بــاغرىنى ھەسرەت ـ نادامەتتــە داغلايدىغان ئېچىنىشلىق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىقراقى ، مۇسۇلمان كىشى ئىســلام دۆلــەتلىرىدىكى ھۆكۈمەتلــەرنىڭ ئــادىل داۋاغــا قارىتــا ھېچقــانداق ئىجــابىي قاراشــتا بولمايۋاتقانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇپ، ئۇنى يوشــۇرۇۋاتقانلىقىنى ياكى دۈشمەن تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئــۆزىنىڭ تــار دائىرىدىكــى ماددىي مەنپەئەتىنى ئۈســتۈن كۆرۈۋاتقــانلىقىنى يــاكى جــاھىل ئىرقىــي قاراش ياكى ئوخشــاشمىغان لاگېرلارغــا بولغــان بــاغلىنىش ۋە ئالاقىسىنى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، دىنىغا، ئۇممىتىگە ۋە ئۇممەتنىڭ ھەققانى داۋاسىغا

بولغان باغلىنىشتىن، ئالاقىدىن ئەۋزەل كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمان ياشلار ئۆز ۋەتىنىدىكى ئىسلامىي مەسىلىلەرگە قارىتا بولغان بۇ سەلبىي قاراشنىڭ چوقۇم تاشقىرىدىكى ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ ۋە خەلقئارا ئەھلى سەلىبلارنىڭ، ماسونىيلارنىڭ ياكى كوممۇنىستلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق بولۇپ، ئۇلار ئۇنى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ خالىغانچە ھەرىكەت قىلدۇرىدىغانلىقىنى، ئىسلام ئىنقىلابى قوزغىلىپ قېلىشىدىن قورقۇتۇپ قويسا، قورقۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئىلغار پىكىرلىك مۇسۇلمانلارنى يوقىتىشقا كۈشكۈرتسە ئۇلارنى يوقىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ.

كېيىنكى يىللاردا مۇسۇلمان ياشلارغا بومبا پارتلىغاندەك دەھشەتلىك تۇيۇلغان مەسىلىلەردىن بىرى، 1967 ـ يىلى ئىيون ئېيىدىكى زور مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى ئەرەبلەرنىڭ، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بۇ زور مەغلۇبىيەتنى بەزىلەر يەڭگىللەشتۈرۈپ چېكىنىش دەپ ئاتىۋالدى.

مۇسۇلمان ئەرەب ياشلىرى كىچىگىدىنلا ئىسرائىلىيە دۆلىتى باسقۇنچىلىق، دۈشمەنلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان قانۇنسىز دۆلەت، مۇسۇلمان ئۇممەتنىڭ جىسمىدىكى بۇ مىكروپنى تازىلاش، ئىسلام زېمىنىنى ئازات قىلىش دىنىي ۋە مىللىي بۇرچ، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ باشقىلارنىڭ زېمىنىدا تۇرۇۋېرىشقا ھەققى يوق، خۇددى پەلەستىن مۇپتىسى ھاجى ئەمىن

ھۆسەينى ئىيتقان پەلەستىن ۋەتەنسىز خەلقنى كۆتۈۋالغۇدەك خەلقسىز ۋەتەن ئەمەس دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولدى.

ئاندىن كېيىن، يەنە پەلەك ئۆزىنىڭ چۆگىلەشىدە چۆگىلەۋەردى. 1967 ـ يىلىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ سىياسىتى تۇيۇقسىز ھالدا يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن غېمى ۋە غايىسى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش تىن باشقا ئىش بولمىدى يەنى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ۋە ئۇ 1967 ـ يىلى ئىيونىدىن ئىلگىرى ئىشلىۋالغان بارلىق يەرلەرنى ئېتىراپ قىلىش بولدى. بۇنىڭ مەنىسى ، يېڭى تاجاۋۇزچىلىق كونا تاجاۋوزچىلىققا قانۇنىي تۈس بەردى. 1948 ـ يىلدىكى ئۇرۇش نېمە ئۈچۈن ئىدى؟ 1956 ـ يىلدىكى ئۇرۇش نېمە ئۈچۈن ئىدى؟

ئۇلار نېمە ئۈچۈن پەلەستىن تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىنلا ئىسرائىلىيەگە تەسلىم بولۇپ، مىللەتنى ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرىدىن، ئۇنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىدىن ساقلاپ قالمىدى؟

تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىش نىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈش ۋە تېنچلىق كېلىشىمى ياشلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بېكار كەتكۈزدى ۋە ئۇلاردىكى ئۇلۇغۋار غايىگە بولغان ئىنتىلىشلەرنى بەربات قىلدى. بۇ كېلىشىمنى ئاقلايدىغانلار ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەت شۇنى تەقەززا قىلغان دەپ قانچىلىك ئاقلىغان بولسىمۇ مۇسۇلمان ياشلار ئۈچۈن بۇ ناھايىتى ئېغىر زەربە بولغان ئىدى.

خەلقئارا كۈچلەر بۇ زەربىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ، بىز ئەرەبلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىمىز ئىدى ـ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ

ئىسرائىلىيەنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشىنى قوللىدى. بۇ ئەلۋەتتە يىگى شەكىلدىكى خىرىستىئان تاجاۋۇزچىلىقى. ياشلار مانا شۇنداق ئويلايدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ ھېسسىيات يېڭىدىن ئۇسۇپ يېتىلىۋاتقان مۇسۇلمان روھىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. خىرىستىئان تاجاۋۇزچىلىقى روھى بۇرۇندىن تارتىپ غەربنىڭ نۇرغۇنلىغان سىياسەتچىلىرىنى، باشلىقلىرىنى ھازىرغا قەدەر ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىسلام دۇنياسىغا ۋە ئىسلام ھەرىكىتىگە قەدىمكى ئىسلام ئۇممىتى بىلەن توقۇنۇشتىن مىراس قالغان ھەسەت كۆزى بىلەن قارايدىغان قىلىۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنەۋۋەر، مەدەنىيەتلىك كىشىلىرىدىن كۆپلىرى بىر مەزگىل بۇ سۆزنىڭ ( يەنى خىرىستىئان تاجاۋۇزچىلىقى دېگەن سۆزنىڭ ) توغرىلىقىغا مەنپەئەت شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ دېگەن داۋا بىلەن شەك قىلغان ئىدى. ئەگەر بىز ئاددىي قارىساق مەنپەئەت ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي قارار ئېلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى مەنپەئەت ئەڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دەيمىز.

ئاشۇ ياخشىلىق كۈتكەنلەر ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقلىرىنى چۈشەندى. مەن ئۆتمۈشتىكى ئەلەنبى ياكى گورو لاردىن گەپ قىلىۋاتمايمەن ، بەلكى يېقىنقى زاماندىكىلەردىن گەپ قىلىۋاتىمەن.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇگۈنگە قەدەر ئىسرائىلىيە بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ياشاش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ؟

نېمشقا ھەر قېتىم ب د ت نىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئىسرائىلىيەنى ئەيىپلەپ قارار چىقارماقچى بولغاندا ئامېرىكا ۋېتو ھەققىنى ئىشلىتىپ، پۈتۈن دۇنياغا قارشى چىقىدۇ؟ نېمشقا ئېرىترىيەگە قارشى ئېيوپىيەگە ياردەم قىلىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار مەسىلىسى كۆمۈپ قويۇلىدۇ؟ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئوتتۇرا شەرقتە ياكى غەربتە ياكى دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئارالدا بىرەر سىياسىيون بۇلاپ كېتىلسە ياكى بىرەر ئايرۇپىلان تېرورلۇققا ئۇچرىسا ياكى بىرەر ئايرىم ئەھۋال يۈز بەرسە دۇنيانىڭ ھەممىسى ئورە تۇرۇپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن زېمىن ئەھلىنىڭ ئىچىدە يالغۇز مۇسۇلمانلارنىڭلا قېنى ئەرزان؟

شۈبھىسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ئۈچ بىسلىق دوزىخىلارنىڭ ئىشى. ئۇلار بىزنىڭ ئۈممىتىمىزگە سۇيىقەست پىلانلاۋاتىدۇ. ئۇلار خۇددى ئاچ بۆرىلەر ئۆزىنىڭ ئولجىسىغا ئولاشقاندەك بىزگە پۈتۈن كۈچلىرىنى يىغىپ ئولۇشۇۋاتىدۇ.

بۇ ئۈچ بىسلىق دوزىخىلار — يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە كوممۇنىستلاردۇر. ئۇلار بىزنىڭ بەدىلىمىزگە ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۇلار غەنىمەتنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن. ئۇنىڭ بەدىلىنى بىز تۆلەۋاتىمىز. بەلكى ئۇلار قاسساپلار بولۇپ، بىز بولساق قۇربانلىق قىلىنىدىغان قويلارمىز.

ئەمما بىزنىڭ رەئىسلىرىمىز بولسا، پاشالارنىڭ نەزىرىدە خۇددى شاخمات ئۇستىدىكى ئۇرۇق قا ئوخشايدۇ. ئۇلار بۇلارنى خالىغانچە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. بىر جايدىن بىر جايغا ئۆزلىرى خالىغانچە يۆتكەيدۇ.

بۇ ئىشلارنى دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇۋالغان قارا كۈچلەر قىلىۋاتىدۇ. بىز شاھىد بولغان ئىنقىلابلار ۋە بىز كۆرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ئاشۇ قارا كۈچلەر سىياسەت مەيدانىدا ئويناۋاتقان ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار قورقۇنچاقتىن بىرىنى ئەكىلىپ سىزگە قورقماس قەھرىمان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان، باشقىلارنى مەغلۇپ قىلىپ قاچۇرۇۋاتقان كۆرسىتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىغان ۋە ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئالدامچىلىق ۋە ئوخشىتىشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

سۆزدە گاھىدا مۇبالىغە ۋە كۆپتۈرۈش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا بەزى ھەقىقەتلەرنىڭمۇ بولۇشى ئېنىق. كۆپ ئىشلارنىڭ زاھىرى ئۇنىڭغا دالالەت قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بولسا بەزىلەرنىڭ زېھنىلىرىغا كىرىپ قالغان ھاكىملار دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئىسلامىي ئويغىنىشنى تىنجىتىش ۋە ئىسلامىي ھەرىكەتنى بىتچىت قىلىش سۇيىقەستىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار ئىسلامىي يۈرۈشنىڭ ئاخىرقى غايىسىگە يېتىشنى، تىكىلگەن دەرەخنىڭ مېۋە بېرىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلار ياشلارنىڭ نەزىرىدە كۆرۈنۈشتە ئۆز ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر داھىيلار . ئەمما ئىچكى جەھەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىغا ھۇجۇم قىلىدىغان، ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ساتقىن غالچىلار دۇر.

ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئەركىنلىكىنى چەكلەش

بۇ يەردە يەنە بىر سەۋەب بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىم بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن

ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگــە تەئــەللۇق ســەۋەبتۇر. شۇنىســى ئېنىقكــى، ئىسلامدا مۇسۇلماننىڭ يالغۇز ئــۆزىلا ياخشــى بولۇشــى كۇپايــە قىلمــايدۇ. بەلكى ئۇ مۇسۇلمان باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۇچۇن ھەرىكــەت قىلىشــى لازىم.

شۇنىڭ ئۇچــۇن ئىســلامدا ياخشــىلىققا ۋە توغــرا ئىشــقا چــاقىرىش ۋە يامان ئىشتىن توسۇش، ھەققە تەۋسىيە قىلىــش، ســەۋرگە تەۋســىيە قىلىــش قاتارلىق پەرزلەر بەلگىلەنگەن. ھەر بىر مۇسۇلمان تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئــۆز دىنىغــا دەۋەت قىلىشــقا بۇيرۇلغــان. مۇســۇلمانلارنىڭ ھەممىســى ئــاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ خىتــابى ئىچىگــە داخىلــدۇر: پــەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغــا چاقىرغىن . ( نەھل سۈرىسى 125 ـ ئايەت ). پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمانلار خــۇددى ئــاللاھ تائــالا مۇنــۇ ســۆزىدە ئــۆز پەيغەمبىرىگە خىتاپ قىلىپ دېگىنىدەك، ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچىــلاردۇر: ( ئى مۇھەممەد! ) ئولارغا ئېيتقىنكى، بۇ مېنىــڭ يولۇمــــــــــدۇر، ( كىشلەرنى ) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشــكەنلەر روشــەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پــاكتۇر، مــەن مۇشــرىكلاردىن ئەمەسمــەن . ( يۇسۇپ سۈرىسى 108 ـ ئايەت ).

شۇنىڭ ئۇچۇن يېڭى ئىســلاھاتچىلارنىڭ شــوئارى ئــۆزەڭنى ئىســلاھ قىــل، باشــقىلارنى دەۋەت قىــل دېگــەندىن ئىبــارەتتۇر. ئــاللاھ مۇنــداق دەيدۇ: ئاللاھقا دەۋەت قىلغان، ياخشــى ئەمەللــەرنى قىلغــان ۋە مــەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ ( فۇسسىلەت سۈرىسى 33 ـ ئايەت ) .

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلىنىڭ يالغۇز ھالدا ئۆز ئالدىغا ئىشلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ جامائەت بىلەن بىللە . مۆمىن مۆمىن ئۈچۈن بىر - بىرىنى باغلاپ تۇرغان بىنالارغا ئوخشايدۇ . ئىنسان ئۆزى بىلەن يالغۇزدۇر. قېرىنداشلىرى بىلەن كۆپتۇر. ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا ياردەم بىرىش دىنىي پەرزدۇر. ناھايىتى زور ساۋاپلىق ئىشتۇر. ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن جامائەت بولۇپ ئىشلەشنىڭمۇ دىنىي پەرز بولۇشى تۇرغان گەپ. چۈنكى پەرز بولغان ئىش ئۇنىڭسىز تامام بولمايدىغان ئىشنىڭ ئۆزى پەرزدۇر.

بۇ پەرزلىكنى شۇ تەكىتلەپ تۇرۇپتۇكى، ئىسلامغا قارشى كۈچلەر پارتىيە،گوروھ، ۋە مۇئەسسەسەلەرگە ئۇيۇشۇپ، ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئۆز ئەينى شۇ ئۇسلۇپ بىلەن قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق كارۋانىڭ ئارقىسىدا قالىمىز. بىر ئىش قىلىشتىن ئاجىزقالىمىز. بىزدىن باشقىلار ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بەزى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىسلامنى ئەقىدە ۋە ھايات نىزامى دەپ ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئەركىنلىكىنى چەكلىشى ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغۇچىلارغا، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىمىز، ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز، ئىسلام ئۇممەتلىرىنى بىرلەشتۈرىمىز، ئىسلام داۋاسىغا ياردەم بېرىمىز، كىشلەرنى ئىسلام ئەتراپىغا توپلايمىز دېگەنلەرگە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە يۈكلىۋالغان گۇناھلىرى ناھايىتى كۆپ، چوڭ گۇناھلاردۇر.

ئىسلام دەۋىتىگە ۋە دەۋەتچىلەرگە بولغان بېسىم، جامائەت بولغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشقا بولغان توسقۇنلۇق، مانا بۇلارنىڭ ئۆزى دىنىي

جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. ۋاھالەنكى، باشقا دىندىكىلەر ۋە باشقا پىكىردىكىلەر ھېچبىر توسالغۇسىز، ئەركىن ھالدا ھەرىكەت ئېلىپ بارالايدۇ.

ئىسلام زېمىنىدا دىنسىزلىققا، ماركسىزمغا ۋە باشقا تۇيۇق پەلسەپەلەرگە دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەركىن قويۇپ بېرىلىشى، ئۇلارنىڭ پارتىيە - تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ بېسىلىپ تارقىلىشى، دەل بۇلارنىڭ ئەكسىچە، يالغۇز ئىسلامغىلا چەكلىمە قويۇلۇشى، پەقەت ئۇنىڭ دەۋەتچىلىرىنىڭلا ئاغزىلىرىغا لاتا باغلاپ قويۇلۇشى ئەقىلغە سىغمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى. بۇ زېمىندا ياشايدىغان خەلقنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ كۆز قارىشىدىن، ئەقىدىسىدىن ۋە ئەخلاقىدىن تەبىر بېرىدۇ.

ھوقۇقتا سايراش ھالال بولۇپ، بۇلبۇلغا سايراش ھارامىمدى؟ شۈبھىسىزكى، ئەقىدە ۋە ھايات نىزامى سۈپىتىدە كامىل ئىسلامغا دەۋەت قىلىش نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىدە چەكلەنگەن ۋە ئەتكەس قىلىنغان تاۋار بولۇپ قالدى.

كەڭچىلىك قىلىنغان ئىسلام پەقەت كۆنگەن ئىسلام يەنى دەرۋىشلەرنىڭ ۋە دىن بىلەن تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسلامى. قالاق، چىرىكلەشكەن ۋە بۇزۇلغان ئەسىرنىڭ ئىسلامى. زالىملارنىڭ خاھىشىغا قاراپ، ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەۋلۇتلەرنىڭ، مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىسلامى. ئېتىقادتا جەبرىيلەر (ئىنساننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىقاچان بەلگىلىنىپ

بولغان دەپ قارىغۇچىلار ) نىڭ، ئىبادەتتە بىدئەتچىلەرنىڭ، ئەخلاقتا بۇزۇقلارنىڭ، پىكىردە قېتىپ قالغانلارنىڭ، دىندا مېغىزىنى قويۇپ شاكىلى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدىغانلارنىڭ ئىسلامى بولۇپ قالدى.

مانا بۇ خىلدىكى ئىسلام كەڭچىلىك قىلىنىدىغان ئىسلام. زالىم پادىشاھلار، دىكتاتور رەئىسلەر تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشكەن ئىسلام. ھەتتا دىنسىز ئىلمانىيلارمۇ بۇ خىل دىندارلىقنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ ۋە مۇبارەكلەيدۇ. ئۇنىڭ ئادەملىرىنى، ئۇنىڭ دەۋەتچىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار مەزلۇم خەلقنى، ئېزىلگەن تەبىقىنى زەھەرلەش رولىنى ئوينىغان، ياشلارنى تىلسىمات، شەكىلۋازلىق، رەڭۋازلىقلارنىڭ ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئاتالغۇلار دېڭىزىغا غەرىق قىلىش، ئۇلاردىكى زالىملارغا قارشى جىھاد قىلىش، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش، بۇزۇقچىلىقنى تۈزەش روھى يوقىلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

مانا بۇنىڭ ئۆزى ماركسنىڭ دىن خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن دېيىشىگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما ھەقىقى ئىسلام ـــ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئىسلامى. ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ئىسلامى. ھەقىقەتنىڭ، كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئىسلامى. ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ ئىسلامى. قۇربان بىرىش، جىھاد قىلىشنىڭ ئىسلامى. مانا بۇ خىلدىكى ئىسلام بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلغاندەك ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدىغان ئىسلام. چۈنكى ئۇ ھەمىشە ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا ۋە قارا كۈچلەرگە قارشى ئىنقىلاب قىلىش روھىنى قوزغايدۇ. ئەۋلادلىرىنى خۇددى ئاللاھ دېگەندەك: ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدىغان، ئاللاھتىنلا قورقىدىغان، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان

كىشىلەر  دىن قىلىپ تەربىيىلەيــــــدۇ. ( ئەھزاپ سۈرىسى 39 ـ ئايەت ).
پەرۋەردىگارىنىڭ بىــر، پەيغــەمبىرىنىڭ بىــر ۋە دىنىنىــڭ بىــر ئىكەنلىكىگــە ئىشىنىدىغان، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقۇش يوق، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە تايىنىش يوق دەيدىغانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

بىرقانچە ئەسىر ئىسلام خىلاپىتىنىڭ مەركىزى بولغان، مەلۇم بىر ئىسلام دۆلىتىدە مۇئاۋىن باش مىنىسىتىر بولغــان، خــەلق پارتىيىســىنىڭ داھىيسى ۋەزىپىســىدىن ئېلىــپ تاشــلىنىپ تۈرمىگــە تاشــلاندى. ئۇنىڭغــا چېتىلىــپ ئۇنىڭ يارىدەمچىلىرىدىن بىرنەچچىسى  ئىسلامغا دەۋەت قىلغــان، ئىســلام قانۇنىنى تەتبىق قىلىشقا چاقىرغان  دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلــەن سوتقا تاپشۇرۇلدى. بۇ ھادىسە ئاھالىسىنىڭ يۈزدە 99 پىرســەنتى ئىســلام دىنىغــا ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەتتە يۈز بېرىۋاتاتتى. سوت ئۇلارغا ئون بــەش خىــل تۆھمەتنى چاپلىدى. بۇ تۆھمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن بىر مەزمۇننى ئاساس قىلاتتى. ئۇ بولسىمۇ ،  تۈركىيە دۆلىتىنى ئىسلامغا قارشــى دىنســىز دۆلەتلىكتىن، خەلقىنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىنى ھۆرمــەت قىلىدىغــان، خــۇددى ئىمــان تەقــەززا قىلغــاندەك ئىســلامنىڭ ھــۆكمى بويىچــە ئىــش بېجىرىدىغــان ئىســلام دۆلىتىگــە ئۆزگەرتىشكە ئورۇنغــان  دېگەنلــەردىن ئىبارەت ئىدى.

تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ھەربىي دائىرىلىرى دۆلەتكە ھەربىي كۈچ ئــارقىلىق ھــۆكۈمرانلىق قىلىــدۇ. ئــۇلار ســاداقەتمەنلىكنى ئــــاللاھ ۋە پەيغەمبەرگــــە ئەمەس، بەلكى ئىسلام دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، دىنسىز دۆلەت قۇرغان كىشىگە كۆرســتىدۇ. ئىســلام شــەرىئىتىنى ھــۆكۈمران قىلىشــقا چاقىرغــانلىقنىڭ ۋە ھايــاتنى ئىســلامىي شــەكىلگە كىرگۈزگــەنلىكنىڭ ئــۆزىنىلا قــانۇن

بويچەجازالاشقا تېگىشلىك جىنايەت دەپ ھېسابلايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ ئىش قانۇنىي يول بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى جار سېلىۋاتقان دېموكراتىك سىستېمىلارنىڭ ھەممىسىدە قوبۇل قىلىنىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق بولغان بولسىمۇ بەربىر چىدىمايدۇ.

ئۇلار قوپال، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئىشلەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن سوتقا تارتىلغىنى يوق. ياكى ئۇلار مەخپىي قوراللىق تەشكىلات قۇرۇپ، دۆلەت تۈزۈمىنى كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئورۇنغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۇلار ئىسلام دىنىغا يەنى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا خۇددى ئاللاھ چۈشۈرگەن ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھاياتلىق نىزامى سۈپىتىدە ئىمان كەلتۈرگەنلىكلىرى ۋە ئۆزلىرى ئىمان كەلتۈرگەن بويىچە ھېكمەت بىلەن، چىرايلىقچە مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق قانۇنىي مىنبەرلەر، ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇن يوللار ئارقىلىق چاقىرغانلىقلىرى ئۈچۈن سوتقا تارتىلدى.

ھەربىي سوت ئۇلارغا تۆۋەندىكى شوئارلارنى كوتەرگەن دەپ تۆھمەت چاپلىدى:

بىردىن بىر يول ئىسلام يولى.

بىردىن بىر يولباشچى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام.

قانۇن دېمەك، ئۇ ئىسلام قانۇنى.

قۇرئان دېمەك، ئۇ ئاساسىي قانۇن.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ شوئارلارنى ئىنكار قىلىشى توغرىمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ دىنى ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە رازى بولىدىكەن، ئۇنىڭ بۇلارنى ئىنكار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىلىرى

بويىچە ياشاشنى ئويلاۋاتقــان مۇســۇلمانلار ئۆزلىرىگــە كۈپۈرلۈقنىــڭ مــەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىنى، ئىمــانىنىڭ رەت قىلىنىۋاتقــانلىقىنى، هــارامنىڭ هــالال، هــالالنىڭ هــارام قىلىنىۋاتقــانلىقىنى كــۆرۈپ تــۇرۇپ نېمــە ئىــش قىلالىدى؟

مانا بۇنــداق ئاســتىن ـ ئۈســتۈن بــولۇپ كەتكــەن ۋەزىيــەتنىڭ ئــۆزى قويپاللىقنى، هەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمامدۇ؟

ئۆزلىرىنى هۆر دۇنيانىڭ قاتارىدىن دەپ هېساپلايدىغان ئــافرىقىدىكى ئــەرەب دۆلــەتلىرىنىڭ بىرىــدە كوممۇنىســتلارغا رەسمــى پارتىيــە قــۇرۇپ، ئاساس قانۇنىنىڭ سايىسى ئاستىدا هېچقانداق چەكلىمىگــە ئۇچرىماســتىن ئوچۇق ـ ئاشكارا هالدا  هەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىنــدى. شــۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خەلقنىڭ رەئيىدىن هەقىقىي تەبىر بېرىدىغان، خــەلقنىڭ ئويلىغانلىرىنى، ئارزۇ ئارمانلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ئىسلامىي هەرىكــەتنى ، ئەڭ ئەدناســى ئۇنىــڭ رەسمــى مــەۋجۇت بولۇشىنى چــەكلىدى. ئېخــى بۇنىــڭ بىلــەن كۇپايــە قىلماســتىن، ئۇنىــڭ رەهبــەرلىرىنى ۋە ئــاكتىپ ئەزالىرىنى تورمىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە تاشلىدى. ئۇلارغا ناهايىتى ئېغىر هۆكۈم ئىجرا قىلدى. ئۇلارنىڭ پەقەت  بىزنىڭ پــەرۋەردىگارىمىز ئــاللاه، بىزنىڭ يولىمىــز ئىسلام يولــى، بىزنىــڭ كىلىــپ چىقىشــىمىز، ئــۆلچىمىمىز ئىســلام. بىزنىــڭ قورالىمىــز هــەققانىي سۆز، بىزنىــڭ ئوزۇقىمىــز ئىلىــم ـ مەرىپەت  دېگەندىن باشقا هېچقانداق گۇناهى يوق ئىدى.

شــۇنداق تۇرۇپمــۇ يەنــە بىــز ياشــلارنىڭ ياخشــى نەســىهەت قىلىــش، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قايىل قىلىش ئۇسلۇبىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، باشقا بىر ئۇسلۇپ ئىــزدەپ، ئــۇ ئۇســلۇپ ئــارقىلىق قورالغــا قــورال، قوپاللىققــا

قوپاللىق ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرغانلىقىدىن خاپا بولمىزمۇ؟ بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

بىر قەۋم ماڭا غازات قىلسا مەن ھەم غازات قىلاتتىم.

ئېيتقىن ماڭا ئى ھەمەدانىي بۇنىڭدا مەن زالىممىدىم؟

شۇبھىسىزكى توغرا، ھەقىقى ئىسلامغا قارىتا بولغان بۇ سىقىش ھالەتلىرىنىڭ ئەبەدىي داۋاملىششى مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام ئۆزىگە ئۆز ئەھلىدىن ياردەمچى تېپىشى لازىم. بۇ ئۇممەتتىن بولغان بىر تائىپە كىشىلەر ھەر زامان ھەققانىيەت ئۈستىدە تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا قارشى چىققانلار ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلارنى خارلايمىز دېگەنلەر خارلىيالمايدۇ. ھەتتا ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە ئۇلار شۇ ھالدا داۋاملىشىدۇ.

بىز ۋە بىزنىڭ دىنىمىز ۋە دۇنيايىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، بىز بۇ تائىپەنى تەبئىي ھالدا تۇغۇلۇشقا قويۇپ بېرىشىمىز، ئوچۇق ھاۋادا ئەركىنلىك ھىدىنى پۇرىغان ھالدا ساغلام ئۆسۈشىگە كەڭ شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ تائىپە بىسىمدىن، مەھرۇم قىلىنىشتىن يىراق ھالدا، بىزدىن باشقىلار پۇرىغاندەك ساپ ھاۋانى ھىدلاپ ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن شۈبھىسىزكى ئۇ باشقا بىر يول تاپىدۇ، بىز ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىنى ئۆز مۇھىيتىنى ئۆزى خالىغان كەيپىياتتا كىرگۈزىدۇ.

شۇبھىسىزكى ئىسلام دەۋىتى ئېتىلىپ چىققان يۇقىرى بېسىملىق سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ تاشلارنى يېرىپ بولسىمۇ يول تاپىدۇ.

ئەگەر بۇ دەۋەتنىڭ ئالدىدا ئىشلىك ، دەرىزىلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېچىلمىسا ئۇ ئۆزىگە يەر ئاستىدىن بولسىمۇ يول تاپىدۇ ۋە تەرسا نەپسىلەرگە، ئەقىللەرگە بۆسۈپ كىرىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ خاتاسىنى توغرىلايدىغان، ئۇنى تۈز يولغا باشلايدىغان كىشى تاپالمىغانلىقتىن شۇنداق قىلىدۇ.

قوپاللىق قىلىش ۋە جازالاشقا تايىنىش ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرالمايدۇ، بەلكى ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

ھاكىمىيەتنىڭ قوپاللىق ۋە جىسمانىي جەھەتتىن جازالاش چارىسىنى قوللىنىشى سەۋەبلەرنى ئەڭ چېكىگە يەتكۈزىدۇ. ھۆكۈمەت تۈرمىلەردە ۋە جازا لاگىرلىرىدا ئادەملەرنى ھايۋانلارنى ھەيدىگەندەك قامچا بىلەن ھەيدەپ يۈرۈپ، ھايۋانلارنىڭ ئېغىللىرىدا ھايۋانلارغا قىلمايدىغان مۇئامىلىلەرنى قىلىپ ئازاپلايدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب.

دىندار مۇسۇلمانلار ئاشۇ تۈرمىلەردە ئادەم ئاڭلىسا يىرگىنىدىغان، بالىلار ئاڭلىسا قورقىنىدىن قېرىپ كېتىدىغان دەرىجىدە ھەرخىل ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى كۆردى. 1954 ۋە 1965 ـ يىللىرى ھەربىي تۈرمىلەردە ھەرخىل قىيناش، ئازاپلاش ۋە خارلاش قاتارلىق جازالاش ئۇسۇللىرى ئېلىپ بېرىلدى. نازۇك بەدەنلەر كاۋاپدانلاردا كاۋاپ قىلىندى. توك دەزمىلى ۋە تاماكىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن داغلاندى. ئەرلەر، گاھىدا ئايال لار ھەم خۇددى بوغۇزلانغان ھايۋانلار ئېسىپ قويۇلغاندەك، ئاياقلىرىدىن ئېسىپ قويۇلدى. جاللاتلار ئۇلارنى قىيناشتا نۆۋەتلىشىپ قىينىشاتتى. بىرسى

ھېرىپ قالسا يەنە بىرسى قىينايتتى. ھەتتا بەدەنلەر قان، يىرىڭ، زەرداپ بولغۇچە قىينايتتى. قانچىلىغان كىشىلەر ئازاپنىڭ دەستىدىن شەھىد بولۇپ كەتتى. ئۇلارغا ھېچكىمنىڭ ئىچى ئاغرىمىدى. خالىغىنى قورقمايدىغان، مەخلۇققا رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول زالىملارنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى.

ئۇلار فاشىستلار، كوممۇنىستلار ئادەم قىيناشتا قوللانغان بارلىق ئۇسۇللارنى ئىشلەتتى. ئۇلاردىنمۇ ئۆتۈپ ئۆزلىرى بەدەنلەرنى قىينايدىغان، نەپسلەرنى ئازاپلايدىغان، مېڭىنى قوچۇيدىغان، ئادەملىك ئىززىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئۇسۇللارنى پەيدا قىلدى.

مانا مۇشۇ ئادەم قىيناش ئۇچۇن قۇرۇلغان جازا لاگىرلىرىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش پىكرى پەيدا بولدى. كاپىر قىلىش پىكرى ئۆسۈپ يېتىلدى ۋە مۇشۇ مۇھىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇشقا ئىلىپ بارىدىغان ياردەمچى ئامىل ۋۇجۇتقا كەلدى.

ئەنە شۇ ئازاپلاشقا ئۇچرىغانلار ئۆزلىرىگە مۇنۇ سۇئالنى قويۇشقا باشلىدى: نېمە ئۇچۇن بىزگە بۇنداق ئازاپ قىلىنىدۇ؟ بىز پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ، يولىمىز ئىسلام يولى، دەستۇرىمىز قۇرئانى كەرىم دېيىشتىن باشقا نېمە گۇناھ قىلدۇق؟ بىز بىر كىمدىن مۇكاپات ۋە رەھمەت كۈتمەيمىز، بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ دىنىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشنى ئويلايمىز. ئاللاھنىڭ بىزدىن رازى بولۇشىنى ئىستەيمىز. ئىسلام دۆلىتىدە ئىسلام ئۇچۇن ئىشلەش بۇ قەدەر ئازاپلاشقا لايىق جىنايەتمۇ؟ .

ئۇلار بۇ سۇئالدىن باشقا يەنە بىر سوئالغا يۆتكەلدى: بىزنىڭ ئەتلىرىمىزنى تىلۋەتكەن، بىزنى ھوشۇمىزدىن كېتىپ يىقىلغۇچە ئۇرغان،

بىزنىڭ دىنىمىزنى ھاقارەتلىگەن، ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىزنى دەپسەندە قىلغان، نامازلىرىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى مەسخىرە قىلغان، گاھىدا پەرۋەردىگارىمىزغا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلغان، ھەتتا قېنى خۇدايىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇنىمۇ تۈرمىگە تاشلاي دېگەن ئاشۇ ئادەملەر مۇسۇلمان ھېساپلىنامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان دېيىلسە كاپىر قەيەردە؟ ياق، ئۇلار دىندىن چىققان مۇرتەدلەر، كاپىرلار. ئۇلار دىنسىزلار .

ئۇلار بۇسوئاللاردىن باشقا يەنە بىرسوئالغا يۆتكەلدى: ئەشۇ بىزنى ئازاپلىغانلارنىڭ ھۆكمى ئۆلۈم بولسا، ئۇلارنى ئاشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇلارغا قارار چۈشۈرگەن، ئۇلارنى باشقۇرۇۋاتقان خوجايىنلىرىنىڭ ھۆكمى نېمە؟ قوللىرىدا بۇيرۇش، چەكلەش، پۈتۈشۈش، بۇزۇش ھوقۇقى بار، ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان ۋە بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا چاقىرغان ھەرقانداق كىشىگە ناھايىتى قاتتىق، ئېغىر جازا ئېلان قىلغان ھاكىملارنىڭ، رەئىسلەرنىڭ ھۆكمى نېمە؟

بۇلار ئۇلارغا قارىغاندا بەكرەك كاپىر، بەكرەك مۇرتەد، بەكرەك ئىسلامغا دۈشمەن. ئۇلار ھەققىدە بىزگە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى كۇپايە قىلىدۇ: كىمكى ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، ئۇلار كاپىرلاردۇر . ( مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت).

مۇشۇنداق نەتىجە چىقىرىپ، بۇنىڭغا قانائەت قىلغاندىن كېيىن بۇنىڭغا جەزمەن ئىشەندى ۋە تۆتىنچى سوئالغا يۆتكىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە بولغان تۈرمداشلىرىغا قاراتتى: ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان ئاشۇ ھاكىملارغا قانداق قارايسىلەر؟ ئۇلار

ئۇنىڭدىن ئىبشىپ، ھەرقانداق ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە چاقىرغان كىشىلەرنى ئازاپلايدۇ، بۇنىڭغا نىمە دەيسلەر؟

كىمكى ئۇلارنىڭ كاپىر قىلغىنىنى كاپىر قىلمىسا، ئۇلارغا قارشى بولمىسا ياكى جىم تۇرۇۋالسا ئۇمۇ ئاشۇلاردەك كاپىر. چۈنكى ئۇ كاپىرلارنىڭ كاپىرلىقىغا شەك قىلدى. كىمكى كاپىرنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىگە شەك قىلسا ئۇمۇ كاپىر.

ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي بەشىنچى سوئالغا يۆتكەلدى:

ئاشۇ ھاكىملارغا ئۇلار ئاللاھ چۈشۈرگەن بىلەن ھۆكۈم قىلمىسىمۇ ئىتائەت قىلغان، بويسۇنغان ئامىمىنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ئۇلارنىڭ ئالدىدا جاۋاپ تەييار: ئۇلارمۇ ئاشۇلاردەك كاپىر. چۈنكى ئۇلار ئاشۇ ھاكىملارنىڭ كاپىرلىقىغا رازى بولدى ۋە ئىقرار قىلدى. ئۇنى ئالقىشلىدى. كۇپۇرلۇققا رازى بولغانلىق شەكسىز كۇپۇرلۇقتۇر .

مانا بۇ خىل پىكىر ئىقىمىدىن پۈتۈن ئىنسانلارنى كاپىر قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. بۇ ئاساسى پىكىردىن يەنە باشقا ھەددىدىن ئاشۇرغۇچى پىكىرلەر شاخلاپ چىقتى. بۇلارنىڭ باشلىنىشى ئەنە شۇ ھەربىي تۈرمىدە بولغان ئىدى.

شۈبھىسىزكى بۇ تۈرمۈشنىڭ تەجرىبە قىلىنغان يولى. ئەلۋەتتە قوپاللىق پەقەت قوپاللىق تۇغدۇرىدۇ. بىسىم كۆچەيگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شەكسىز پارتلاش يۈزبېرىدۇ.

# ئۈچىنچى پەسىل

## داۋالاش يولىدا

بىز يۇقىرىدا « دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش » دەپ ئاتالغان مەسىلىگە بىر قۇر نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى، كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنى ۋە ئامىللىرىنى ئېچىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئەمدى بىز « بۇنىڭ دورىسى نېمە؟ دورا قىلىش يوللىرى قانداق؟ ئۇنىڭ دورىسىنى كىم قىلىدۇ؟ » دېگەندەك سوئاللارنى ئورتىغا قويىمىز.

بىز شۇنى تەكىتلىشىمىز لازىمكى، ئۇنىڭ دورىسىنى قىلىشنى، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئايرىشقا بولمايدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ، سەۋەبلەر بىر قانچە ۋە ھەر خىل بولىدىكەن، ئۇنىڭ دورىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىرقانچە ۋە ھەرخىل بولۇشى كېرەك.

« سىبھىرلىك سىلاش ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە دورا بولۇپ، پايدا قىلىدۇ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ئوتتۇراھال يولغا قايتۇرىدۇ » دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان نەپسىگە ۋە ئەقلىگە چاپلاشقان كېسەللەرنىڭ بۇنچىلىك ئاسان يول بىلەن داۋالاپ ساقايتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. گويا سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە پىكرىي، نەپسىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەر مەۋجۇت بولغىنىدەك، ئەلۋەتتە داۋالاشنىمۇ شۇنداق دورىلار بولۇشى كېرەك يەنى — پىكرىي،

نەپسي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي دورىلار مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ھەممىسى ئىسلام يولى ئارقىلىق، ئىسلام نۇرى ئاستىدا بولۇشى كېرەك. چۈنكى بۇ مەسىلە ئۆزىنىڭ ئاساسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا دىنىي مەسىلىدۇر.

مەن بۇ يەردە شۇنى زىكىر قىلىپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، مەن بۇ مەسىلىنىڭ سەۋەبلىرىنى جەمئىيەتكىلا يۈكلەيدىغان ياكى يالغۇز ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكىلا باغلاپ، ياشلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى يۈكلىمەيدىغان جەبەرىيلەر ( تەقدىرگە يۆلىنىۋالدىغانلار ) دىن ئەمەسمەن. چۈنكى ئۇلار خۇددى قەدىمكى جەبەرىيلەرنىڭ دەۋەتچىلىرى دېگەندەك: « ياشلار شامال قاياققا ئۇچۇرسا ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان تۈككە ئوخشاش » دەپ قارايدۇ.

شۇنىڭدەك، مەسئۇلىيەتنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى يالغۇز ئۇلارغىلا يۈكلەپ قويۇپ، جەمئىيەتنى، ھاكىمىيەتنى ۋە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان سىستېمىلىرىنى ئەپۇ قىلىشىمىز ، خۇسۇسەن تەربىيلەش، يېتەكلەش، ئۆگىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەپۇ قىلىشىمىز توغرا ئەمەس. ھەمدە بۇ ئادىللىقمۇ ئەمەس. ئۇنداقتا مەسئۇلىيەت ئورتىدا مۇشتەرەكتۇر. ھەركىمنىڭ ئۆزىگە لايىق مەسئۇلىيىتى بار. « سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچىغا ئوخشاش، سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار پادىسىدىن مەسئۇل ».( ھەدىستىن )

بۇ نىڭدىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر سوئال ئورتىغا چىقىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ــ ئەگەر جەمئىيەت ئورتاھاللىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن غەلىبە قىلدۇرماقچى بولسا، نېمە قىلىشى كېرەك؟

ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىگە قارشى ياشلار قانداق رول ئوينىشى كېرەك؟

بىر تۈۋەندىكى سەھىپىلەردە مانا بۇلارغا جاۋاپ بېرىمىز.

## جەمئىيەتنىڭ رولى

بىزنىڭ يۇقىرىدىكى تەتقىقاتىمىزدىن ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كۆرۈنۈشىنىڭ تۇغۇلىشىدا ۋە ئۇسۇشىدە بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقلىرى، ۋەزىيىتىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرۇشى ۋە ئىسلامغا قىلغان قۇپال مۇئامىلىسى سەۋەبلىك كۆرۈنەرلىك رولى بارلىقى ئايان بولدى. ئۇنىڭغا قارىتا ئەسلى قىلىدىغان ئىش ـ ئۇنىڭ دورىسىنى قىلىش ئىدى.

بۇ رول مۇھىم بىر نوقتىدىن باشلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ـــ بۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مەنسۇپلۇق تەقەززا قىلغان ئەدەپ ـ ئەخلاق، يۇرۇش ـ تۇرۇش قاتارلىقلارنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئىسلام پەقەت داۋا قىلىسلا بولىدىغان داۋا، كۆتۈرۈۋالسىلا بولىدىغان شوئار ئەمەس. ياكى ئاساسى قانۇندا « دۆلەت دىنى ئىسلام » دەپ يېزىپ قويسىلا، ئاندىن كېيىن ھايات كېمىسى ئىسلامغا زىت يولدا مېڭىۋەرسىمۇ بولىدىغان بىر جۈملە سۆزدىن ئىبارەت ئاساسىي قانۇن ماددىسى ئەمەس.

شۈبھىسىزكى، ئىسلام ھاياتنىڭ كامىل يولى پولۇپ، ئۇنى رەببانىي تۇسكە كىرگۈزىدۇ. ئەخلاق ـ پەزىلەتكە يۇزلەندۇرىدۇ. ئىسلام ھايات يولىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۇنى غايىسىگە يەتكۈزىدىغان، توغرىلىقتىن چەتنەپ كېتىش ياكى ئازگالغا چۈشۈپ كېتىش ياكى يولنىڭ ئاچالرىدا ئېزىپ قېلىش ھالەتلىرىدىن ساقلايدىغان چەك چېگرىلارنى، بەلگۈ ـ ئالامەتلەرنى قويىدىغان تەكامۇللاشقان قانۇندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام يىكىرتى توغرىلايدىغان ئەقىدە، قەلبنى پاكلايدىغان ئىبادەت، نەپسىنى تازىلايدىغان ئەخلاق، ئادالەت

تۇرغۇزىدىغان قانۇن ۋە ھاياتنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىدى.

بىر جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ جەمئىيەت ئىسلام قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. بەنى ئىسرائىل قەۋمىدەك تەۋراتنىڭ بەزىسىنى چىڭ تۇتۇپ، بەزىسىنى تاشلايدىغان جەمئىيەت بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ئاللاھ ئۇلارنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى: « كىتابنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزىسىگە كاپىر بولامسىلەر؟ سىلەردىن مۇشۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى دۇنيادا خارلىنىش ۋە قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا تارتىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ». ( بەقەرە سۈرىسى 85 ـ ئايەت ).

جەمئىيەتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن ئۇ جەمئىيەت ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ـ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ياكى پىكرىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشى لازىم. مانا بۇنىڭ ئۆزى « ئىمان » كەلىمىسىنىڭ تەقەززاسى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : « ( ئى مۇھەممەد! ) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار ) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ ». ( نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەت ).

« پەيغەمبەرنىڭ مۆمىنلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا « ئاڭلىدۇق،

ئىتائەت قىلدۇق » دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر ». (نۇر سۈرىسى 51 ـ ئايەت ).

بىز بۈگۈنكى هاياتىمىزدا ئىسلامنى « ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن شەرىئەت ۋە ئەقىدە » دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشىمىز بىلەن، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى توغلىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ جازالىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى هۆكۈمران قىلماستىن، ئۇنىڭ ئورنىغا شەرق ۋە غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان قانۇن ـ تۈزۈملەرنى هۆكۈمران قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان چاغلاپ يۈرۈشىمىز ئارىسىدىكى بۇ ئاھىيىتى زور قارىمۇ قارشىلىقنى ئېلىۋېتىشىمىز لازىم.

..

مۇسۇلمان هاكىملار ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە قايتىشى لازىم

بىزنىڭ هاكىملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام دىيارىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا هوكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى ۋە بۇنىڭغا ئىشىنىشى لازىم. هەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئەقىدىسى بويىچە هۆكۈم قىلىنىش هەققى بار. ئۇلارنىڭ دەستۇرلىرى، ئۇلارنىڭ قانۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن تەبىر بەرگەن هالدا تۈزۈلۈشى، تەلىم ـ تەربىيە يوللىرى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە مۇۋاپىق هالدا ئورتىغا قويۇلۇشى، تەشۋىقات، مەدەنىيەت ۋاستىلىرى ئۇلارنى هىمايە قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەش تەرىپىگە قاراپ مېڭىشى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىچكى، تاشقى سىياسەتلىرى ئۇنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن هالدا ئېلىپ بېرىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇشى لازىم.

ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسلامنى داۋا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلىشى، قۇرئان ۋە سۈننەتلەردىن يۈز ئۆرۈشى، ئۇنىڭ ئىبادەتلىرىنى، شەرىئەتلىرىنى ئىنكار قىلىشى قاتارلىق قارىمۇ قارشىلىقلارنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ ، دىن ئۇنىڭغا رازى بولمايدۇ.

كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ كەڭ مۇسۇلمان خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن رىقابەتلىششى ھېچ كۆتۈرۈپ بولمىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەرق ياكى غەربكە بېقىندى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق جاكارلىغان ھالدا ئىسلامنى ئاشكارا رەت قىلىدىغانلار بار. ئىسلامنىڭ ئۆزىدىن تەبىر بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرەر بۇرجەكنىمۇ قويۇپ قويمايدۇ. ھەتتا مەسجىدمۇ پەقەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ھاكىمىيەتنى قوللاشنى تەرغىپ قىلىدىغان مۇنبەرگە ئايلىنىپ قالدى. كىمكى ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىپ قالسا ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامنى داۋا قىلىدىغىنى بار. لېكىن ئۇنىڭ ئىسلامى ئۇنىڭ ئەقلى ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان، ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسى بويىچە ئويدۇرۇپ چىقىلغان، ئۇنىڭ شەيتىنى زىننەتلەپ بېزەپ بەرگەن ئىسلامدۇر. ئىسلامنىڭ ئۆزىگە ياققان تەرىپىنى ئالىدۇ. ياقمىغان تەرىپىنى تاشلايدۇ. ئىسلام ھەققىدە ئۇ نېمە دېسە شۇ راست. ئۇ نېمىنى ئىنكار قىلسا شۇنىڭ ئۆزى يالغان. ئۆتكەنكىلەرنى، كېيىنكىلەرنى ياكى ھازىرقىلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇممەتنىڭ ئىلگىرىكىلىرىگە ۋە كېيىنكىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ. مەيلى ساھابىلار بولسۇن، تابىئىنلار بولسۇن قارشى چىقىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ پىقھى ئىماملىرىغا، ئۇسۇلى پىقھى

ئۆلىمالىرىغــا، قۇرئــانىنىڭ مۇپەسســىرلىرىگە، ھــەدىس شـــەرھچىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۆزىلا پىقھى ئــالىمى، ئۇسـۇلى پىقھى ئالىمى، مۇپەسسىر، مۇھەددىس، مۇتەكەللىم، پەيلاسوپ.

خۇددى قەدىمكى شائىردىن بىرى :

ئاللاھقا قىيىن توختىماس ھېچ،

دۇنيانى بىرىنىڭ قولىدا جەم قىلىش ، دېگەندەك .

ئۇ ئاشــۇ بىرىنــىڭ ئــۆزى بــولۇپ، ئۇنىــڭ ئىككىنچىسى يــوق. ھــەتتا ئــاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگـــە ۋە ئۇنىڭدىـــن ھــۆكۈم ئېلىشـــقا، ئۇنىڭدىـــن ئۆگىنىشكە ئېھتىياجى يوق. چۈنكى ئۇ ئــۆز گۇمانىچــە ، پەقــەت قۇرئىان بىلەنلا بىرگە. پەيغەمبەرگە ھــاجىتى يــوق. ئــۇ پەيغەمبــەرنىڭ قۇرئــاننى بايان قىلغۇچـــى ئىكــەنلىكىنى ئۇنتــۇپ قالغــان. ۋاھالــەنكى، قۇرئــاننىڭ ئۆزى مۇنداق دېگـــەن: « كىمكـــى پەيغەمبەرگـــە ئىتائــەت قىلسا ئاللاھقــا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ ». ( نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت ) .

ئۇلارنىــڭ ئىچىــدە پىكىر، قــانۇنلارنى چەتئــەلدىن ئىمپــورت قىلىــپ ئېلىــپ كىرگەنلــەر بــار. لېكىــن ئــۇ مــەجبۇر قىلىــپ، ئىســلام قـــانۇنىدىن شەخسي ئەھۋاللارغىلا ، رادىئو ـ تېلېۋىزوردىكى دىنىي كۆرسىتىش، گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى دىنىي بەتلەردە بىرەر كىچىك بۇرجەكنى قويۇپ قويىدۇ. ئۇ بۇرجەكنى قويۇپ قويۇشتا ئىسلامغا خىزمەت قىلىش، ئىسلامنى تەشۋىق قىلــش ئۈچــۈن ئەمــەس، بـــەلكى كىشـــىلەرگە دىـــن دېمــەك ، غـــەرب چۈشەنچىسى بويىچە ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلــەن پــەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدىنلا ئىبارەت. ئەمما ھايات ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن

« قەيسەرنىڭكىنى قەيسەرگە ئاللاھنىڭكىنى ئاللاھقا قويۇپ بەر »
دېمەكچى بولىدۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە دىن دېگەن مانا شۇ. يەنى شەرىئەت ئەمەس ئەقىدە. دۆلەت ئەمەس دىن. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن چەكلەيدىغان قانۇن ئەمەس شەخسى ئىبادەت.

ئەگەر سىز مىنبىرىڭىزنىڭ ئۈستىدە ياكى گېزىتىڭىزنىڭ بېتىدە بىرەر يامان ئىشنى ئىنكار قىلماقچى ياكى بىرەر چىرىكلىكنى تەنقىد قىلماقچى بولسىڭىز ياكى ھەق دەۋەتكە ياردەم قىلماقچى بولسىڭىز ياكى بۇزۇق پىكىرگە قارشى تۇرماقچى بولسىڭىز سىزگە مۇنداق دەيدۇ: « سەن قەدرىڭنى بىلمىدىڭ، ھەددىڭدىن ئاشتىڭ، دىننى سىياسەتكە ئېلىپ كىردىڭ، دىننى سىياسەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالدىڭ » يەنە بىر خىل تەبىر بىلەن : « دىننى سىياسەت قىلىۋالدىڭ، سىياسەتنى دىن قىلىۋالدىڭ، سەن ئەسلىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى، ساھابىلەر، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ۋە ئۇممەتنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلىرى ئۆگەتكەننىڭ باشقىسىنى يەنى « سىياسەتتە دىن يوق، دىندا سىياسەت يوق » دېگەننى ئۆگىتىشىڭ لازىم ئىدى » دەيدۇ .

بىزنىڭ ھاكىملىرىمىزنىڭ خەلقكە ئىسلامسىز قۇرتۇلۇشنىڭ يوقلۇقىنى، جەمئىيەتكە مۇقىملىقنىڭ يوقلۇقىنى بىلىش ۋاقتى كەلدى. خۇددى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دېگەندەك، « بىز ئەڭ خار مىللەت ئىدۇق، ئاللاھ بىزنى ئىسلام بىلەن ئەزىز قىلدى. بىز ئىسلامنىڭ غەيرى بىلەن قانچىلىك ئىززەت تەلەپ قىلساقمۇ ئاللاھ بىزنى خار قىلىپ قويۇۋېرىدۇ ».
دېيىش ۋاقتى كەلدى.

ئەگەر ئىسلام بىزنىڭ ھاياتىمىزغا ھۆكۈم قىلمايدىكەن، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ھەر زامان دىندار ۋە دىنسىز ھەر ئىككى خىلدىكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىۋېرىدۇ.

ئۇلارغا ئاتىلىق ۋە قېرىنداشلىق روھى بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار!

داۋالاش يولىدىكى ئىككىنچى ئۇسۇل، ئىۇ ياشلارغا ئىگىز مىنبەرنىڭ ئۇستىدىن چوڭچىلىق قىلىپ ياكى ئۇلاردىن بىزار بولغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ گەپ قىلماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق قىلساق ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا كەڭ يوچۇق ياكى چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزگە ئىشەنمەيدىغان، بىزگە قۇلاق سالمايدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇنىڭدەك بىز بۇنداق قىلىش بىلەن ئۇلارنى چۈشەنمەي قالىمىز. ئۇلارنىڭ ھايات تۈگۈنىنىڭ ھەقىقىتىنى يېشەلمەيمىز.

بىزنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىمىز « تۆھمەت قىلغۇچى » ئورنىدا بولۇپ، پۈتۈن غېمىمىز ئۇلارنىڭ يامان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ سەلبىيلىكلىرىنى كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ياخشى نىيەتلىرىگە شەك قىلىش، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا تەنە قىلىشلا بولۇپ قالماسلىقى لازىم. بىز بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئەڭ ئېغىر جازا قوللىنىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

ھەممىدىن ئىلگىرى بىز ئۇلارغا مېھرىبان ئاتىلارچە، قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بىزدىن ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ ئۇلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى، ئۇلار بىزنىڭ جىگەر پارىلىرىمىز ئىكەنلىكىنى،

ھاياتلىقتىكى ئۈمىدىمىز ئىكەنلىكىنى، ئۈممەتنىڭ كېلەچىكى ئۇلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى قاتارلىلارنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

بۇ ئارقىلىق بىز ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئۇلارغا تۆھمەت قىلىش، ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلىش ئىشكىدىن ئەمەس، چىن مۇھەببەت، مېھرى - شەپقەت ئىشكىدىن كىرگەن بولىمىز.

بىز ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىرى ئورنىدا تۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى ئۇلارغا تۆھمەت ئوقلىرى ئالدى - ئارقىدىن، ئوڭ - سولدىن، ھەقمۇ ناھەقمۇ، توغرا نىيەت بىلەنمۇ، قارا نىيەت بىلەنمۇ ھەر تەرەپتىن تىكىلىنىۋاتىدۇ.

ئەگەر بىز بەزى بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئادۋوكاتلىق ئورنىدا تۇرالمىساق، قەتئىي دەلىلسىز تۆھمەت قىلمايدىغان، داۋاگەرگە ياكى جاۋابكارغا يان باسمايدىغان ئادىل سوتچى ئورنىدا تۇرۇشىمىز لازىم.

شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەيىبىمىز — ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كېتىمىز. ئۇنى ھەممىگە ئومۇمىي قىلىۋالىمىز ۋە ئۇنى يېڭىلاشنى، رەت قىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم قىلىپ چىقىرىمىز. بۇنى بىز تۆھمەت قىلغۇچىلارنىڭ، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىنى ئاڭلىماستىن شۇنداق قىلىمىز. بۇ ھېچقاچان ئادىللىق ئەمەس.

كۆپ كىشىلەر ئاشۇ ياشلارغا ئارىلىشىپ، تونۇشۇپ كۆرمەستىن ۋە ئۇلارنىڭ قانداق پىكىر قىلىۋاتقانلىقىنى، قانداق ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى، قانداق يۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەستىن، يىراقتىن ھۆكۈم قىلىدۇ.

يەنە كۆپ كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئازچىلىق كۆپچىلىككە ھۆكۈم قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ پىقھىي ئۆلىمالىرىمىز: « كۆپكە ھەممىنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ، ئازغا ھېچقانداق ھۆكۈم يوق » دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

يەنە بەزىلەر بىر شەخسكە بىرقېتىم سادىر قىلغان قىلمىشى بىلەنلا ھۆكۈم قىلىدۇ. گاھىدا ئۇنىڭغا خاس سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭغا ئىلىپ بارغان ئامىللار بولىدۇ. گاھىدا ئۇنىڭدا ئۇ قىلمىشقا قارىتا باشقىچە تەپسىر بولىدۇ. ئۇ تەپسىرنى ئۇنى ئىنكار قىلغان كىشى ئاڭلىسا ئىنكارىدىن قايتىشى مۇمكىن. قانچىلىك ئېغىر قىلمىش بولسۇن بىر ئىنسانغا بىر قېتىملىق ياكى بىر ئىككى قېتىملىق قىلمىشى ئۈچۈن ئەبەدىي ھۆكۈم قىلىۋېتىش جائىز بولمايدۇ. بەلكى ئىنسان ئۇزۇن قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرى يامان ئىشلىرىدىن كۆپراق بولسا ياخشى دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە مانا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى ئۇنىڭ ياخشىلىق مىزانى ئېغىر كەلسە، ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر ». ( مۆمىنۇن سۈرىسى 102 ـ ئايەت ).

يەنە بەزىلەر ئاشۇ ياشلارغا ئۆزلىرىنىڭ خاس لوگىكىسى بىلەن دىندارلىققا ۋە دىندارلارغا بولغان كۆزقارىشى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇ ياشلار ئۇلارنىڭ قارىشىچە « نادىر ياكى كېسەل ئادەملەر ». « روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلار ». « ئىچىدە كېسەلى بارلار » دۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى روھىي جەھەتتە ئەڭ ساغلام ئادەملەر. ئەمەل جەھەتتە ئەڭ ئىخلاسمەن، ئىچى بىلەن تېشى ئەڭ ئوخشاش ئادەملەر.

ئەقىدىسىدە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىدە ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنياسىدا ھېچقانداق قارمۇ قارشىلىق يوق ئادەملەردۇر.

مەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپۈنچىسىدە ئاشۇنداق ياشلار بىلەن ئۇچراشتىم ۋە ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلدىم. ئۇلاردا دىنىي ئەقىدىدە بولغان قۇۋۋەتنى، ئىماندا بولغان مۇستەھكەملىكنى، سۆزدە بولغان راستچىللىقنى، ئەمەلدە بولغان ئىخلاستىن، ھەقىقەتكە بولغان سۆيگۈدىن، ھەقسىزلىككە بولغان يىرگىنىشتىن، ئاللاھقا دەۋەت قىلىشقا بولغان رىغبەتتىن، زۇلۇمغا بولغان قارشىلىقتىن، ياخشى ئىشقا بۇيرۇش، يامان ئىشتىن توسۇشقا بولغان چىڭ تۇرۇشتىن، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلىشقا بولغان قىزغىنلىقتىن، مەيلى قەيەردە بولسۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن، ئەقىدە يول كۆرسىتىدىغان، شەرىئەت ھۆكۈم قىلىدىغان، ئەخلاق تۇتۇپ تۇرىدىغان كامىل ئىسلامىي ھاياتتا ياشاشقا بولغان ئىنتىلىشتىن باشقا ئىشلارنى كۆرمىدىم.

مەن ئۇ ياشلاردا بىزنىڭ تەقلىدىي، ئۆلۈك ئىسلامىمىزدىن باشقا تىرىك، يېڭى ئىسلام بارلىقىنى، بىزنىڭ مىراس قالغان ۋە سۇۋۇپ قالغان ئىمانىمىزدىن باشقا قىزغىن، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئىمان بارلىقىنى، بىزنىڭ بۇلغانغان ئىمانىمىزدىن باشقا داغ تەگمىگەن ئىمان بارلىقىنى سەزدىم. ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھنى سۆيۈش بىلەن تولغان قەلبنى، ئاللاھنىڭ زىكرى ۋە كىتابىنىڭ تىلاۋىتى بىلەن نەملەنگەن تىللارنى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ۋە يولىنىڭ ئۆلگەن تەرەپلىرىنى تىرىلدۈرۈشكە باغلانغان ئىرادىلەرنى تاپتىم.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىچىدە قائىم ( تۇرغۇچى ) بولىدىغانلارنى، كۈندۈزى سائىم ( رۇزا تۇتقۇچى ) بولىدىغانلارنى، سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتىدىغانلارنى، ياخشىلىقتا ئالدىرايدىغانلارنى كۆردۈم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن خوشخەۋەر بەرگۈچىلەر خوشخەۋەر بەردى. ئۇلار ئىسلامنىڭ ئىستىقبالى، كېلەچەككە نەزەر سالغانلار ئىسلامنىڭ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە شۇنى ئارزۇ قىلىمەن.

مەن مىسىردا بىرقانچە قېتىم كۆپ جايلاردا : « مىسىردىكى چوڭ ياخشى بىر ۋەزىيەت ـ ھازىر مىسىردىكى ھېچقانداق ماددىي بايلىقتا تېگىشكىلى بولمايدىغان ئىنسان بايلىقى » دەپ ئېلان قىلدىم. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدە ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش يولىدا جىھادقا تەييار روھ بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن ياشلار ئىدى.

**ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى تەسۋىرلەشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار!**

يەنە شۇنىڭدەك، بۇ ئىشقا دورا قىلماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى ئۆز ھۆكمىدە مۆتىدىل ۋە تەمكىن بولۇشى ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھەققىدە گەپ قىلىشتا ۋە ئۇنىڭ دورىسىنى قىلىش يولىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم.

بۇ يەردىكى مۆتىدىللىكنىڭ بىرىنچى كۆرۈنۈشى ـــ بۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشتا، تەسۋىرلەشتە ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش، قورقۇتۇشتا مۇبالىغە قىلماسلىقىمىز، بىرتال داننى چوڭ بىر گۈمبەز،

مۆشۆكنى يولـۋاس قىلىۋاتماسلىقىمىز لازىم. بۇ يەردە مۇبالىغە قىلىش ناھـايىتى زەرەرلىـك. چۈنكـى ئـۇ ھەقىقەتلـەرنى مۇۋالاشـتۇرىدۇ. ئۆلچەملەرنى ئىگىز ـ پەس قىلىۋېتىدۇ. شەيئىلەرگە بولغان توغرا قاراشنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا قىلغان ھۆكۈم زالىم ياكى ناقىس ھۆكۈم بولۇپ قالىدۇ.

ئەپسۇسلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ــ مۇسۇلمان ياشلار مەسىلىسى، ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلار بىلەن توقۇنۇشى ۋە دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دەپ ئاتالغان مەسىلە زاھىر بولغاندىن كېيىن دېيىلگەن ۋە يېزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ماۋزۇنى ئورتىغا قويۇشتا مۇبالىغىدىن ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي بولالمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياشلارغا قارشى تەييارلانغان مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

زور كۆپچىلىك ئارىسىدا جارى بولۇۋاتقان خاتا قاراش، يامان گۇمان قىلىش بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىلدى.

ھەتتا بەزى پسىخولوگىيە ئۇستازلىرى بۇ كۆرۈنۈشتىن سىقىلىپ ماقالىلار يازدى. دوكتۇر سەئىدىدىن ئىبراھىم قاھىرەدە چىقىدىغان ئەل ئەھرام گېزىتىغا ماقالە يېزىپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە بىلمەستىن ۋە كۆرمەستىن بىر نەرسە دېگەن ياكى يازغانلاردىن ئۇنداق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

ئەڭ ياخشىسى ئۇلار شۇك تۇرۇشى ياكى ئادىل گەپ قىلىشى لازىم ئىدى. بۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشقا ئەمەلىي، مۆتىدىل نەزەر بىلەن قارىشى كېرەك ئىدى.

دىنى جەھەتتە بولۇۋاتقان ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ كۆپۈنچىسى قارشى تەرەپنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس بولۇپ كەلدى. دىندىن ئۇزاقلاپ كېتىشتە، دىنغا پەرۋاسىز قاراشتا، دىننى مەسخىرە قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلدى. شۇڭا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش بىر ئىشقا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش قانۇنى بىلەن بىرگە يۈرىدۇ ۋە ئاشۇ دىندىن ئۇزاقلاشقانلارنى ئورتا ھاللىقا، مۆتىدىللىككە قايتىشقا ئاگاھلاندۇرۇدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلارنى ئاشۇلار بىلەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىشقا قايتۇرۇدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى ــ ھاياتنىڭ ئۆزى كۆپۈنچە قىسمەن ھەددىدىن ئاشۇرۇشقا مۇھتاج بولۇدۇ. مانا بۇ بۇنىڭغا قارشى بولغان ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارىتا تۇتقۇلغان يولدۇر. شۇ ئارقىلىق چىڭ تۇرغۇچىلار بىلەن بوشاڭلار ئارىسىدىكى مىزاننىڭ ئىككى تەرىپى تەڭپۇڭلىشىدۇ. تۆمۈرنى تۆمۈردىن باشقىسى سۇقالمايدۇ. مانا بۇنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇداپىئەلىنىش قائىدىسى پەرز قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى ئارقىلىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتلىققا تولۇپ كېتەتتى. لېكىن ئاللاھ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر . ( بەقەرە سۈرىسى 251 ـ ئايەت ).

ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، دىندىن ئۇزاقلىشىپ، ئۇنىڭ ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى تاشلاپ قويۇشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر دىننى چىڭ تۇتۇش، ئۇنى ھىمايە قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ئۇچرىغانچىلىك قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. ئەسلىدە ھەددىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش قارشى تۇرۇش كېرەك ئىدى.

بىز ئىسلام ئۇچۇن ۋە ئىسلام بىلەن ياشايدىغان، نامازلارنى جايىدا ئادا قىلدىغان، يامان ئىشلارنى ئىنكار قىلىپ، ئىپپىتىنى ساقلاپ، تىلىنى يىغىپ، ھالالنى ئايرىپ، ھارامدىن ساقلىنىپ، ئىسلام ئەخلاقلىرىنىڭ جۇملىسىدىن دەپ ئېتىقاد قىلغان ھەرقانداق ئىشلارغا ھېرىس بولۇپ، ساقالنى ئۇزۇن قويۇپ، كىيىمنى قىسقا كىيىپ، ئېغىزنى پاكلايدۇ دەپ قاراپ مىسۋاك تۇتۇپ، پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىپ، ۋاقتىنى بىكار كەتكۈزمەي، پۇل - مېلىنى پايدىسىز ئىشلارغا ئىسراپ قىلماي، ھەتتا تاماكىمۇ چەكمەي.... مانا شۇنداق ئاللاھنىڭ تائىتىدە مەيلى چىڭقىتىۋالغۇچى، چىڭ تۇتۇۋالغۇچى بولسۇن تائەت ئىبادەت بىلەن ياشىغان، ئاشۇنداق ئۆسۈپ يېتىلگەن ياشلارنى ئىنكار قىلساق، دەل شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە نامازنى تەرك قىلغان، شەھۋەتكە، ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشكەن، ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان، ياسانچۇق، ئوغۇل ياكى قىز باللىقىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان، ياخشى ئىشنى بىلمەيدىغان، يامان ئىشنى يامان كۆرمەيدىغان، ئۆز ئەسلىنى يوقىتىپ قويغان پىكرى، يۇرۇش - تۇرۇشى غەربلىشىپ كەتكەن، قەدەممۇ - قەدەم غەربكە ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ياشلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرساق، ئالدىنقى خىلدىكى ياشلارنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارغا غەزەپ ئوقىنى سانجىپ، كېيىنكى خىلدىكى ياشلارغا قارىتا جىم تۇرساق ئىنساپ قىلغانلىق بولامدۇ؟ دىندارلىقتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كە قارشى تۇرۇشتا قاتتىق تۇرۇپ ۋاقىراپ -

جاقىراش، دىنىسزلىقتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كە قارىتا ھەممە شۇك تۇرۇۋېلىش ئىنساپ قىلغانلىقمۇ؟

يۇزىگە چۇمپەردە كىيگەن قىزلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە قاراپ مەسخىرەقىلىشىدۇ. ( ۋاھالەنكى، ئۇ قىزلار بۇنى پەقەت ئاللاھنى رازى قىلىش، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگىشىش ئۇچۇن، ئۇزلىرىنىڭ چۇشەنگىنى ياكى چۇشەندۇرۇلگىنى بويىچە شۇنداق قىلغان ) دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە باشقا بىرخىل يەنى باشقىلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىشنى ئويلايدىغان، ئۆزى ھەم باشقىلارغا مايىل، يېرىم يالىڭاچ، بەلكى قىپيالىڭاچ ھالدا كوچىلاردا، دېڭىز بويلىرىدا ياكى كىنو - تىياتىرخانىلاردا چېپىپ يۇرگەن قىزلارغا قارشى ھېچكىم بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ. بىرەر قېتىم ئىنكار قىلىپ پىچىرلاپمۇ قويمايدۇ. چۇنكى بۇ ئاساسى قانۇن ھىمايە قىلغان شەخسىي ئەركىنلىك ئىمىش. ئاساسى قانۇن يالىڭاچلىق، بۇزۇقچىلىق جەھەتتە شەخسىي ئەركىنلىك نى ھىمايە قىلىپ، كىيىنىش، ئىپپەت - نومۇسنى ساقلاش جەھەتتە ئۇ ئەركىنلىكنى مۇسادىرە قىلغانمۇ؟ مانا بۇ ئادىللىقمۇ؟

ئەگەر جەمئىيەت دىننى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە دىندىن چىقىپ كەتكۇچىلەرگە قارىتا ھۆكۈم قىلىشتا ھەق مەيداندا تۇرغان بولسا ۋە يامان ئىشلارنى تىلى ۋە قولى بىلەن ئۆزگەرتكەن بولسا، بىزدە دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىش دەيدىغان مەسىلە مەۋجۇت بولمايتتى. ئەگەر باشقا بىر سەۋەب تۇپەيلىدىن مەۋجۇت بولۇپ قالسا بۇ دەرىجىدە ئېغىر بولمايتتى.

بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرخىل ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە دىنغا تەئەللۇقى، سىياسەتكە تەئەللۇقى، پىكىرگە تەئەللۇقى ۋە يۇرۇش - تۇرۇشقكە تەئەللۇقى بار.

ئەگەر بىز دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كە قارايدىغان بولساق، ئۇنى مەيلى شەرقتە بولسۇن، غەربتە بولسۇن، شىمالدا بولسۇن ۋە جەنۇبتا بولسۇن ھەممە جايدىن تاپالايمىز. مۇسۇلمانلاردىن باشقا دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر قوپاللىق ۋە جاھىللىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئىپلان قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق دۇنيا ئۇلارنى مۇسۇلمانلاردىن بولغان دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى لەرنى ئىنكار قىلغانچىلىك ئىنكار قىلغىنى يوق. ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى ئۇلارغا قارىتا، ئىسلام دۆلەتلىرى مۇسۇلمانلارغا قارىتا قوللانغان چارىنى قوللانغىنى يوق.

ئىسرائىلىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر نى كۆردۇق. ئۇلار پارتىيە، تەشكىلات شەكلىدە ئۆزلىرىنىڭ مەقسەدلىرىنى ئاشكارىلاۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىپلان قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇلارنى ھېچ قورقماستىن، ھېچ خىجىل بولماستىن قىلىۋاتىدۇ. بەلكى باسقۇنچى دۆلەتنىڭ ئۆزى ئۆزلىرىنىڭ ئەسفار لىرى، تەلمۇد لىرى ئەمرى قىلغان، پەقەت ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ تاللانغان خەلقى ئىكەنلىكىنى ئۇگەتكەن، باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا خىزمەتكار بولۇشى لازىم دېگەن، ئۇممىيلارنىڭ ( ئەرەپلەرنىڭ ) ئۇلاردا ھەققى يوقلىقىنى تەكىتلىگەن، باشقىلارنىڭ قانلىرى ، ماللىرى ۋە ۋەتەنلىرى ئۇلارنىڭ مەقسىدىگە يېتىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ھالال دەپ

قارىغان ھەقىقىي ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان دۆلەتتۇر.

لىۋاندىكى خرىستىيانلارنىڭ دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشى نى كۆردۇق. كەتائىبۇن لار پىرقىسى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى مۇسۇلمانلارنى بوغۇزلاش، ئۇلارنىڭ ئەرلىكلىرىنى كېسىۋېتىپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا تىقىپ قويۇش، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۇرىۋېتىش، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىپپەت - نومۇسلىرىنى ۋەھشىيلەرچە دەپسەندە قىلىش، ئۇلارنىڭ قۇرئانلىرىنى كۆيدۇرۇش، دىنىي كىتابلىرىنى ئاياقلىرى بىلەن دەسسەش، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي شەخسىيىتىگە دالالەت قىلىدىغان ھەممە نەرسىگە ئاھانەت قىلىش قاتارلىق ۋەھشىيلىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت ۋە تېنچلىق پەيغەمبىرى بولغان ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە خرىستىيانلىق شوئارى ئاستىدا قىلىنىۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: دۈشمەنلىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈڭلار، سىلەرگە لەنەت قىلغۇچىلارنى مۇبارەكلەڭلار، كىمكى سېنىڭ ئوڭ ئېڭىكىڭگە شاپىلاق سالسا، سەن ئۇنىڭغا سول ئېڭىكىڭنى تۇتۇپ بەر

خرىستىيانلارنىڭ دىنىي جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلىرى نى لىۋاندا كۆردۇق. يەنە ئۇنىڭ قىبرىستا مۇسۇلمان تۈركلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇنىڭ ھەبەشىستاندا ئېرىترىيە مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. پىلىپپىندا جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

كاتولىكلارنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلىرىنى كۆردۇق. يەنە ئورتودوكسلارنىڭ، پروتېستانتلارنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز.

ھىندىستاندا بۇددا دىنىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى كۆردۇق. مۇتەئەسسىپ ھىندۇس پارتىيەلىرىنىڭ پۈتۈن غېمى مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلىش، بەلكى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش. ئۇ يەردە بىرەر يىلمۇ قىرغىنچىلىقسىز ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭ قۇربانلىرى تېنچلىق ئىزدەيدىغان مۇسۇلمانلار. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئىنسانلارنى خۇددى كالا بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مېھرى - شەپقىتى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن كالىلارنى بوغۇزلاشنى ھارام قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ جان ئىگىلىرى! ئۇلار قۇرت - قوڭغۇز، چىۋىن - پاشىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ھاشارەت ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەم جان ئىگىلىرى! ساچقانلارنىڭ مىڭلىغان ھېكتار يەردىكى بۇغدايلارنى ۋەيران قىلىشىغا مەيلى دەپ چېقىلماي تاشلاپ قويۇشىدۇ. چۈنكى ئۇلار جان ئىگىلىرى! گوياكى مۇسۇلمان ئىنسانلار ساچقان ۋە قۇرت - قوڭغۇزلاردەك جان ئىگىلىرى ئەمەستەك!!

بۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز يەنە شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىز ھازىر قورقۇنچ، ئەندىشە ۋە ئەنسىرەشتە ياشاۋاتىمىز. مانا بۇ ئىنسانلار ئايغا چىققان مۇشۇ ئەسىردىكى ئۇلارنىڭ پىكرى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىغا ئۈستۈنلۈك قىلىۋالغان ماددىچىلىق دولقۇنىنىڭ نەتىجىسى. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىنسان يەر يۈزىدە ئۆزلىرىنى بەختلىك قىلىشقا قادىر بولالمايۋاتىدۇ.

تەرەققىيات ماددىي جەھەتتە غەلىبە قازاندى. لېكىن ئۇ روھىي جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى.

مانا بۇ ھېيىبىز كەبى غەرب ياشلىرىنى تەرەققىياتنىڭ ماددىچىلىقىغا، ھاياتنىڭ ماشىنىلىشىشىغا قارشى قوزغىلىپ، ئاپتوماتنىڭ كىنوپكىلارنى، تېخنىكا سايمانلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، يېزا قىشلاقلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىپ قويدى. بارلىق راھەت - پاراغەت ۋاستىلىرى تولۇغلۇق ئۇ يوقسۇزلۇق ھېس قىلدى. ھاياتنىڭ مەنىسىنى، مەقسىدىنى چۈشەنمىدى. سانائەت تەرەققىياتى ئۇنىڭ مەن كىم؟ ، مېنىڭ ۋەزىپەم نېمە؟ ، مەن نەدىن كەلدىم؟ ، مەن نەگە قايتىمەن؟ دېگەن سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرەلمىدى.

بۇ ئۆزگىرىش ۋە ئەندىشە بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىمۇ ھەرخىل شەكىلدە ئەكس سادا كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بەزىلىرى دىنىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقىدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولدى. يەنە بەزىلىرى دىنغا ئىنتىلىشكە سەۋەب بولدى. بىزدىكى نۇرغۇن ياشلار ئۆزلىرىنىڭ سوئاللىرىغا ئىسلامدا جاۋاپ تاپالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامغا قايتىشقا باشلىدى. ئۇ تەرەپكە قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلدى. ياشلىقنىڭ قىزغىنلىقى ئىمانىنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن بىرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىدىن دۇنيانى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ، بەلكى گاھىدا كۆيدۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىدە يالقۇن پەيدا بولدى.

بۇ قوزغىلىش ئەسىردە بىزنىڭ جىمجىتلىقنى كۆتىشىمىز، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە مۆتىدىللىكنى تەلەپ قىلىشىمىز لوگىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئىنسان ئۆز مۇھىتىنىڭ، ئۆز ئەسىرىنىڭ بالىسى،

خۇددى ھەرقانداق قاچا ئۆزىدە بار بولغان نەرسىنىڭ بىسىمىغا ئۇچرىغاندەك ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇنىڭدا ئۆزىگە مۇناسىپ پىكىر ۋە ئاڭ تۇغدۇرىدۇ.

**ئەركىنلىكنىڭ مەيىن شامىلىغا دېرىزىلەرنى ئېچىڭلار!**

ئاندىن كېيىن بىز ھېلىقى رازۋېتكا خادىملىرى ۋە خەۋپسىزلىك تارماقلىرى ھەر دائىم ئويلاپ يۈرىدىغان، كونىراپ ئەپچىقى چىقىپ كەتكەن قوپاللىق قىلىش، جازالاش ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئازاپلاشقا ئوخشاش قەدىمىي ئۇسۇللارنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز لازىم.

ئۇنىڭ ئورنىغا ئەركىنلىك شامىلىغا دەرىزە ئېچىشىمىز، تەنقىد قوبۇل قىلىشىمىز، دىندىكى نەسىھەت قىلىش روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن مۇنۇ سۆزنى دېيىشىمىز لازىم: نەسىھەت قىلغۇچىغا دائىم مەرھابا، نەسىھەت قىلغۇچىغا ئەرتە ـ ئاخشام، ھەر زامان مەرھابا، ماڭا ئەيىۋىمنى كۆرسىتىپ قويغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! .

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مانا شۇنداق زات ئىدى. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان، مەسلەھەت كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تەنقىد قىلغان ھەرقانداق كىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيتتى.

ئۇنىڭغا بىرسى مۇنداق دېدى: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھتىن قورق بەزىلەر بۇنىڭغا خاپا بولدى. لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر: قوي ئۇنى! ئەگەر ئۇ سۆزنى دېمىسەڭلار سىلەردىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بىز ئەگەر ئۇ سۆزنى ئاڭلىمساق بىزدىن ھەم ياخشىلىق كەلمەيدۇ دېدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىركۈنى ئۇ خۇتبە ئوقۇپ مۇنـــداق دېـدى: ئـى ئىنسـانلار! كىمكـى مەندە ئەگرىلىكنى كۆرسە تۈزلەپ قويسۇن . بىركىشى ئۇنىڭغا ئەگەر بىـز سـەندە ئـەگرىلىكنى كۆرسـەك، ئەلۋەتتـە قىلىچلىرىمىـــز بىلـــەن تۈزلـــەپ قۇياتتۇق دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئاچچىغلانمىدى. ئۇنـى تۇرمىگە تاشلاشقىمۇ بۇيرۇمىدى، ياكى تۇتـۇپ سـولاپ قويمىـدى، يـاكى ئۇنى تەكشـۈرمىدى. بـەلكى قـەتئىي ئىشـەنچ بىلـەن مۇنـداق دېـدى: ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئۆمەرنىڭ ئەگرىلىكىنى قىلىچنىــڭ بىســى بىلـەن تۈزەپ قويىدىغانلارنى بار قىلغان ئالالاھقا چەكسىز مەدھىيەلەر بولسۇن .

ئەركىنلىك ھاۋاسىدا پىكىر يورۇقلۇققا چىقىـدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن ئىلىـم ئەھلىگە ئۇنى مۇنازىرە قىلىش، ئۇنـــى تـەنقىد قىلىـش پۇرسـىتى كېلىـدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە پـۇت تىـرەپ تۇرالايدىغـان بولـىدۇ يـاكى يېڭىلىـپ يـوق بولـىدۇ يـاكى ئۆزگـەرتىلىدۇ ۋە تـــازىلىنىدۇ. يـــەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ ھاڭلارنىڭ ئىچىدە يوشـۇرۇنۇپ قېلىـپ، مۇنازىرەسـىز ئۆگىتىلىشىنىڭ، قارشىلىقسـىز ئورنىغـا تاشلىنىشـــنىڭ، كۈندىـــن - كۈنگـــە زورىيىپ كېتىشىنىڭ، ھەتتا تۈيۈقسىز كېلىپ كىشـلەرنى چۆچۈتۈۋېتىشـىنىڭ ئورنىغا يۇقىرىقىدەك ئەركىنلىك يولى بىلەن ئۇنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

بىز بۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش نىڭ مـەنبىئى پىكىـر ئىكـەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دورىســى ھــەم پىكىـر ئـارقىلىق بولۇشـى لازىـم. قەلـەمنى پەقـەت قەلـەملا يېڭەلـــەيدۇ. شۇبھىنى پەقەت ھۆججـەتلا كەتكۈزەلـەيدۇ. تىلنىـڭ يارىسـىنى چىشـنىڭ دورىسى بىلەن داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ پىكىرنى تازىلاش ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەتكە ۋە جازالاش ئۇسۇلىغا تايىنىش، ئۇنىڭ ئەھلىنى قوغلاپ يۈرۈش ئەڭ چوڭ خاتالىق. چۈنكى ئۇ بېسىم ئارقىلىق يوشۇرۇنۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۆلمەيدۇ. ئوت ئالدۇرغۇچ ماددا سەرەڭگىدە قېپقالىدۇ. پۈتۈنلەي ئېلىنىپ كەتمەيدۇ.

بەلكى قىلىش لازىم بولغىنى تەرۋىنىپ قالغان ئەقىللەرگە تاكى تۈزەلگىچە خىتاب قىلىش. تاكى ئېلىشاڭغۇلۇق تۈگىگۈچە چىرايلىقچە، ئۇزۇن سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈش. ئىككى كۆزى ئوچۇق كىشىگە تاڭ نۇرى ئايان بولغۇچە سەۋر قىلىش. ھەتتا ئۇلار قورال كۆتەرسىمۇ ئۇلاردىن قورالنى ئېلىۋېلىش، ئۇلارنى قورال بىلەن ئۇرماسلىق لازىم.

ئەمما ئىنقىلابىي ئىدېئولوگىيە دەۋەتچىلىرى، رازۋېتكا ۋە چارلاش خادىملىرى يەنى ھەتتا سۆڭەككىچە ئېزىپ تاشلاشقا، ئۆلگۈچە ئازاپلاشقا، تاكى ئاخىرقى كىشى قالغۇچە تازىلاش ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدىغانلار بۇنداق قىلىش بىلەن ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى يوقىتىپ بولالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەت ۋاقتىنچە ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى قىرقىش. لېكىن قىرقىلغان قانات تېزلا ئۆسۈپ چىقىدۇ ۋە قاناتلىرى كۈچلۈك بۈركۈت بولۇپ يېتىلىدۇ.

گەرچە ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە تازىلاش ئارقىلىق ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى بىر جامائەتنى يوقىتالىغان بولسىمۇ، ئۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە بىر ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى جامائەتنىڭ ، بەلكى نۇرغۇن جامائەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز ـ توغرا ئىسلامىي ئاڭنى يېتىلدۈرۈش، ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرى ئۈچۈن مۇنەۋۋەر پىقھىي يەنى چوڭقۇرلۇقلارغا كىرەلەيدىغان، يۈزىدە لەيلەپ قالمايدىغان، شاكىلىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىلگىرى مېغىزىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان، شاخلارنى تۈپلىرىگە قايتۇرىدىغان، جۈزئىينى كۈللىيگە قايتۇرىدىغان، گۇمانلىقنى قەتئىيگە قايتۇرىدىغان، ئەھكاملارنى ئەسلى مەنبەلىرىدىن ئالىدىغان، پەرئىي قانۇنلارغا كۆپايە قىلىپ تۇرۇپ قالمايدىغان، مۇنەۋۋەر پىقھىي ئۇستىگە قۇرۇلغان ئىسلامىي ئاڭنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەش لازىم.

بۇ خىل ئاڭنى ۋە پىقھىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس. ئىنسانىنىڭ ئۆزى باش ئەگكەن، مەيلى خاتا بولسۇن توغرا بولسۇن ئۇنىڭ توغرىلىقىغا قانائەت قىلغان پىكرىنى ئۆزگەرتىش سادىقلىق بىلەن تىرىشچانلىق قىلىشقا، كۆپ سەۋر قىلىشقا، ئاللاھتىن كۆپ ياردەم تىلەشكە مۇھتاج بولىدۇ.

ھاكىمىيەت ئىگىلىرى بۇ ئىشنىڭ ئاسانلىقىنى، يېقىنلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ئۇلار ئاڭلاش، كۆرۈش، ئۇقۇش قاتارلىق بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى سەپەرۋەر قىلساق، بىر پەستە ئۇشتۇمتۇت ئەقىللەر ئۆزگەرگەن، قەلبلەر ئالماشقان، قاراشلار يېڭىلانغان بولىدۇ. كىشىلەر شەرقتىن غەربكە، ئوڭدىن سولغا پۈتۈنلەي ئۆرۈلگەن بولىدۇ دەپ قارىشىدۇ.

ۋاھالەنكى، ئۇلار تەلەپ قىلىنغان ئۆزگۈرۈشتىن، ئىزدەلگەن ئاڭنى پەيدا قىلىشتىن ئەڭ ئاجىزراقى ھاكىمىيەتنىڭ تىلى، قەلىمى، ئاپپاراتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بىلگەندىمۇ بىلمەسكە سالىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى شەكىل جەھەتتە رەت قىلىنىدۇ. ئەسلا قوبۇل قىلىنمايدۇ.

تەجرىبە قىلىنغان ۋەقەلەردىن بەزى ۋاقىتلاردا بەزى جايلاردا يۈزبەرگەن بەزى ئىشلار بار. ئۇ بولسىمۇ بەزى ئۆلىمالارنى سەپەرۋەر قىلىپ، تۇرمىدىكىلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىگە ئېسىلىۋالغان پىكىرلەرنى تازىلاش ئۈچۈن ئەۋەتىش. بۇ ھېچقانداق پايدا بەرمىدى. بۇ دەرس ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر، لېكسىيەلەر مەسخىرە قىلىنىش ۋە ئۇنى دىگۈچىنى ھەم مەسخىرە قىلىشتىن باشقا جاۋاپقا ئېرىشەلمىدى.

شۈبھىسىزكى، تەلەپ قىلىنغان پىقھىغا ئىگە قىلىش پەقەت ھاكىمىيەتتىن يىراق، ئۇنىڭ رىغبىتىدىن، ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ھەم يىراق ۋە ئاشۇ پاشالارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئۆلىمالار ئارقىلىق بولمىسا مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇ پاشالار ئۇ ئۆلىمالارنىڭ ئىلىملىرىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا، دىنىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە ئىشەنگەن بولۇشى لازىم. بۇ پەقەت تەبىئي، ئەركىن ھاۋادا، چىرايلىق ۋەدىدىن يىراق، قامچىنىڭ ھەيۋىسىدىن يىراق ھالدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى يىپىلغان ئىشىك ۋە سوقۇلغان سىپىل توسۇپ قالالمايدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئىش بىر كېچە - كۈندۈز ئىچىدە ئۈستىدە تۇرۇپ گەپ سېلىپ بىرىش ياكى ھەربىي بۇيرۇقلار ئارقىلىق پۈتمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەركىن ئۈچرىشىش، ئىنىق سۆھبەتلىشىش، قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش ئارقىلىق تامام بولىدۇ.

كاپىر قىلىشقا ئۇنىڭغا ئوخشاش كاپىر قىلىش بىلەن قارشى تۇرماڭلار!

مەن دائىم ئاگاھ بولۇشنى تەكىتلەيدىغان، ئۇنىڭ خەتىرىدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشنىڭ بىرسى پىكىر جەھەتتە ھەددىدىن

ئاشۇرۇۋېتىشقا ئۇنىڭغا ئوخشاش پىكىر جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن قارشى تۇرۇش، تەئەسسۇپلۇقتا تەئەسسۇپلۇق بىلەن ، رەت قىلىشقا رەت قىلىش بىلەن، يامانلىققا يامانلىق قىلىش بىلەن قارشى تۇرۇش. ھەقىقەتەن ھۇجۇمنى ئالدىدا باشلىغان كىشى زالىمراقتۇر.

يەنە بىز كىشىلەرنى كاپىر قىلغانلارنى كاپىر بولدى دەپ تۆھمەت قىلمىز. خۇددى بىزنى كاپىر قىلغانلارنى بىزمۇ كاپىر قىلمىز دېگەندەك قىلمىز. بۇنىڭغا بەزىلەر مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن : كىمكى مۇسۇلماننى كاپىر دېسە ئۇنىڭ ئۆزى كاپىر بولىدۇ .

ھەقىقەت شۇكى، ئەگەر بىز ئۇنداق قىلساق، خۇددى ئۇلار چۈشۈپ قالغان ئازگالغا بىزمۇ چۈشۈپ قالغان بولىمىز. بۇ ھەدىس تەئۋىل قىلىش ياكى شۈبھىگە ئاساسلىنىپ كاپىر قىلغان كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىسلەر دالالەت قىلىدۇ. ساھابىلاردىن سابىت بولغان ۋەقەلەرمۇ بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

بىز مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۇرۇشقان، ئۇنى ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلغان خاۋارىجلارغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن ئۆلگە ئېلىشىمىز لازىم. بايراقدارلارنىڭ بايراقدارى، ئىسلامنىڭ قەھرىمانى، ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىغان ئايالنىڭ ئېرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، قولىدا ھەق يولىدا دائىم غىلاپىدىن چىقىپ تۇرغان قىلىچى بولغان ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانداق پوزىتسىيە تۇتتى؟

ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى، باتىللىقلىرىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۆھمىتىگە تۆھمەت بىلەن،

ئۇلارنىڭ كاپىر قىلغىنىغا كاپىر قىلىش بىلەن قارشى تۇرۇشىنى رەت قىلدى. بەلكى ئۇلارنى ئىسلامنىڭ دائىرىسىدە قويۇپ قويدى. بۇنى ئۇلارغا قارىتا ياخشى قاراشتا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ هالىنى ئەڭ ياخشى هالەتكە ئاغدۇرغانلىقتىن شۇنداق قىلدى.

بەزىلەر ئۇنىڭدىن خاۋارىجلار ھەققىدە سوراپ: ئۇلار كاپىرلارمۇ؟ دېگەندە، ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولدى: ئۇلار كۇپۇردىن قاچقانلار... . ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا ئۇلار كىم؟ دېيىلگەندە ئۇ: تۇنۇگۈن ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ئىدى. بۈگۈن ئۇلار بىزگە قارشى چىقىۋاتىدۇ دېگەن ئىدى.

ئۇنداق بولسا ئۇلارغا مۇرتەد كاپىرلارنىڭ ھۆكمىنى ئەمەس، ئىمامغا قارشى چىققان كىشىلەرنىڭ ھۆكمىنى بېرىش كېرەك.

ئىمامغا قارشى چىققانلار دېمەك ، تەئۋىل قىلىش ياكى ئۆزلىرىدىكى شۈبھە بىلەن ئادىل ئىمامغا قارشى چىققانلاردۇر.

ئۇلار ئەگەر كۈچلۈك بۆلۈپ ئىمامغا قارشى قورال كۆتەرسە، ئۇلارغا ئالدىراپ ئۇرۇش ئېلان قىلماسلىق كېرەك ، بەلكى ئۇلارغا ئۇلاردىكى شۈبھىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان، ئۇلارغا ھۆججەت تۇرغۇزىدىغان، ئۇلار بىلەن چىرايلىق مۇنازىرە قىلىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتىش لازىم. بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ساقلاپ قېلىش، سۆزنى بىر جايغا جەم قىلىش، قايسى يول بىلەن بولسۇن مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇلار ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۇرۇشۇشتىن باشقىغا ئۇنىمىسا تاكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قايتقۇچە ئۇرۇش قىلىنىدۇ. ئۇرۇش مەيداندىن قاچقانلىرى قوغلانمايدۇ. يارىلانغانلىرى

ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەسىرلىرى ھەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئاياللىرى ئولجا ئېلىنمايدۇ. ماللىرى غەنىمەت ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر. پەقەت ئۇلارنىڭ ئازار يەتكۈزىشىدىن ساقلىنىش، ئۇلارنى ئىسلام بىرلىك سېپىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش، يېشىللىقلىرىنى خاراپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.

ئەگەر ئۇلار قوللىرىنى يىغىپ، ياخشىلىقچە ئىتائەت قىلغانلىقىنى ئېلان قىلسا، ئۇلاردىن قول يىغىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇلار ئۆز كۆزقاراشلىرىدا قالسا مەيلى، چۈنكى كۆزقاراشلار ئۇرۇش قىلىش بىلەن ئەقىللەردىن چىقىرىلمايدۇ. كۆزقاراشلار قىلىچ بىلەن ئۇلارغا پەرز قىلىنمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە ھەزرىتى ئىمام ئەلىدىن رىۋايەت قىلىنىپ، نەشىر قىلىنىشقا لايىق بولغان يەنە بىر قاراش بار. چۈنكى ئۇنىڭدا پىكىر ئەركىنلىكىگە، خۇسۇسەن قارشى پىكىر بىرىش ئەركىنلىكىگە دەلىل بار. ئۇ قاراش ئىسلامنىڭ تاڭ سەھىرىدىلا، تېخى دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە ھېچكىم يەتمىگەن دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا دۇنيا بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن ئاندىن يېتەلىدى.

خاۋارىجلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇرۇشىنى توختىتىپ خەلىپىنىڭ كىم بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا رازى بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ھەققى يوق دېگەن مەشھۇر سۆزىنى دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا رەت قىلىپ ئۇلارنىڭ دېگىنى ھەق سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن باتىل ئىرادە قىلىنغان دېگەن تارىخىي سۆزنى ئېيتقان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىپ، قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۇچۇق قىلىپ مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ بىزدە ئۈچ ھەققىڭلار بار: سىلەرنى مەسجىدلەردىن مەنئى قىلمايمىز، رىزقىڭلارنى غەنىمەت قىلىپ ئالمايمىز، ئەگەر پاساتلىق تۇغدۇرمىساڭلار بىز سىلەرگە ئۇرۇش باشلىمايمىز .

ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدلىرىدە ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىكىنى بەردى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى پىكىردە ئىختىلاپ قىلسىمۇ، ئەگەر ئۇلار باشلاپ دۈشمەنلىك ۋە پاساتلىق قىلمىسىلا، ئۇلارغا قورال كۆتەرمەسلىككە كېپىللىك بەردى.

بۇنى ئاشۇ قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ ھەر بىرى شۇ زامانىنىڭ شارائىتى بويىچە ھەرزامان ئۇرۇشقا تەييار تۇرىدىغان، مەشىق قىلدۇرۇلغان ئەسكەرلەر بولسىمۇ شۇنداق قىلدى.

بۇ ئورۇندا ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈشكە لايىق بولغان بىر ئىش شۇكى، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ قىسمى خاۋارىجلارنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقىلارنى كاپىر دەپ، ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىنى ،جانلىرىنى مۇباھ سانىغان، ئۇلارغا قورال كۆتەرگەن بولسىمۇ ئۇلارنى كاپىر دېيىشتىن ساقلاندى. ئۇلارنى دىندىن چىقىپ كەتكەنلىك بىلەن سۈپەتلەپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش لازىملىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەر سەھىھ بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلدى.

ئىمام شەۋكانى نەيلىلئەۋتار دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى سۈننىيدىن بولغان ئۇسۇلى پىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپراقى خاۋارىجلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئىككى شاھادەتنى ئېيتقانلىقى، ئىسلامنىڭ ئەركانلىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى

ئۇچۇن، ئۇلارغا ئىسلام ھۆكمى جارى بولىدۇ. ئۇلار پەقەت خاتا تەئۋىلگە يۆلەنگەنلىكتىن پاسىقلىششىپ كەتتى. مانا بۇ ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى مۇباھ ساناشقا ۋە ئۇلارغا كۇپۇر، شىرىك بىلەن تۆھمەت قىلىشقا ئېلىپ باردى.

خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: خاۋارىجلار گەرچە ئېزىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىسلام پىرقىلىرىدىن بىر پىرقە ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلدى ۋە ئۇلار بىلەن ئۆيلىنىشنى، ئۇلار بوغۇزلىغان گۆشلەرنى يېيىشنى جائىز قىلدى. ئەگەر ئۇلار ئىسلامنىڭ ئەسلىنى چىڭ تۇتىدىكەن ئۇلار كاپىر دېيىلمەيدۇ.

قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: بۇ مەسىلە باشقىلارغا قارىغاندا مۇتەكەللىملەرگە ئەڭ قىيىن بولغان ئىدى. ھەتتا پەقىھ ئالىم ئابدۇلھەق ئىمام ئەبۇلمەئالىدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا ئۇ: كاپىرنى دىنغا كىرگۈزۈش ۋە مۇسۇلماننى دىندىن چىقىرىش دىندا ناھايىتى چوڭ مەسىلە دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. قازى ئەبۇ بەكرى باقىلانى بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئوچۇق كاپىر بولمىدى ، بەلكى ئۇلار كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلدى .

ئىمام غەززالى ئىمان بىلەن زىندىقلىق ( ئىمانسىزلىق ) نىڭ ئارىسىنى ئايرىش دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئىمكانىقەدەر كىشىلەرنى كاپىر قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى تەۋھىدكە ئىقرار قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىنى مۇباھ قىلىش خاتادۇر. مىڭ كاپىرنى ھايات قويۇپ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك، بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈپ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكتىن يەڭگىلرەكتۇر .

ئىبنى بەتتال مۇنداق دېدى: ئۆلىمالارنىڭ كۆپلىرى خاۋارىجلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەسىدىن چىقىپ كەتمىگەن دەپ قارىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئەھلى نەھرىۋان ( نەھرىۋان خاۋارىجلىرى ) ھەققىدە ئۇلار كاپىرمۇ ؟ دەپ سورالغاندا ئۇ: ئۇلار كۇپۇرلۇقتىن قاچقانلار ، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

ئۇلارنى كاپىر ئەمەس دىگەن سۆزدە تۇرۇش بىلەن ئۇلارغا ئىمامغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئىتائەتنى قوبۇل قىلماي ئۇرۇش ئىلان قىلغان ۋاقتىدىكى ھۆكمى بىرىلىدۇ.

ئۆلىمالار مۇنداق دىدى: كاپىر قىلىش مەسىلىسى خەتەرلىك مەسىلىدۇر ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قىين .

ياشلارنىڭ ۋەزىپىسى

ياشلارنىڭ ئەڭ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى ئۆزلىرىنى، نەزەرىيەلىرىنى توغرىلاش ۋە پىكىر چۈشەنچلىرىنى تۈزەشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئۆز دىنىنى ئاڭلىق تونۇيالايدۇ ۋە ئېنىق بىلەلەيدۇ.

تەلەپكە لايىق ئادەم بولۇشنىڭ باشلىنىش نوقتىسى ، ئىسلامنى چۈشىنىشتە مېڭىش ۋاجىپ بولغان يولى ساغلام بولۇش ۋە ئۆزلىرى بىلەن، كىشىلەر بىلەن ۋە ھاياتلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئاشۇ ساغلام يولنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇممەتنىڭ ئۆلىمالىرى شەرىئەت بەلگىلىگۈچى زات ئۈچۈن ئايەت ، ھەدىس كەلتۈرگەن ياكى كەلتۈرمىگەن مەسىلىدە ياخشى

چۈشەنچە ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن لازىم بولغان قائىدە ۋە تۈتقىلارنى قويۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

مانا بۇنىڭدىن ئۇسۇلى فىقھى (شەرىئەت قانۇنشۇناسلىقى ئاساسلىرى) ئىلمى پەيدا بولدى. ئۆلىمالار ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پىقھىلىرىنى توغرىلايدۇ. پىقھى دىمەك ، تەپسىلى دەلىللەردىن ئەمەلىي ھۆكۈم چىقىرىشتا يۈرگۈزۈلىدىغان ئىسلامىي پىكىردۇر. مانا بۇ نىڭدىن ئۇلار ھۆكۈم، ھاكىم، ھۆكۈم قىلىنغۇچى ئىش ۋە ھۆكۈم قىلىنغۇچى كىشى قاتارلىقلاردىن ھەمدە ئام، خاس، مۇتلەق، مۇقەييەد، مەنتۇق (سۆزلەنگەن)، مەپھۇم (چۈشىنىلگەن) قاتارلىق مەسىلىلەردە تەتقىقات ئېلىپ باردى. شۇنداقلا شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن مەنپەئەتلەرنى قوغداش، پاساتلىقتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى ۋە مەنپەئەتلەرنى زۆرۈرىيەت، ئېھتىياجلىق ۋە ياخشىلاش قاتارلىقلارغا تەقسىم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇلى پىقھى قائىدىلىرى ئېلىپ كەلگەن ھەرخىل شەكىلدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پەخىرلىنىشكە لايىق ئىلمىدۇر. چۈنكى ئۇ باشقا ھېچقانداق ئۈممەتلەردە تېپىلمايدۇ.

يەنە بىر مۇنچە قائىدىلەر ۋە تۈتقىلار بولۇپ، ئۇلارنى رەسمىي ئۇسۇلى پىقھى كىتابلىرى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ، بەلكى ئۇلارنى تەپسىر كىتابلىرى ياكى قۇرئان، ھەدىس ئىلىملىرى ھەققىدىكى كىتابلار ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭغا ھەدىس ئۇسۇللىرى دەپ ئىسىم قويۇلغان.

بۇ يەردە يەنە ئۇنىڭدىن باشقا قائىدە ـ تۈتقىلار بولۇپ، ئۇلار تەتقىقاتچىلارنىڭ كىتابلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن. گاھىدا ئۇلارنى ئەقائىد

ياكى تەپسىر كىتابلىرىدا ياكى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ شەرھلىرىدە ياكى پىقھى كىتابلىرىدا ياكى باشقىلاردا كۆرىمىز. ئۇلارنى شەرىئەت ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر مۇلاھىزە قىلىپ تاپالايدۇ.

ئۇنداق بولسا ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئاڭلىق چۈشەندۈرىدىغان پىقھىدۇر. ئۇ پىقھى ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇپ قويىدىغان، شەرىئەتنىڭ ئاساسلىرىنى يۈزەكىلا چۈشىنىدىغان، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن چوقۇپلا ئالىدىغان، ئۇنىڭ سىرلىرىغا، مەقسەدلىرىگە چوڭقۇر چۆكمەستىن لەيلەپ قالىدىغان پىقھى بولماستىن، بەلكى ئۇ بىز ئىرادە قىلغاندەك توغرا يولغا باشلايدىغان، تۈز يولغا يېتەكلەيدىغان پىقھىدۇر.

بىز كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان مۇسۇلمان ئەۋلادلار ئۈچۈن ئويلىغان پىقھى ياكى چۈشەنچىدە بىر قانچە ئىشقا رىئايە قىلىنىشى لازىم.

كۇللىيلەر ئاساسىدىكى جۈزئىيلەر پىقھىسى

بىرىنچىسى: شۈبھىسىزكى شەرىئەتنى تونۇشتا ئۇنىڭ جۈزئىي دەلىللىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىم، چېچىلاڭغۇ ھالدا بىلىپ قويۇش بىلەنلا پۈتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ شاخلىرىنى تۈپلىرىگە، پارچىلىرىنى پۈتۈنلىرىگە، مۇتەشابىھلىرىنى مۇھكەملىرىگە، گۇمانلىقلىرىنى قەتئىيلىرىگە قايتۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ھەممىسىدىن بىرى يەنە بىرىگە باغلىق، گۆشى سۆڭىكىگە چاپلاشقان، بېشى ئاخىرىغا ئۇلاشقان بىر گەۋدە تۈزۈلۈپ چىقىدۇ.

ئەمما زاھىرىي بىر ھۆكۈمنى كۆرسىتىدىغان بىرەر ئايەت ياكى ھەدىسكە ئېسلىۋېلىپ، ئۇنى باشقا ئايەت، ھەدىسلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرمەستىن ياكى ساھابىلارنىڭ يولىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرمەستىن، بەلكى ئۇنى قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىغا قايتۇرماستىن ۋە شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسەدلىرىنىڭ نۇرى ئاستىدا چۈشەنمەستىن، ئۇنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىشتە ھەرگىزمۇ خاتادىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرىشتا ئىنسان تەۋرىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەرىئەتنى بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئوينايدۇ ۋە ئۇنى تەنە قىلغۇچىلارنىڭ تەنىسىگە، مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ مەسخىرىسىگە دۇچار قىلىپ قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام شاتىبى مۇۋاپىقات دېگەن كىتابىدا ئىجتىھادنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ مەقسەدلىرىنى ۋە ئۇنىڭ كۇللىياتلىرىنى بىلىشنى شەرت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: ئىجتىھاد دەرىجىسى مۇنۇ ئىككى سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىدە مەۋجۇت بولىدۇ:

ئۇنىڭ بىرى: شەرىئەتنىڭ مەقسەدلىرىنى تولۇق چۈشىنىش.

ئىككىنچىسى: ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىگە بىنائەن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىمكانىيىتى بولۇش. ( مۇۋاپىقات ٤ / ١٠٥ ـ ١٠٦ ـ بەتلەر ) .

بۇ شەرىئەتنىڭ ئاساسلىرىغا كەڭ دائىرىلىك قاراش بىلەن بولىدۇ. خۇسۇسەن ھەدىسلەرگە كەڭ دائىرىدە قاراش كېرەك. يەنە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى، ئۇنىڭ ۋاقتى ـ شارائىتىنى، ئۇنىڭدىن كۆزلەنگەن مەقسەدلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇنىڭدىكى ئام، خاسلارنى ئايرىش،

www.uyghurkitap.com

ئۆرپ ـ ئادەتكە پاكى ۋاقىتلىق شارائىتقا، پاكى مۇئەييەن مەنپەئەتكە بىنا قىلىنغانلارنى ئايرىشنى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ، شارائىتنىڭ، مەنپەئەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلىش لازىم. ( ئىسلام شەرىئىتى دېگەن كىتابىمغا قاراڭ ) .

مەن بىر سۆھبەتتە قۇرئان ۋە سۈننەت نۇرى ئاستىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن مۇسۇلمان ئايالنىڭ شەرئىي كىيىمى ئۈستىدە سۆزلەۋاتاتتىم. بىرسى تۇرۇپ ماڭا: مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىمى ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئورايدىغان جىلباب بولۇشى ۋاجىپ دېدى. يەنى ئۇنىڭ جىلباب دېگىنى ئەبائە پاكى فىلاشقا ئوخشاش قوشۇمچە تاشقى كىيىمنى دېمەكچى.

مەن ئۇنىڭغا: جىلبابنىڭ ئۆزى مەقسەد ئەمەس. لېكىن مۇھىم بولغىنى ئۇنىڭ ئىسمى پاكى شەكلى قانداق بولسۇن ئاللاھ يېپىشنى بۇيرۇغان بارلىق جايلارنى ياپىدىغان كىيىمدۇر. بۇ زامانىنىڭ، مۇھىتىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدىغان مەسىلە دېدىم.

لېكىن مېنىڭ ئۇ بۇرادىرىم ماڭا خۇددى ھاياجانلانغان تۆگىگە ئوخشاش ۋاقىرىدى: بۇ دېگەن قۇرئاندا كەلگەن مەسىلە، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار جىلبابلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئورىۋالسۇن . ( ئەھزاپ سۈرىسى ٥٩ ـ ئايەت ) . بىزنىڭ ئۇنى باشقىغا ئۆزگەرتىش ھەققىمىز يوق .

مەن ئۇنىڭغا: قۇرئانى كەرىم بەزى نەرسىلەرگە دەلىل كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە قۇرئان چۈشۈۋاتقان زاماندا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەردۇر. ئۇنى بىز ئەبەدىي ئىبادەت ئورنىدا تۇتۇۋالمىساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئوخشىشى پاكى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى تېپىلسا ئۇنى تاشلاپ ياخشىسىنى ئالساق بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭغا مۇنۇ ئايەتنى مىسال قىلساق كۇپايە قىلىدۇ،

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا قارشى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار، ئات تەييارلاڭلار، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى قورقۇتىسىلەر . ( ئەنپال سۈرىسى ٦٠ ـ ئايەت ).

قۇرئاندا ئات باغلاش يەنى تەييارلاش ھەققىدە ئەمر كەلدى. چۈنكى ئات شۇ ۋاقىتتا ئەڭ كۈچلۈك ئۇرۇش قورالى ئىدى. ئەندى بىزنىڭ ئەسرىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتنىڭ ئورنىغا تانكا، زەمبىرەكلەرنى ۋە باشقىلارنى تەييارلىشىدا ھېچ بىر شۈبھە يوق. ئايەت كەرىمە ئىشارەت قىلغان مەقسەت ( يەنى ئاللاھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇش ) ھاسىل بولسا بولۇۋېرىدۇ، دېدىم.

جىلباب كىيىش ھەققىدىمۇ مۇشۇنداق قىلسا بولۇۋېرىدۇ. يەقەتلا ئايەت ئىشارەت قىلغان بۇ ئۇلارنىڭ تونۇلماسلىقى ۋە ئازارغا يولۇقماسلىقى ئۈچۈن ياخشى دېگەن مەقسەت ۋۇجۇتقا كەلسىلا بولدى. ئەگەر بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئەبەدىي بولغان قۇرئانى كەرىمدە بولغان بولسا، ئۇنىڭ سۈننەتلەردە بولۇشى كۆپرەك. چۈنكى ئۇنىڭدا قانۇن بەلگىلەش ئۈچۈن كەلگىنى ۋە باشقا مەقسەد ئۈچۈن گەلگىنى ۋە خاس شەرىئەت بەلگىلەش ئۈچۈن كەلگىنى، ئۇمۇمىي شەرىئەت بەلگىلەش ئۈچۈن كەلگىنى، ئۇنىڭدا دائىم سابىت بولغىنى، سەۋەبلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغىنى بار.

مەسىلەن: يېيىش، ئىچىش مەسىلىلىرىدە قانۇن بەلگىلەش ۋە باشقا ئىش ئۈچۈن كەلگەن سۈننەتنى كۆرىمىز. قانۇن بەلگىلەش ئۈچۈن كەلمىگىنى مېنىڭ قارىشىمچە ، قوشۇق ۋە باشقا نەرسە ئىشلەتمەستىن قول بىلەن يېيىش. بۇ ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى ئىدى. ھەمدە بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە

يېقىنراق ۋە ئۇلارنىڭ ئاددىي تۇرمۇشىغا ماس ئىدى. لېكىن بۇ، قوشۇق بىلەن تاماق يېيىش بىدئەت ياكى هارام دېگەنلىكنى كۆرسەتمەيدۇ. خۇسۇسەن ئۇ نەرسىلەر ئارقىلىق يېيىش ھەممىگە ئاسان بولسا ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئىسراپچىلىق ۋە راھەتپەرەسلىككە ئېلىپ بارمىسىلا مەيلى. مەسىلەن: ئىسلام هارام قىلغان ئالتۇن ـ كۆمۈشتىن ياسالغان قاچىلارغا ئوخشاش.

بۇ ئوڭ قول بىلەن يېيىش ۋە ئىچىشنىڭ ئەكسىچە. بۇنىڭدىكى قائىدە ئېنىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزدىن بىسمىللاھ دەپ، ئاندىن ئوڭ قول بىلەن يە! دېگەن ئەمر كەلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلىشتىن چەكلەپ مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار سول قولى بىلەن يېمىسۇن ۋە ئىچمىسۇن. چۈنكى شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ، ئىچىدۇ . بۇ يەردە سۈننەتتىكى قانۇندىن مەقسەت ، ئالاھىدە كۆرسەتمىگە ئىگە ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلاردۇر. بۇ كۆرسەتمىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بولسا، ھەر نەرسىدە ئوڭدىن باشلاشقا ھېرىس بولۇش.

بۇلارنىڭ بىرى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلار خېمىرتۇرۇچنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنى خېمىرتۇرۇچ قاتماستىن قاتتىق، پېتىر قىلىپ يۇغۇراتتى. ئۇلار كېيىن خېمىرتۇرۇچنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. مانا بۇمۇ هارام، بىدئەت ياكى مەكرۇھ ھېساپلىنامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس.

يەنە بۇلارنىڭ بىرى ، دىندار ياشلارنىڭ كۆپۈنچىسى تەشەببۇس قىلغان ۋە شۇنداق قىلىشتا چىڭ تۇرغان كىيىمنى قىسقا كىيىش مەسىلىسى. ۋاھالەنكى بۇ مەسىلە ئۇلارغا ئۇرغۇنلىغان خاپىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن

بولسمۇ، ئۇلار گوياكى ئۇنى ئىسلامنىڭ ئاساسى ئىبادەتلىرىدىن ياكى پەرزلىرىدىن بىرسى دەپ ئويلاپ شۇنداق قىلدى.

ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا قارىتا دەلىلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ كىيىملىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىيىملەرنى كىيىش كاپىرلارغا ئوخشىۋالغانلىقمىش. كىمكى بىر مىللەتكە ئوخشىۋالسا ئۇ شۇمىللەتتىن. ئەمما ئۇلارنىڭ قىسقا قىلغۇلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىشتاننى ياكى كىيىمنى ئۇزۇن كىيىشتىن چەكلەش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەردۇر. مەسىلەن: ئىشتاننىڭ ھوشۇقتىن تۆۋىنى دوزاختىدۇر دېگەن ھەدىس.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىم كىيىشى بىلەن ھۆججەت كەلتۈرۈشتە، ئۇنىڭدىن سابىت بولغىنى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتى يەتكەنچە كىيىنەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭلەك كىيەتتى. رىدا ۋە ئىشتان كىيەتتى. يەمەننىڭ بوردىسىنى ھەم كىيەتتى. يىپەك بىلەن ئورالغان كىسراچە جۇببە كىيەتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش شۇ زاماندا تونۇلغان ۋە تېپىلىشى ئاسان بولغان كىيىملەرنى كىيەتتى. شۇنىڭدەك بېشىغا سەللە ئورايتتى. دوپپىمۇ كەيگەن ئىدى. ۋەھاكازالار.

ئىمام ئىبنى قەييۇم پەيغەمبەر يولى دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

شۈبھىسىزكى، يولنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەلگىلىگەن ۋە بۇيرۇغان، رىغبەتلەندۈرگەن، داۋاملاشتۇرغان يولدۇر. ئۇنىڭ كىيىم ھەققىدىكى كۆرسەتمىسى شۇكى ــ ئۇ قايسىنى تاپالىسا شۇنى كىيەتتى. گاھىدا يۇڭدىن، گاھىدا پاختىدىن، گاھىدا چېكىدىن توقۇلغان

www.uyghurkitap.com

كىيىملەرنى كىيەتتى. يەمەننىڭ بوردىسىنى كىيگەن ئىدى. يېشىل بۆردى كىيگەن ئىدى. قۇبا جۇببىسى، كۆڭلەك، ئىشتان، رىدا، ئۆتۈك، كەش ھەم كىيگەن ئىدى. گاھىدا سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى ئارقىغا چۈشۈرۈۋالاتتى. گاھىدا قويۇپ بېرەتتى. ( زادىل مەئاد ١/ ١٤٣ ـ بەت ).

ئەرەبلەردە ئۇ چاغدا توقۇمىچىلىق، ئېگىرىش، تىكىش سانائەتلىرى يوق ئىدى. ئۇلار يەمەن، مىسىر، شام قاتارلىق جايلاردا تىكىلگەن ھەرخىل كىيىملەرنى كىيەتتى.

بىز ئىچىمىزگە كىيىدىغان كىيىملەر ئۇ زاماندا يوق ئىدى. بىز بېشىمىزغا كىيىدىغان نەرسىلەر ھەم يوق ئىدى. بىز ئايىغىمىزغا كىيىدىغان بەتىنكە، پايپاقلار ئۇ چاغدا كىيىلمەيتتى. بۇلاردا ھېچكىم بىر يامانلىقنى كۆرمەيتتى. ئەندى نېمىشقا بىز يالغۇز كىيىم ھەققىدىكى مەسىلىدىلا چىڭ تۇرۇۋالىمىز؟

ئەمما كاپىرلارغا ئوخشىۋېلىش ــــ بۇ ھەقتە چەكلەنگىنى ئۇلارنى بىزگە قارشى دىنىدا دەپ ئېتىبارغا ئېلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئوخشىۋېلىش چەكلەنگەندۇر. مەسىلەن: كىرىست بەلگىلىك كىيىمنى كىيىش. بۇ خىرىستىئانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر. يەنە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە كاھىنلىق كىيىمىنى كىيىش. شۇنىڭدەك، يەنە ئۇلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ توغرا يولدىكىلەرنىڭ دوزاق ئەھلىگە خىلاپلىق قىلىشىنىڭ تەقەززاسى دېگەن كىتابىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان ئىشلارمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ .

بۇ ئېنىق ئىشلاردىن باشقا مەسىلىلەردە ھەممە ئىش نىيەتكە باغلىق. كىمكى ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىغا مۇخالىپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئوخشۇالسا ئۇ كىشى ئۆز نىيىتى بويىچە جازاغا لايىقتۇر. كىمكى ئۇلارغا ئوخشۇبلىش ئۇنىڭ خىيالىغا ھېچ كەلمىسە، بەلكى ئۇ ياشىغان مۇھىت شۇنداق بولسا ، ياكى ئۆزگە قۇلايراق، ئىش قىلىشقا ئەپلىكرەك كىيىملەرنى كىيسە، مەسىلەن: ئىنژىنېرنىڭ ئەفرۇن دېگەن قالپىقىنى ئىش ئورنىدا ياكى زاۋۇتتا كىيۇالسا بۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق. ھەرقانداق ئىنسانغا نىيىتىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ.

بۇ مەسىلىدە ئەڭ ياخشىسى مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي ھاياتىدا ئىمكانقەدەر باشقىلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇشى لازىم.

ئەمما كىيىمنى قىسقا كىيىش مۇستەھەپ ئىشتۇر. لېكىن، پەقەت ئادەت ئۈچۈن بولۇپ، مەنمەنچىلىك قىلىش ئۈچۈن بولمىسا، كىيىمنى ئۇزۇن كىيىش ھارام ئەمەس. بۇ خۇددى بىز ئىلگىرى بايان قىلغاندەك.

مەن زىكىر قىلغان مىساللارنىڭ ھەممىسى شەخسلەرنىڭ شەخسىي يۈرۈش - تۇرۇشىغا تەئەللۇق ئىشلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باشقا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا ياكى دۆلەت ئىشلىرىغا ياكى خەلقئارا ئالاقىگە تەئەللۇق ئىشلارغا قارىغاندا ھەل قىلىش ئاسانراق ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئەگەر جەمئىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ھاجەتلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتلىرىنى ئېنىق تەقدىر قىلالايدىغان يىقىنىسگە ئىگە بولمىسا، جامائەتچىلىكتە، دۆلەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە كېلىدىغان يوشۇرۇن خەتەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

بىز تەكامۇللاشقان ئىسلامىي جەمئىيەت ئۇستىگە قۇرۇلغان، ئۇنى زامانىۋىي ئىسلام دۆلىتى باشلاپ ماڭىدىغان، ئالاقىلار تورلىشىپ كەتكەن، مەزھەپلەر كۆپىيىپ كەتكەن، مۇساپىلەر يېقىنلىشىپ كەتكەن ، ھەتتا ئالەم بىر يېزىغا ئايلىنىپ قالغان بۈگۈنكى دۇنيا بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان ھەقىقىي ئىسلامىي ھاياتقا چاقىرغان ۋاقتىمىزدا شۇنى ئىدراك قىلىشىمىز لازىمكى، جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەر بار، ئاجىزلار بار، ئەرلەر بار، ئاياللار بار، قېرىلار بار، بالىلار بار، ئۇنىڭدا ئادالەتپەرۋەر، ياخشىلىققا ئالدىراپ تۇرىدىغانلارنىڭ يېنىدا زالىم قانخورلار بار. بىز يول كۆرسىتىش، يېتىۋا بېرىش ۋە قانۇن بەلگىلەش جەھەتلەردە مانا شۇلارغا رىئايە قىلىشىمىز لازىم.

ئىنسان ئۆزىگە چېكىنىپ ئەڭ ئېغىر، ئەڭ ئېھتىياتچان قاراشنى ئېلىپ، ئۆزىگە ئويناشنى، ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاشنى، سۈرەتكە چۈشۈشنى، ھەتتا فوتو سۈرەتنى، تېلېۋىزور كۆرۈشنى ۋە باشقا ئىشلارنى ھارام قىلىۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن ھازىرقى زامانىۋىي دۆلەتنىڭ بۇ پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيادىكى گېزىت ـ ژۇرناللار سۈرەتسىز چىقىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ۋە پاسپورت بېجىرىش ئورۇنلىرى، قاتناش ئورۇنلىرى، مەكتەپلەر، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە باشقىلار بۈگۈنكى كۈندە فوتو سۈرەتلەردىن بىھاجەت بولالامدۇ؟ فوتو سۈرەت ھازىرقى كۈندە ساختىلىقنى ۋە ساختىلىق ئىشلەتكۈچىلەرنى چەكلەش ئۈچۈن مۇھىم ۋاستە بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟

بۇگۈنكى دۆلەتلەر ئۆز ئەسىردىن كۆز يۇمۇپ، ئۆز خەلقىگە پۈتۈن دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىنى، خەۋەرلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان، ئورۇندۇغىڭىزدا ياكى كارۋىتىڭىزدا ئولتۇرۇپلا ئۇلاپ، سولغا قارىمىسىڭىزمۇ خۇددى سىز ئاشۇلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك، پۈتۈن ۋەقەلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئاجايىپ بىر جىھازنى ھارام قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ھازىرقى زامانىۋى ئىسلام دۆلىتى تېلىۋىزوردا سۈرەت چىققانلىقتىن ئۇنى ھارام قىلىپ، رادىئوغىلا يۆلىنىپ خەۋەر تارقىتىشى مۇمكىنمۇ؟ ۋاھالەنكى بىزنىڭ بەزى دىنىي ئىلىم ئوقۇغان قېرىنداشلىرىمىز ھازىرغىچە مۇشۇنداق قارايدۇ.

مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلەيدىغىنىم ، ئىنساننىڭ ئۆز يۈرۈش - تۇرۇشىدە ئۆزگىچە چىڭىتىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇنى كۆتۈرۈشكە ۋە قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئىش. لېكىن قوبۇل قىلىنمايدىغىنى ، ئۇنى پۈتۈن جەمئىيەتكە، ئۇنىڭ بارلىق تەبىقىلىرىگە، ھەر سەۋىيەدىكىلەرگە پەرز قىلىش. بىز بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ كۆرسەتمىسىنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم: سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسە ئىمكانقەدەر يەڭگىللەشتۈرۈپ بەرسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىزلىرى بار. كېسەللىرى بار ۋە ھاجەتمەنلەر بار . گەرچە بۇ ھەدىس نامازغا ئىمام بولۇش ھەققىدە كەلگەن بولسىمۇ، نېگىزىدە ئۇ ھاياتنىڭ قايسى تەرەپىدە بولسۇن كىشىلەرنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان كىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۆلگىدۇر. ھەمدە ئەڭ توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com

## ئەھكاملار مەرتىۋىلىرى ھەققىدىكى پىقھى ۋە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىسى

بەزى دىندارلار غاپىل بولۇپ قالىدىغان پىقھىنىڭ بىرى شەرئىي ئەھكاملىرىنىڭ مەرتىۋىلىرىنى بىلىش پىقھىسى. ئۇ ئەھكاملار سابىت بولۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر دەرىجىدە ئەمەس. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلىشنىڭ جائىز بولۇش ياكى بولماسلىقى جەھەتتىمۇ ئوخشاش ئەمەس.

بەزى گۇمانى ئەھكاملار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىھاد قىلىش مۇمكىن. ئۇ مەيلى نەس ( دەلىل ) يوق نەرسىدىكى ئەھكام بولسۇن ياكى نەس (دەلىل) بار بولۇپ، ئۇنىڭ سابىت بولۇشى گۇمانى ياكى دالالىتى گۇمانى ياكى ئىككىلىسى گۇمانى بولسا، ئۇ چۈشىنىش ۋە تەپسىر قىلىشنىڭ بىرقانچە خىل بولۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ. پىقھى ئەھكاملارغا ئوخشاش ئەمەلگە تەئەللۇق ئەھكاملارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق. بۇلاردا ئەقىدىگە تەئەللۇق ئەھكاملارنىڭ ئەكسىچە زەن ( گۇمان ) كۇپايە قىلىدۇ. ئەمما ئەقىدىگە تەئەللۇق ئەھكاملاردا پەقەت قەتئىي، جەزمەن سابىت بولغان ئەھكاملار ئېلىنىدۇ.

پەرئىي، ئەمەلىي ۋە زەننىي ( گۇمانى ) ئەھكاملاردا ئەگەر توغرا ئىجتىھادقا ئاساسلانغان بولسا، ئۇنىڭدا ھېچ زەرەر ۋە خەتەر يوق. بۇ ئۇممەت ئۈچۈن رەھمەتتۇر ۋە شەرىئەتتىكى يۇمشاقلىقتۇر. پىقھىدىكى كەڭچىلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ ئىختىلاپلىشاتتى. ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلارمۇ ئىختىلاپلىشاتتى. بۇ ئۇلارغا ھېچ زەرەر

كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىقى ۋە بىرلىكىدىن ھېچ نەرسىنى يوقاتمىغان ئىدى.

قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجما قاتارلىقلار بىلەن سابىت بولغان، قەتئىيلىك دەرىجىسىگە يەتكەن بەزى ئەھكاملار بار. بۇلار گەرچە دىنىنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن بولمىسىمۇ ئۈممەتنىڭ پىكرى، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە بىرلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا سۈننەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ ۋە پاسىقلىق ۋە بىدئەتچىلىك بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. گاھىدا ئۇنىڭ بىلەن كىشى كاپىرلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ.

يەنە دىندا زۆرۈر بولغان ئەھكاملار بار. ئۇنى بىلىشتە پۈتۈن ئاممۇ خاس باراۋەر بولىدۇ. ئۇنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ. بۇنىڭدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. چۈنكى ئۇنى ئىنكار قىلغانلىق ئاللاھنى ۋە پەيغەمبەرنى ئوچۇق - ئاشكارا يالغانچى قىلغانلىق بولىدۇ.

شۇڭا ئىش بۇنداقكەن، ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى بىرلا دائىرىگە قويۇش، بىرلا دەرىجە قىلىۋېلىش جائىز ئەمەس. ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بىرەر ھۆكۈمدە خىلاپلىق قىلغانلىقىغا قاراپ ، ئۇ ھۆكۈمنى پەقەت تالىبى ئىلىملارنىڭ ئارىسىدا شەرھلىگەنلىكى ياكى كىتابلاردا يازغانلىقى ئۈچۈنلا ئەسللەر، پەرئىلەرنى ئايرىماستىن، نەس بىلەن سابىت بولغان بىلەن ئىجتىھاد بىلەن سابىت بولغاننى پەرق قىلماستىن، نەسلەردىكى قەتئىي بىلەن زەننىينى، دىندىكى زۆرۈرى بىلەن زۆرۈر بولمىغاننى ئايرىماستىن كاپىر قىلىشقا، پاسىق، بىدئەتچى دېيىشكە ئالدىراپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئورنى ۋە ھەممىسىنىڭ ئۆز ھۆكمى بار.

www.uyghurkitap.com

شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ بۈيۈك پىقھى ئالىملىرىمىز گاھىدا بەزى مەسىلىلەردە بىر قېتىمدىن ئېشىپ ئۆنلارچە قېتىملاپ ئىختىلاپلاشتى. گاھىدا بىر مەسىلىدە ئەقىل تەقەززا قىلىدىغان ھەممە سۆزلەرنى كۆرسىتىپ مەسىلەن: ئۇلارنىڭ قېنىنى ساقلىنىشى لازىم بولغان مۇسۇلماننى مەجبۇرلاشنىڭ تەسىرىدە ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشى ھەققىدىكى سۆزلىرىگە ئوخشاش. قىساس مەجبۇرلانغان ۋە قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن كىشىدىن ئېلىنامدۇ؟ ياكى ئۇنى مەجبۇرلىغان، ئۇنىڭغا تەھدىت قىلغان كىشىگە بولامدۇ؟ چۈنكى ئۆلۈشكە سەۋەب بولغان قاتىل پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر قورال رولىنى ئوينىدى. ياكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە قىساس كېلەمدۇ؟ بۇ قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ مەجبۇرلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە قىساس يوقمۇ؟ چۈنكى ھەر ئىككىسىدىن قاتىللىق جىنايىتى تولۇق تېپىلمىدى. بەزى ئۆلىمالار بۇ ئېھتىماللارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت دېدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق كۆزقارىشى ۋە دەلىلى بار.

بەلكى ئەگىشىلىۋاتقان بىر مەزھەپنىڭ ئىچىدە بىر قانچە سۆزلەرنى، رىۋايەتلەرنى، يوللارنى ۋە ئۆلىمالار ئارىسىدىكى توغرا دەپ قاراش، كۈچلۈك دەپ قاراشلار قاتارلىقلارنى كۆرىمىز.

مەن بۇ يەردە شۇنى زىكىر قىلىسام كۇپايە قىلىدۇ . ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مەزھىبىگە ئوخشاش بىر مەزھەپتىكى ئىختىلاپ ( بۇ مەزھەپ ئەسلىدە ھەدىسلەرگە ئەگىشىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى ـ ئا ) بىرقانچە رىۋايەتلەرگە ۋە سۆزلەرگىچە كېڭەيدى. يەنى ئون ئىككى توملۇق بىر

كىتابنى تولدۇردى. ئۇ كىتاب ئىختىلاپتا ئىنساپلىق بولۇش دېگەن كىتابتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ياشلىرىمىزغا ياخشى ئۆگىنىش لازىم بولغان بۈيۈك مەسىلىلەر بولسا، ئۇلار نېمىدە ئىختىلاپ جائىز بولىدىغانلىقىنى ۋە نېمىدە جائىز بولمايدىغانلىقىنى، ئىختىلاپ قىلىش جائىز بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ دائىرىسى ، ئىختىلاپ قىلىش جائىز بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ دائىرىسىدىن كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى لازىم. بىز بۇقائىدىنى بىزنىڭ ئىماملىرىمىزدىن، ئۆلىمالىرىمىزدىن مىراس ئالدۇق. بىز ئۇلاردىن دىننىڭ پەرئىي مەسىلىرىدە بىز بىلەن ئىختىلاپ قىلغۇچىلارغا كۆڭلىمىزنى قانچىلىك كەڭ تۇتىشىمىز لازىملىقىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

كۆزقاراشلىرىمىز ئىختىلاپلىشىدۇ؟ قەلبلىرىمىز ئىختىلاپلاشمايدۇ. مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا ئۇنىڭ رەئىيگە خىلاپلىق قىلىدۇ؟ قېرىنداشلىقىغا ھېچ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ ياكى مۇھەببىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ ياكى ئىختىلاپ قىلغان سەۋەبتىن ئېھتىرامىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىغە، ئىلمىغا، دىنىغا ھېچبىر تۆھمەت چاپلىمايدۇ.

بىز شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، پەرئىلەردە ئىختىلاپ قىلىش تەبىئى ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبى ۋە ئالالھنىڭ ھېكمىتى بار. ئەمما شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىدىن قەتئىي سابىت بولغان، قەتئىي دالالەت قىلغان ئەھكاملاردا ئىختىلاپ قىلىشقا ئورۇن يوق. بۇ ئىختىلاپ بەك ئاز. بەلكى يوق دېيەرلىك.

ئۇ ئەھكاملاردىن سابىت بولۇشىدا ياكى دالالەت قىلىشىدا ياكى ھەر ئىككىسىدە بىزگە زەننىي ( گۇمانلىق ) بولغانلار بار. بۇنىڭدا ئىختىلاپ

قىلىشتا مەيدان كەڭ. بۇلار شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ كۆپراقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ ئىچىدە بىرەر مەزھەپكە ياكى بىرەر سۆزگە تەئەسسۇپلۇق قىلماستىن، تالاشتا قالغان سۆزلەرنىڭ ئارىسىنى كۈچلەندۈرۈشتە، تەھقىق قىلىشتا، تەكشۈرۈشتە ئاللاھ تەرىپىدىن قۇدرەت بېرىلگەنلەربار. مەسىلەن: ئىبنى دەقىق ئەلئىد، ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم ، ئىبنى كەسىر، ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقالانى، دىھلەۋى، شەۋكانى، سەنئانى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئورۇنۇشلىرى خىلاپىنى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈۋېتەلمىدى. ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئورۇنۇشلىرىمۇ ئىختىلاپنى كۆتۈرۈۋېتەلمىدى، ھەرگىز كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ.

بۇنداق بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىختىلاپنىڭ سەۋەبلىرى ئىنسان تەبىئىتىدە ۋە ھايات تەبىئىتىدە، لۇغەت تەركىۋىدە، تەكلىپ تەركىۋىدە ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇتتۇر. كىمكى ئىختىلاپنى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈۋېتىشنى ئىرادە قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئىنسانلارنى، ھاياتنى، لۇغەتنى، شەرىئەتنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنىڭ قارشىسىغا تەكلىپ قىلغان بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئىلمىي ئىختىلاپتا ھېچقانداق خەتەر يوق. پەقەتلا ئۇ كەڭچىلىك بىلەن، كەڭ دائىرىلىك ھالدا ۋە تەئەسسۇپلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تار قاراشتىن يىراق بولۇش ئارقىلىق بولىدىكەن ھېچ زىيىنى يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ نۇرغۇن پەرئىي مەسىلىلەردە ياكى ئەمەلىي ئەھكاملاردا ئىختىلاپلاشتى. بەزىسى بەزىسىنى كېڭەيتتى، بەزىسى ئەمما بىر - بىرىگە ئەيىپ قويمىدى.

ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارغا ئەگەشكەن ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى كەلدى ۋە بۇ ئىختىلاپتا ئۈممەت ئۈچۈن كەڭچىلىك، رەھمەت بارلىقىنى ۋە پىقھى

ئۇچۇن بايلىق بارلىقىنى سەزدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچى تارلىق قىلىپ قالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرمۇ شۇنداق قىلدى. خۇلەپائى راشىدىنلارنىڭ بەشىنچىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئىختىلاپ قىلىشمىدى دېمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپلىرى رەھمەت ئىدى .

ساھابىلەر ۋە كېيىنكىلەر نېمىشقا ئىختىلاپ قىلىشمىسۇن؟ ھالبۇكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىمۇ ئىختىلاپ قىلىشقان تۇرسا؟ پەيغەمبىرىمىز ھېچبىرىگە مالامەت قىلماستىن بۇ ئىختىلاپقا يول قويغان تۇرسا؟

مانا بۇ بەنى قۇرەيزەدە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇش مەسىلىسىدە كۆرۈلدى. پەيغەمبىرىمىز ئەھزاپ غازىتىدىن كېيىن ساھابىلەرگە كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە ئەسىر نامىزىنى پەقەت بەنى قۇرەيزىدە ئوقۇسۇن دېگەن ئىدى. بەزىلەر ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشتىن ئەنسىرى يولدا ئوقۇشتى ۋە پەيغەمبىرىمىز بىزدىن نامازنى تەخىر قىلىشنى ئەمەس، تېز يۈرۈشنى تەلەپ قىلغان دېيىشتى. بەزىلەر پەقەت سۆزنىڭ زاھىرىغا ئەمەل قىلىمىز، ئۇنىڭ لەپزىنى يۆرگۈزىمىز دېيىشتى. ئەۋۋەلقىلەر نەسنىڭ نېگىزىنى ئالدى. كېيىنكىلەر زاھىرىنى ئالدى. ئۇلار ئىبنى قەييۇم دېگەندەك ئەھلى قىياسنىڭ سەلەپلىرىدۇر ۋە ئاۋۇلار زاھىرىيلارنىڭ سەلەپلىرىدۇر. مۇھىمى پەيغەمبىرىمىزگە ھەر ئىككى پىرقىنىڭ قىلغان ئىشلىرى يېتىپ بېرىۋىدى، ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنى خاتا دەپ ھېچقانداق تەرەپكە مالامەت قىلمىدى. بۇ شۇنىڭغا دالالەت

قىلدۇكى، ئەگەر ئەمەل ئىجتىھادقا بىنائەن بولىدىكەن ئۇنى قىلغان كىشىنى كاپىر قىلىش ياكى گۇناھكار قىلىش توغرا بولمايدۇ.

بىز بۇگۈنكى كۈندە بەزىلەر كىشىلەرنى ئۆزلىرى ياساپ بەرگەن قېلىپقا چۈشۈرەلەيمىز دېگەن گۇمان بىلەن ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى قىيناپ يۈرۈيدۇ. ئۇلار ھەممە كىشىنى بىر قاراشقا توپلايمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىغان قىلىمىز، شەرئەت نەسلىرىنى ئۇلارغا بىز چۈشەنگەندەك چۈشەندۈرىمىز دەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن مەزھەپ يوقايدۇ، ئىختىلاپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بارلىق كىشىلەر بىر كەلىمىگە كېلىدۇ دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.

ئۇلار ئۆز چۈشەنچىلىرىنىڭ خاتا ۋە توغرىلىق ئېھتىمالى بولغان قاراش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئىجتىھادنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى ئىگەللىگەن ئالىمنىڭمۇ تۇتقان يولىدا ئىسمەت (ساقلىنىش) بارلىقىغا ھېچكىم كېپىللىك قىلالمايدۇ. پەقەت كېپىللىك قىلىدىغىنى ئۇ خاتا بولسۇن، توغرا بولسۇن ئىجتىھادى ئۈچۈن ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاساسى ئىكلەنگەن مەزھەپلەرگە يېڭى مەزھەپ قېتىشتىن ئارتۇق بىر ئىش قىلالمىدى. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، مەزھەپلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۇلارغا تەقلىد قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۆپچىلىك ئىنسانلاردىن ئۆزلىرىگە تەقلىد قىلىشنى ۋە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلدى.

سىز مېنى ئۇلارنىڭ دەلىللەرگە ئەگىشىشكە دەۋەت قىلغانلىقىغا ياكى ئۇ دەلىللەرنى چۈشىنىشتىكى ئىجتىھادنىغا ئىنكار قىلدى دەپ ئويلاپ قالماڭ! بۇ ئىجتىھادنىڭ شەرتلىرى ۋە قائىدىلىرى تولۇق بولغان

ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ھەققى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممەتكە ئىچىپ بەرگەن ئىشكىنى ھېچكىمنىڭ تاقاپ قويۇش ھەققى يوق. بەلكى مەن ئۇلارنىڭ ئۇممەت ئۆلىمالىرىغا تىل ئۇزارتقانلىقىنى ۋە مىراس قالغان پىقھىنى پەس كۆرگەنلىكىنى ۋە ھەق پەقەت بىزدە، باشقىلار خاتالىق ۋە زالالەت ئۈستىدە دەپ داۋا قىلغانلىقىنى ۋە ئۇزلىرىنى ئىختىلاپنى كۆتۈرۈۋېتىپ، بارلىق كىشلەرنى بىرلا سۆزگە يەنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشقا قادىر دەپ خىيال قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىمەن.

مۇشۇ بىرلا قاراش مەدرىسىسىنىڭ تالىپلىرىدىن بولغان ئىخلاسمەن بىرسى ماڭا: نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دەلىلگە ئويغۇن بولغان بىرلا قاراشقا كەلمەيدۇ؟ دېدى.

مەن : نەسنىڭ ئۆزى ھەممىنىڭ قارىشىدا توغرا ۋە ساغلام بولۇشى، مەقسەد قىلىنغان مەنىگە ئوچۇق دالالەت قىلغان بولۇشى، شەرىئەتنىڭ جۇزئىي دەلىللىرىدىن ياكى كۇللىي قائىدىلىرىدىن بولغان دەلىللەرنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك قارشىلىقتىن سالامەت بولۇشى لازىم. گاھىدا دەلىل بىر ئىمامنىڭ قارىشىدا كۈچلۈك بولىدۇ. باشقىسىنىڭكىدە زەئىپ بولىدۇ. لېكىن، مەقسەدكە دالالەت قىلىشتا ئېنىق بولمايدۇ. گاھىدا بۇنىڭكىدە ئام بولىدۇ. باشقىسىنىڭكىدە خاس بولىدۇ. گاھىدا بىر ئىمامدا مۇتلەق، باشقىسىدا مۇقەييەد بولىدۇ. گاھىدا بۇ ئۇنى ۋاجىپلىققا ياكى ھاراملىققا دەلىل دەپ قارايدۇ، باشقىسى مۇستەھەپلىككە ياكى مەكرۇھلۇققا دەلىل دەپ قارايدۇ. گاھىدا بەزىسى مۇھكەم ئېتىبارغا ئالسا، باشقىسى مەنسۇخ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئىماملاردىن مالامەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىش

دېگەن كىتابىدا زىكىر قىلغان ئېتىبارلارغىچە كېتىۋېرىدۇ. بۇلارنى ئىسلامنىڭ ھەكىمى ۋەلىيۇللاھ دېھلەۋى ئاللاھنىڭ يېتەرلىك ھۆججىتى دېگەن كىتابىدا زىكىر قىلدۇ. يەنە ئىختىلاپ سەۋەبلىرىدە ئىنساپ دېگەن رىسالىسىدە ھەم زىكىر قىلدۇ. بۇلارنى ئەللامە شەيخ ئەلى خەپىپ ئۆلىمالارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىدىكى سەۋەبلەر دېگەن كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلدۇ، دېدىم.

مەسىلەن بۇ ھەدىسلەرگە قاراڭ:

١ ـ ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: قانداق ئايال بويىنغا ئالتۇندىن قىلادە ( بويۇنچا ) ئاسىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بويىنغا شۇنىڭغا ئوخشاش ئوتتىن قىلادە ئېسىلىدۇ. قانداق ئايال قۇلىقىغا ئالتۇندىن سۆكە ئاسىدىكەن قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا ئوخشاش ئوتتىن سۆكە ئېسىلىدۇ . ( ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىلەر رىۋايەت قىلغان ).

٢ ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىمكى سۆيگىنىگە ئوتتىن ھالقا ئېسىلىشنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا ئالتۇندىن ھالقا ئاسسۇن. كىمكى سۆيگىنىگە ئوتتىن بويۇنچا ئېسىلىشنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا ئالتۇندىن بويۇنچا ئاسسۇن. كىمكى سۆيگىنىگە ئوتتىن بىلەيزۈك سېلىنىشنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا ئالتۇندىن بىلەيزۈك سالسۇن. لېكىن كۈمۈشتىن سالسا مەيلى. . ( ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان ).

٣ ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىمە رەزىيەللاۋۇ ئەنھانىڭ ئالتۇندىن زەنجىر

ئېسىۋالغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ئىدى، پاتىمە ئۇنى سېتىپ پۇلىغا بىر قۇل ئېلىپ ئازات قىلدى. بۇ پەيغەمبىرىمىزگە يېتىۋىدى، ئۇ پاتىمەنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھقا شۈكرى دېدى . ( نەسەئى رىۋايەت قىلغان ) .

ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەدىسلەر ھەققىدە قاراشلىرى ھەر خىل:

١ ـ ئۆلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ئۇنىڭ رىۋايىتىگە قاراپ، ئۇنى رەت قىلىشقا لايىق قىلىپ قويغان زەئىپلىكىنى كۆردى ۋە زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلدى. ھەقىقەتەن ھارامغا ھۆكۈم قىلىش ، ئىسپاتلاش ۋە تەتقىق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. خۇسۇسەن ئۇنىڭ ھالاللىقى ھەققىدىكى سۆزلەر مەشھۇر بولغان، ھەرقانداق مۇسۇلمانىنىڭ ئۆيى ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايدىغان نەرسە ھەققىدە شۇنداق.

٢ ـ ئۆلىمالارنىڭ ئىچىدە ئۇنى سەھىھ، لېكىن ئۇ مەنسۇخ دەپ قارىغانلار بار. چۈنكى ئالتۇن جابدۇقلارنىڭ ئاياللار ئۈچۈن ھالال ئىكەنلىكى ھەققىدە باشقا دەلىللەر سابىت بولغان. بەيھەقى ۋە باشقىلار بۇنىڭغا ئىجما قىلغان دەپ نەقىل قىلىدۇ. پىقھى ۋە ئەمەل مۇشۇ بويىچە يولغا قويۇلدى.

٣ ـ ئۆلارنىڭ ئىچىدە بۇ ھەدىسلەر زاكات ئادا قىلمىغان كىشى ئۈچۈن دېيىلگەن، ئەمما زاكىتىنى ئادا قىلسا ھېچقىسى يوق دېگەنلەر بار. بۇنىڭغا باشقا ھەدىسلەر بىلەن دەلىل كەلتۈرۈلدى. ئۇ ھەم تەنقىدتىن خالىي بولالمىدى. ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كېلىش كەلمەسلىكى ھەققىدىكى ئىختىلاپ مەزھەپلەر ئارا مەشھۇر.

٤ ـ ئۆلاردىن بۇنى پەقەت زىننەت ئۈچۈن تاقىغانلارغا قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇش دەپ تەئۋىل قىلغانلار بار. يەنى ئۇنىڭدىكى قورقۇتۇش

پەقەت زىننەت ئۈچۈن ئەمەس، مەنمەنچىلىك قىلغانلار ئۈچۈن. نەسەئى بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىسىنى ئاياللارنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئىزھار قىلىشىنىڭ مەكرۇھلۇقى ھەققىدىكى باپ دېگەن ماۋزۇدا زىكىر قىلىدۇ.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، ئىنكار قىلىش ئېغىر، ھەم چوڭ ئالتۇن جابدۇقلارغا قارىتىلغان. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى پەخىرلىنىش ۋە مەنمەنچىلىكنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

٥ ـ ناسىرىددىن ئالبانىي بىزنىڭ ئەسىرىمىزدە بۇ ھەدىسلەر ھەققىدە يېڭى بىر يول تۇتتى ۋە بۇ ھەدىسلەرنى سەھىھ دەپ ھۆكۈم قىلدى. ھالقا قىلىنغان ئالتۇننىڭ ئاياللارغا ھارام ئىكەنلىكىدە بۇ ھەدىسلەرنى مۇھكەم دەپ قارىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە قىلىنغان ئىجماغا خىلاپلىق قىلدى ۋە بارلىق مەزھەپلەردە قارار ئالغان، ئون تۆت ئەسىر جەريانىدا ئۈممەت قىلىپ كەلگەن ئىشقا خىلاپلىق قىلدى.

مانا بۇ ھەدىسلەرنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ سابىت بولۇشى ۋە دالالەت قىلىشىدىكى ئىختىلاپنى مەنئى قىلالىدىمۇ؟

ھازىرقى يېڭى ھەدىس مەدرىسىسى ئەگەر ھۆججەت كەلتۈرۈشكە ئۇلار بىلەن بىرگە ھەدىس باركەن، ئىختىلاپنى كۆتۈرۈۋېتىپ ھەممە كىشىلەرنى بىرلا سۆزگە جەمئى قىلالامدۇ؟

جاۋاب ئوچۇق، ئىنسانلار بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا ھەمىشە ئىختىلاپلىشىدۇ. ئىنشائاللاھ ئۇنىڭدا ھېچقانداق چاتاق يوق ۋە زەرەر يوق: ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بىر قاراش بار. ئۇ كىشى شۇ تەرەپكە قارىغۇچىدۇر .

www.uyghurkitap.com

مەن بۇ ئەسىردە ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرىنى، پىقھىلىرىنى چۈشىنىشتە ئىمام ھەسەنىل بەننا چۈشەنگەندەك چۈشەنگەن ھېچبىر ئىسلام دەۋەتچىلىرىنى ۋە ئىسلاھاتچىلىرىنى كۆرمىدىم. ئۇ ئۆز مەدرىسسىنىڭ بالىلىرىنى شۇ بويىچە تەربىيىلىگەن ئىدى.

ئۇ ئىسلام سېپىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ناھايىتى قاتتىق ھېرىس بولغان بولسىمۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ھەيئەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ، ئەڭ ئەدناسى ئۇسۇل ۋە ئىسلامىي چۈشەنچە ئۈستىگە توپلاشقا ناھايىتى جىددىي ۋە ئاڭلىق ھالدا ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ، دىنىنىڭ پەرئىي مەسىلىلىرىدە ۋە جۈزئىي، ئەمەلىي مەسىلىلىرىدە ئىختىلاپتىن قېچىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ دەۋەت رىسالىلىرىنىڭ كۆپلىرىدە زىكىر قىلدى ۋە ناھايىتى توغرا يول تۇتتى . بۇ كۆپ پايدىلىق بولدى.

ئۇ بىزنىڭ دەۋىتىمىز دېگەن رىسالىسىدە ئۆزىنىڭ دەۋىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن سۆزلەپ، ئۇنى ئومۇمىي دەۋەت، خاس بىر تائىپىگە مەنسۇپ ئەمەس. كىشىلەر ئارىسىدا خاس بىر شەكىلدە تونۇلغان قاراشقىلا يان باسمايدۇ. ئۇ دىنىنىڭ نىگىزىگە ۋە مېغىزىغا يۈزلىنىدۇ. ئەمەل جىددىي، نەتىجە كاتتا بولسۇن ئۈچۈن ، كۆز قاراشلارنىڭ ۋە ھىممەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ھەق نەدە بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە. ئىجمانى ياخشى كۆرىدۇ. ئايرىمچىلىقنى يامان كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالالارنىڭ ئەڭ ئېغىرى تەپرىقچىلىك ۋە ئىختىلاپ. ئۇلارنىڭ غەلىبىلىرىنىڭ ئاساسى مۇھەببەت.

ئەلۋەتتە بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرى پەقەت ئەۋۋىلى ياخشى بولغان نەرسە بىلەن ياخشى بولىدۇ  دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى.

ئىمام بىرلىكنىڭ زۆرۈرلىكىگە ۋە تەپرىقچىلىقنىڭ يامانلىقىغا مانا مۇشۇنداق ئىشەنگەن بولسىمۇ يەنىلا مۇنداق دەيدۇ:

بىز بۇنىڭ بىلەن بىرگە دىننىڭ پەرئىلىرىدە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ لازىم ۋە زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. بۇ پەرئىلەردە قاراشلار ۋە مەزھەپلەرنىڭ بىرلىككە كەلمەسلىكىدە بىرقانچە سەۋەب بار:

١ - ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىدا، دەلىللەرنى ئىدراك قىلىشتا، ئۇنى بىلمەسلىكتە، مەنىلەرنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا چۆكۈشتە، ھەقىقەتلەرنى بىر - بىرىگە باغلاشتا ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەقىللەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى. دىن دېمەك ، ئايەتلەر، ھەدىسلەر، ( نەسلەر ) دېمەك بولۇپ، ئۇلارنى تىل ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرى دائىرىسىدە ئەقىل ۋە رەئيى تەپسىر قىلىدۇ. كىشىلەر بۇ ھەقتە جىددىي پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئىختىلاپنىڭ بولۇشى مۇقەررەر.

٢ - ئىلىمنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى ۋە ئەقىلنىڭ تارلىقى. بۇنىڭغا ئۇنىڭغا يەتمىگەن بىر نەرسە يەتكەن بولىدۇ. يەنە بىرىمۇ شۇنداق. ئىمام مالىك ئەبى جەئپەرگە مۇنداق دېگەن ئىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى شەھەرلەرگە تارقىلىپ كەتكەن، ھەر بىر قەۋمدە ئۆزىگە لايىق ئىلىم بار. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى بىر قاراشقا مەجبۇرلىساڭ پىتنە تۇغۇلىدۇ .

٣ - مۇھىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى، ھەتتا تەتبىقلاشمۇ بىر مۇھىتتىن يەنە بىر مۇھىتتا پەرقلىنىدۇ. سىز ئىمام شافىئى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ

ئىراقتا كونىچە ۋە مىسىردا يېڭىچە مەزھەپ بىلەن پەتىۋا بەرگەنلىكىنى كۆرىسىز. ئۇ ھەر ئىككىسىدە ئۆزىگە روشەن كۆرۈنگەن قاراشنى ئالدى. ئۇنىڭغا روشەن كۆرۈنگىنى ھەر ئىككىسىدە ھەقنى ئاساس قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

٤ - رىۋايەتنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغا كۆڭلى خاتىرجەم بولۇشنىڭ ئوخشاشماسلىقى. بىر راۋىنى بىر ئىمام ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى دەلىل كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرسە، يەنە بىر ئىمام ئۇنى مەجرۇھ دەپ قارايدۇ.

٥ - دالالەتلەرنى تەقدىر قىلىشتا ئىختىلاپلىشىش. بۇ تۈرۈپ بۇ خەۋەرنى كىشىلەرنىڭ ئەمەلگە مۇقەددەم قىلىدۇ. يەنە بىرى قوپۇپ ئۇنداق قىلمايدۇ. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش...

بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بىزنى دىنىنىڭ پەرئىيلىرىدە بىر ئىشقا ئىجما قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن دەپ ئېتىقاد قىلدۇرغان قىلىپ قويىدى. بەلكى ئۇ دىنىنىڭ تەبىئىتىگە ھەم خىلاپ كېلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ دىنىنىڭ ئەبەدىي باقى قېلىشىنى، ئەسىرلەرگە لايىق، ھەر زامانغا مۇۋاپىق ھالدا ئىلگىرىلىشىنى ئىرادە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاسان، يۇمشاق، يۇۋاشتۇر. ئۇنىڭدا توڭلاپ قېلىش ۋە چىڭىتىۋېلىش يوق.

بىز بۇلارنى ئويلايدىكەنمىز، ئەلۋەتتە بەزى پەرئىي مەسىلىلەردە بىزگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بىز شۇنداق قارايمىزكى، بۇ ئىختىلاپ ھەرگىزمۇ قەلبلەرنىڭ باغلىنىشىغا، مۇھەببەتنىڭ ئالمىشىشىغا، ياخشىلىقتا ياردەم قىلىشقا توسقۇن بولالمايدۇ. بىزنى ۋە

ئۇلارنى ئىسلامنىڭ كەڭ چېگرىسى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟ ئۇلارمۇ شۇنداق. بىز ئۆز نەپسىمىزنىڭ ھۆكمىگە خاتىرجەم بولۇشنى ياخشى كۆرىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۇلارمۇ خۇددى شۇنىڭدەك. بىز ئۆزىمىزگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرۈشكە بۇيرۇلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا نېمىدە ئىختىلاپلىشىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رەئيى بىزدە نەزەر سېلىشقا ئەرزىگەندەك، ئۇلاردىمۇ بىزنىڭ رەئيىمىز نەزەر سېلىشقا ئەرزىمەيدۇ؟ نېمىشقا چۈشىنىشكە ئورۇن تۇرۇغلۇق بىر - بىرىمىزنى ساپ مۇھەببەت ھاۋاسى ئىچىدە چۈشىنىشمەيمىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ پەتىۋا بېرىشتە ئىختىلاپلىشاتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىختىلاپ تاشلىيالىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى، باغلىنىشىنى يېشەلىدىمۇ؟ ئى ئاللاھ! ياق ئۇنداق قىلالمىدى. بەنى قۇرەيزىدە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇش ھەققىدىكى ھەدىس بىزدىن يىراق ئەمەس.

ئۇلار پەيغەمبەرىمىزگە ئەڭ يېقىن زاماندا ۋە ئەھكاملارنى ئەڭ ياخشى تونۇغانلار تۇرۇپ ئىختىلاپلىشىپتۇ، ئۇنداقتا بىزنىڭ ھېچ خەتىرى يوق، كىچىك ئىشلاردا ئىختىلاپلاشقانلىقىمىزغا نېمە بوپتۇ؟ ئىماملار ئاللاھنىڭ كىتابىنى، پەيغەمبەرىمىزنىڭ سۈننىتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار تۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىپتۇ، بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپتۇ. نېمىشقا ئۇلار قىلغاننى بىز قىلساق بولمايدىكەن؟ ئىختىلاپ ئەڭ مەشھۇر مەسىلىلەردە بولغان ئىكەن، مەسىلەن: بىر كېچە - كۈندۈز ئىچىدە بەش قېتىم توۋلىنىدىغان ئەزانغا ئوخشاش. ئۇ ھەقتە دەلىللەر ۋە ئەسەرلەر كۆپ ۋە ھەر خىل كەلگەن. ئۇنداقىكەن ، رەئيى ۋە ھۆكۈم چىقىرىش

قاتارلىقلارغا قايتىدىغان كىچىك، ئىنچىكە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىختىلاپ بولسا نېمە بوپتۇ؟

يەنە نەزەر سېلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش بار: ئۇ بولسىمۇ ئىلگىرىكى كىشىلەر ئىختىلاپلىشىپ قالسا خەلىپىگە باراتتى. خەلىپە ئۇ ھەقتە ھۆكۈم قىلاتتى. ئۇنىڭ ھۆكمى ئىختىلاپنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. ئەمما ھازىر خەلىپە نەدە؟ ئىش شۇنداق بولىدىكەن ، مۇسۇلمانلارنىڭ قازى تېپىشى، ئاندىن ئۇنىڭغا داۋاسىنى ئەرز قىلىشى ياخشىراق. ئۇلارنىڭ ئاساسسىز قىلىشقان ئىختىلاپى يەنە بىر ئىختىلاپقا ئېلىپ بارىدۇ.

بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بۇ لارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆز مۇخالىپلىرىغا قارىتا ئەڭ كۆكسى كەڭ كىشىلەردىن. ئۇلار ھەر بىر قەۋمنىڭ ئىلمى بار، ھەر بىر دەۋەتتە ھەق بار، باتىل بار دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھەقنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ ۋە ئۇنى ئالىدۇ ھەمدە خاتىرجەملىك ۋە يۇمشاقلىق بىلەن ئۆزگىگە قارشى قاراشتىكىلەرنى قانائەت قىلدۇرۇشقا ئورۇنىدۇ. ئەگەر ئۇلار قانائەت قىلسا ياخشى، قانائەت قىلمىسا ئۇلار دىنىي قېرىنداشلار. ئالللاھتىن ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشنى سورايمىز .

مانا بۇ ئۇستاز ھەسەنىلبەننانىڭ پىقھى ئىختىلاپتىكى كۆز قارىشى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا تۇتقان مەيدانى. بۇ ئۇنىڭ دىنىدا، تارىختا ۋە بارلىق ۋەقەلەردە چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىنغان ئەمەلىي ھادىسىلەرنىڭ بىرى ، باشقا ئۆلىمالاردىن ھەم شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ماۋزۇيىمىزدا ئۇنىڭ يېتەرلىك دالالىتى بار بىر ھادىسە:

ئۇ بىر يېزىغا دەۋەت ئۈچۈن بارغان ئىدى. بۇ زامانلاردا بولغان ئىش بولۇپ، يېزا ئەھلى تەراۋىھ نامىزى ھەققىدە، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ زامانىدا ئوقۇلغاندەك يىگىرمە رەكئەتمۇ؟ (كىشىلەر ئەسىرلەر بويى شۇنداق قىلىشىپ كەلگەن) ياكى ئۇ سەككىز رەكئەتمۇ؟ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقىسى ئۇنىڭدىن زىيادە قىلمىغان) دېگەن ئىككى خىل قاراش بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. ھەتتا ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالغان ئىدى. ھەر بىرى ئۆزىنى ھەقلىق، سۈننەت ئۈستىدە دەپ داۋا قىلاتتى ۋە باشقىسىنى خاتا دەيتتى. ئۇلار يولباشچى شەيخ ھەسەنئەلبەننانىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشقان. ھەر بىر تەرەپ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە، يەنە بىرىگە قارشى ھۆكۈم قىلىدۇ دەپ ئويلىشاتتى. لېكىن ئۇستاز ئۇلارنى باشقا بىر يولغا قاراتتى.

ئۇ: تەراۋىھ نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە؟ دېدى.

ئۇلار: سۈننەت، قىلغان كىشىگە ساۋاپ بېرىلىدۇ، قىلمىغان كىشى جازالانمايدۇ، دېيىشتى.

ئۇ: مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنىڭ ھۆكمى نېمە؟ دېدى.

ئۇلار: دىنىي پەرز، ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان بىر ئاساس، دېيىشتى.

ئۇ: ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە سۈننەتنى قىلىمىز دەپ پەرزنى زايا قىلىۋېتىش جائىز بولامدۇ؟ ئەگەر سىلەر قېرىنداشلىقىڭلارنى، بىرلىكىڭلارنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆيلىرىڭلارغا قايتىپ كېتىپ، ئۆزەڭلار كۈچلۈك دەپ قارىغان، خاتىرجەم بولغان دەلىل بويىچە سەككىز رەكئەت ئوقۇمسىلەر

ياكى يىگىرمە رەكئەت ئوقۇمسىلەر خاتالىغانلىقىنى قىلغان بولساڭلار بۇنداق تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ ئولتۇرغاندىن ياخشى بولاتتى، دېدى.

مەن بۇنى بەزى كىشىلەرگە زىكىر قىلىپ بېرىۋىدىم. ئۇلار: بۇ ھەقنى سۆزلەشتىن قاچقانلىق، سۈننەتنى بىدئەتتىن ئايرىشتىن قاچقانلىق، بۇ دېگەن ۋاجىپ تۇرسا؟ دېيىشتى.

مەن: بۇ ئىشتا كەڭچىلىك بار. مەن ئۆزەم سەككىز رەكئەت ئوقۇساممۇ، يىگىرمە رەكئەت ئوقۇغاننى بىدئەتنى قىلدى دەپ قارىمايمەن، دېدىم.

ئۇلار: لېكىن ئىختىلاپنى ئايرىش ۋاجىپ، ئۇنىڭدىن قېچىش خاتا، دېيىشتى.

مەن: بۇ توغرا، بۇ ئىش ھالال ـ ھارام ياكى ھەق ـ ناھەق ئۈستىدە بولغاندا شۇنداق، ئەمما پىقھىي مەدرىسىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلاردا، ھەر بىرسىگە ئايرىم بىر قاراش بار بولسا، ئىش جائىز بىلەن ئەۋزەلنىڭ ئارىسىدا چۆگىلىگەن بولسا، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋېلىشقا، تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋېلىشقا ھېچ ئورۇن يوق. مانا بۇ ئىنساپلىق ئۆلىمالار ئوچۇق ئاشكارا قارار قىلغان مەسىلە، دېدىم.

ھەنبەلىلەرنىڭ كىتابلىرىدىن غايەتىلمۇنتەھانىڭ شەرھى دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:

( كىمكى ئىجتىھاد مەسىلىلىرىدىن بىر نەرسىنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ مۇجتەھىدلارنىڭ ماقامىنى بىلمىگەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ مۇجتەھىدلارنىڭ ھەق يولىدا كۆزلىرىنى ئويغاق تۇتقانلىقىنى، بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكىنى، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلغانلىقلىرىنى بىلمىگەنلىكىدىن. ئۇلار مەيلى خاتا قىلسۇن ياكى توغرا قىلسۇن ئەجىر

بىرىلىدۇ. ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر قۇتۇلغۇچىلاردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۇلارنىڭ ئىجتىھادى ئېلىپ بارغان يولنى بەلگىلەپ بەردى. ئۇنى شۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە مۇقەررەر شەرىئەت قىلدى. شۇنىڭدەك، ئۇلارنى ئۆلگەن مالدىكى ھالاللىقنى مەجبۇرى قالغان كىشىگە ۋە ھاراملىقنى ئىختىيارى بار كىشىگە بىرلا ئىشتا سابىت بولغان ئىككى ھۆكۈم قىلدى. بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە ئۆلىمالارنىڭ پىكىر بىرلىكى بىلەن سابىت بولدى. مۇجتەھىدنىڭ گۇمانىغا قايسى غالىپ كەلسە، ئۇ ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىنىڭ ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر ).

مىسىر پەتىۋالىرى دېگەن كىتابتا ئىبنى تەيمىيەنىڭ مۇنۇ سۆزى نەقىل قىلىنىدۇ: كۆندۈرۈشكە رىئايە قىلىش ھەققۇر. گاھىدا كۈچلۈك مەنپەئەت ئۈچۈن بىسمىللاھ جەھرى ئوقۇلىدۇ. قەلبلەرنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئەۋزەلنى تەرك قىلىش شەكىللىنىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇپ بەيتۇللاھنى قايتا بىنا قىلىشنى تەرك قىلغاندەك. ئىمام ئەھمەدكە ئوخشاش ئىماملار بىسمىللاھ مەسىلىسىدە دەلىل كەلتۈردى. ۋىترنى ۋە باشقىسىنى ئۇلىدى. ئۇنىڭدا ئەۋزەلدىن جائىزغا چىقىش بار. ئۇ بۇنى كۆندۈرۈشكە رىئايە قىلىپ شۇنداق قىلدى ياكى سۈننەتنى تونۇتۇش ئۈچۈن قىلدى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ... ۋەللاھۇ ئەئلەم .

( بەيتۇللاھنى قايتا بىنا قىلىشنى تەرك قىلدى ) دېگەن سۆزى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەگە دېگەن مۇنۇ ھەدىسكە ئىشارەت قىلدى: ئەگەر سىزنىڭ قەۋمىڭىز جاھىلىيەتكە زامانى

يىقىن قەۋم بولمىغان بولسا، مەن كەئبىنى ئىبراھىمنىڭ قۇرغان ئاساسىغا قۇراتتىم . ( بۇخارى رىۋايەت قىلغان )

ئەللامە ئىبنى قەييۇم زادۇل مەئاد دېگەن كىتابىدا يامداتتىكى قۇنۇت ھەققىدە ئۇنى مۇسبەتلەردە ۋە باشقا ئىشلاردا ھەم مۇتلەق ئىنكار قىلىپ، بىدئەت ئىتىبارغا ئالغان كىشى بىلەن، ئۇنى مۇسبەتلەردە ۋە باشقا ئىشلاردا مۇستەھەب دېگەن كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى مۇسبەتلەردە قۇنۇت ئوقۇش. بۇنىڭغا كۆپ ھەدىسلەر دالالەت قىلىدۇ، دېدى ۋە بۇنى كۆچلۈك دەپ قارىدى. بۇنى بەزى ئۆلىمالار قوبۇل قىلدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىز قۇنۇت ئوقۇغان يەردە قۇنۇت ئوقىدى. تەرك قىلغان يەردە تەرك قىلدى. ئۇنى قىلىش ۋە تەرك قىلىشتەك ھەر ئىككى ئىشتا ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلدى. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى قىلىش ھەم سۈننەت، تەرك قىلىش ھەم سۈننەت . شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۇنى داۋاملاشتۇرغان كىشىنى ئىنكار قىلمىدى. ئۇنى قىلغاننى مەكرۇھ دېمىدى. ئۇنى بىدئەت دەپ قارىمىدى. ئۇنى قىلغۇچىنى سۈننەتكە خىلاپلىق قىلدى دېمىدى. شۇنىڭدەك ، مۇسبەتتە ئۇنى ئىنكار قىلغان كىشىنىمۇ ئىنكار قىلمىدى، بەلكى قۇنۇت ئوقۇغان كىشىمۇ ياخشى ئىش قىلدى. ئوقۇمىغان كىشىمۇ ياخشى ئىش قىلدى.

ئۇ : رۇكۇدىن تۇز بولۇش ، رۇكۇ دۇئا ۋە سانانىڭ ئورنىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇنىڭدا بىرلەشتۈردى. قۇنۇتنىڭ دۇئاسى ھەم سانا ۋە دۇئادۇر. شۇڭا ئۇ بۇ ئورۇنغا ئەۋلاراقتۇر. گاھىدا ئىمام كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن جەھرى ئوقۇسا ھېچقىسى يوق دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى باشلاشنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش ئۈچۈن جەھرى ئوقۇغان ئىدى. ھەزرىتى ئىبنى ئاببـاسمۇ جىنازە نامىزىدا پاتىھەنى، ئۇنىڭ سۈننەتلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن جەھرى ئوقۇغان ئىدى. ئىمامنىڭ ئامىننى جەھرى ئوقۇشىمۇ مۇشۇ قاتاردا سانىلىدۇ.

مانا بۇ ئۇنى قىلغان ياكى تەرك ئەتكەت كىشىگە قوپاللىق قىلىشقا بولمايدىغان مۇباھ بولغان ئىختىلاپتۇر. بۇ خۇددى نامازدا قول كۆتۈرۈش ياكى كۆتەرمەسلىككە ئوخشاش. تەشەھھۇدلارنىڭ ، ئەزاننىڭ، ئىقامەتنىڭ، ھەجنىڭ ئىفراد، تەمەتتۇ ۋە قىران قاتارلىق تۈرلىرىگە ئوخشاش.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى زىكىر قىلىشتىن باشقا ئەمەس. چۈنكى ئۇ مەقسەدلەرنىڭ قىبلىسىدۇر. بۇ كىتابتا ئۇنىڭغا يۈزلىنىش بار. تەپتىش ۋە تەلەپنىڭ مىقدارى ئۇنىڭغا بىنائەن بولىدۇ، بۇ بىر ئىش، قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ئىنكار قىلىنمايدىغان جائىزلىق باشقا بىر ئىش. بىز بۇ كىتابتا جائىز بولىدىغان ياكى بولمايدىغان نەرسە ھەققىدە گەپ قىلمىدۇق. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە تاللىغان يولى ھەققىدە سۆزلەش بىزنىڭ مەقسىتىمىزدۇر. چۈنكى ئۇ ھىدايەتنىڭ ئەڭ كامىلراقى ۋە ئەۋزەلراقى. ئەگەر بىز بامداتتا قۇنۇت ئوقۇش، بىسمىللاھنى جەھرى ئوقۇش پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىدايىتىدىن ئەمەس دېسەك، بۇ باشقىلارنىڭ مەكرۇھ ۋە ياكى بىدئەت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ يولى ئەڭ كامىل، ئەڭ ئەۋزەل يولدۇر دېگەن بولىدۇ.

يەنە بىرسى ، ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچى ئۆزىنىڭ قارىشىدا ئىمامنىڭ تەرەتنى بۇزىدىغان ياكى نامازنى بۇزىدىغان بىر ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى

كۆرسىمۇ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېرىشى لازىم. پەقەتلا بۇ ئىمامنىڭ مەزھىپىدە جائىز بولغان بولسا مەيلى.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ:

مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشىنىڭ جائىزلىقىدا بىر پىكىرگە كەلگەن. خۇددى ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن زاتلار ئاشۇنداق بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيتتى. كىمكى بۇنى ئىنكار قىلسا ئۇ بىدئەلخوردۇر، ئازغۇندۇر، سۈننەتكە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسىغا خىلاپلىق قىلغۇچىدۇر .

ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە بىسمىللاھنى ئوقۇيدىغانلار بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيتتى. خۇددى شۇنىڭدەك ، ئىمام ئەبۇ ھەنىپە ۋە شاگىرتلىرى، شاپىئىي ۋە باشقىلار مالىكىلاردىن بولغان مەدىنە ئىماملىرىغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇۋېرەتتى. ۋاھالەنكى ئۇلار بىسمىللاھنى مەخپى بولسۇن ياكى جەھرى بولسۇن ھېچ ئوقۇماس ئىدى .

ئەبۇ يۈسۈپ رەشىدنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدى. ئۇ قان ئالدۇرغان ئىدى. مالىك ئۇنىڭغا تەرەت ئالمايدۇ دەپ پەتىۋا بەرگەن ئىدى. ئەبۇ يۈسۈپ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋەردى ۋە ئىئادە قىلمىدى .

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قان ئالدۇرغا، بۇرنى قانىغان كىشى تەرەت ئالىدۇ دەيتتى. ئۇنىڭدىن: ئەگەر ئىمامىم بولسا، ئۇنىڭدىن قان چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ تەرەت ئالمىسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېرىمەنمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ: سەئىد ئىبنى مۇسەييەپ ۋە مالىكنىڭ ئارقىسىدا قانداقمۇ ناماز ئوقۇمايسەن؟ دېدى. ئۇ بۇ مەسىلىدە ئىككى شەكىل بار:

بىرى، ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ نامىزىنى بۇزىدىغان ئىشنى قىلغانلىقىنى بىلمەسلىك. بۇ يەردە سەلەپلەرنىڭ، تۆت ئىمامنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ئۇ ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆتكەن ئىختىلاپ يوق.

يەنە بىرى ، ئىقتىدا قىلغۇچى ئۆز قارىشىدا ئىمامنىڭ جائىز بولمايدىغان ئىشنى قىلغانلىقىغا جەزىم قىلىشى. مەسىلەن: ئەرلىك ئەزاسىنى ياكى ئايالنى شەھۋەت بىلەن تۇتقان بولسا ياكى قان ئالدۇرغان بولسا ياكى قۇسسا، ئاندىن كېيىن تاھارەتسىز ناماز ئوقۇۋەرسە، بۇ ھەقتە مەشھۇر تالاش بار. ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى سەلەپنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ سۆزىدۇر. بۇ مالىكنىڭ مەزھىبى. بۇ شاپىئى ۋە ئەبۇ ھەنىپىنىڭ مەزھىپىدىكى يەنە بىر سۆزدۇر. ئەھمەدنىڭ دەلىللىرىنىڭ كۆپلىرى مۇشۇ بويىچەدۇر ۋە بۇ توغرىدۇر، دېدى ( كۆپ مۇنىلەر دېگەن كىتابتىن، 2/ 181 ـ بەت، بىزنىڭ زامانىۋى پەتىۋالار دېگەن كىتابىمىزغا قاراڭ، 201 ـ 204 ـ بەتلەر، ئىككىنچى بېسىلىشى )

ئەمەللەرنىڭ قىممىتىنى ۋە مەرتىۋىلىرىنى بىلىش

دىنىي ئىلىمنىڭ ۋە پىقھىنىڭ ئەڭ مۇھىم پايدىسىنىڭ بىرى ، ئەمەللەرنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ شەرئى مەرتىۋىلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەمىر قىلىنغان ۋە نەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ساقلاش، ئۇنىڭ نىسبەتلىرىگە ھېچ خەلەل يەتكۈزمەسلىك ياكى ئوخششىپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەسلىك ياكى ئوخشىمىغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىپ قويماسلىق.

ئىسلام كىشىلىك ھەر نەرسىگە ئۆز لايىغىدا خاس قىممەت بەلگىلىدى. ئۇنىڭ نەپسىگە، ھاياتقا بولغان تەسىرىگە قاراپ مەخسۇس باھا قويىدى. ئۇنىڭدا بىز بىلىدىغىنى ۋە بىلمەيدىغىنى بار.

شۇنىڭدەك، چەكلەنگەن ئىشلارغا ھەم ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي زەرەرىگە ۋە تەسىرىگە قاراپ دەرىجىلەرنى ۋە نىسبەتلەرنى قويىدى.

بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ مەرتىۋىلىرى

مانا بۇنىڭدىن ئىسلامدا تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ مەرتىۋە ۋە دەرىجىلىرى كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدا شەرىئەت بەلگىلىگۈچى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە قىلماي قالسا ھېچنەرسە بولمايدىغان مۇستەھەب ئىشلار بار.

يەنە ئۇنىڭدا تەكىتلەنگەن سۈننەت بار. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىشقا ئادەتلەنگەن ۋە پەقەت ئاز تەرك ئەتكەن ۋە ئۇنى قىلىشنى جەزمەن تەلەپ قىلمىغان ئىشتۇر. ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى ھەتتا كىشىلەر ۋاجىپ قىلىۋېلىپ جاپا تارتىپ يۈرمىسۇن دەپ گاھىدا تەرك قىلىدىغانلار بار ئىدى. مەسىلەن: ھەزرىتى ئەبى بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن گاھىدا قۇربانلىق قىلىشنى تەرك قىلاتتى.

يەنە ئۇنىڭدا ۋاجىپ بولغان ئىشلار بار ( بەزى مەزھەپلەرنىڭ قارىشىچە ) ئۇ ئىش قەتئىيلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ئۇنى قىلغانغا ساۋاپ بەلگىلىدى. ئۇنى تەرك قىلغانغا ئازاپ

بەلگىلىدى. ئۇنى تەرك قىلغان كىشى پاسىق بولىدۇ. ئۇنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

شۇنىسى بىزگە مەلۇمكى، پەرز ئىككى قىسىمدۇر: بىرى پەرز كۇپايە، ئۇنى بەزىلەر قىلسا باشقىلاردىن گۇناھ ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بىرى پەرز ئەيىن ، ئۇ ھەممىگە ئومۇمىيدۇر. ئۇنى ھەممە ئۆزى قىلىشى لازىم.

شۇنىڭغا ئوخشاش پەرز ئەيىن ھەم بىر قانچە دەرىجىگە بولۇنىدۇ: بۇ يەردە ئىسلام ئاساسى رۇكنىلار دەپ ئېتىبارغا ئالغان پەرزلەر بار. بۇلار : بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بىرىش، روزا تۇتۇش ۋە قادىر بولغان كىشىگە بەيتۇللاھنى ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش قاتارلىقلار.

يەنە ئۇنىڭدىن باشقا بۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك ۋە بۇ دەرىجىدە ئەمەس پەرزلەر ھەم بار. ۋاھالەنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىدا جەزمەن تەلەپ قىلىنغان بولىسمۇ.

شۈبھىسىزكى، ئىسلام پەرز ئەيننى پەرز كۇپايىدىن ئىلگىرى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئەگەر جىھاد پەرز كۇپايە بولسىلا بۇنىڭدىن ئىلگىرى قىلىدۇ. بۇ چاغدا بالىغا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىزنىسىز جىھاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوچۇق ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

ئىسلام يەنە كۆپچىلىكنىڭ ھەققىگە تەئەللۇق پەرزلەرنى سەخسىنىڭ ياكى بىر قانچە سەخسنىڭ ھەققىگە تەئەللۇق پەرزدىن ئىلگىرى قىلىدۇ. مەسىلەن: جىھاد بىلەن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشاش، جىھاد

پەرز ئەيىن بوپىقالغاندا، يەنى كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلغاندا جىھاد پەرزى ئاتا ئانىغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ.

پەرز ۋاجىپقا، ۋاجىپ سۈننەتكە، سۈننەتى مۇئەككەدە مۇستەھەپتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، ئىسلام ئىجتىمائىي يېقىنلىقنى شەخسىي يېقىنلىقتىن ئىلگىرى قىلىدۇ. مەنپەئەتى باشقىلارغىچە يېتىپ بارىدىغان ئىشنى مەنپەئەتى پەقەت قىلغۇچىدىلا قالىدىغان ئىشتىن ئىلگىرى قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن جىھادنى شەخسىي ئىبادەتتىن ئىلگىرى قىلىدۇ. پىقھى ۋە ئىلمنى ئىبادەتتىن، ئالىمنى ئابىدتىن، ئۆز ئارا ئىسلاھ قىلىشنى نەپلە ناماز، نەپلە روزىدىن ۋە نەپلە سەدىقىدىن ئىلگىرى قىلىدۇ.

ئادىل بىر ھاكىمنىڭ پۇقرالىرى ئارىسىدا قىلغان پايدىلىق بىر ئىشنى ئۇنىڭ نەپلە ئىبادەتلىرىدىن بىر قانچە ھەسسە ئەۋزەل قىلىدۇ. بىر ئىمامنىڭ ( يەنى ھاكىمنىڭ ) بىر كۈنلۈك ئادالىتى ئاتمىش يىللىق ئىبادىتىدىن ياخشى بولىدۇ .

شۇنىڭدەك ، ئىسلام قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىدىن ئىلگىرى قىلىدۇ. ئەقىدىنى ئەمەلدىن ئىلگىرى قىلىدۇ. ئۇنى مەركەز ۋە ئاساس دەپ ئېتىبارغا ئالىدۇ.

چۈشكۈنلۈك زامانىدا مۇسۇلمانلار مۇبتىلا بولۇپ قالغان ئىشلار

1 ) ئۇلار ئومۇمىي ئۇممەتكە تەئەللۇق بولغان ئىلمىي، سانائىي، ھەربىي ئۈستۈنلۈك، پىقھىدا ئىجتىھاد قىلىش، ئەھكاملارنى چىقىرىش، ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش، زالىم ھاكىملارغا قارشى تۇرۇش

قاتارلىقلارغا ئوخشاش پەرز كۆپايىلەرنى خىلى دەرىجىدە ئەھمىيەتسىز تاشلاپ قويىدۇ.

2 ) بەزى پەرز ئەينىلەرنى بىكار تاشلاپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاز ھېساپلىدى. مەسىلەن: ياخشى ئىشقا بۇيرۇش، يامان ئىشتىن توسۇشقا ئوخشاش پەرز ئەين بولغان ئىشلار.

3 ) بەزى رۇكنىلارغا بەزىسىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. نامازدىن روزىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزدە بىرەر مۇسۇلمان ئەر ياكى ئايال روزا تۇتماي قالمىدى. لېكىن، نامازغا ھورۇنلۇق قىلىدىغان، خۇسۇسەن مۇسۇلمان ئاياللاردىن نامازغا ھورۇنلۇق قىلىدىغان مىڭلىغان ئاياللار ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۆمۈر بويى ئاللاھقا باش ئېگىپ، سەجدە قىلىپ باقمىغان مۇسۇلمانلار پەيدا بولدى. شۇنىڭدەك ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار نامازغا كۆڭۈل بۆلۈپ زاكاتقا كۆڭۈل بولمىدى. ۋاھالەنكى ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا ئۇ ئىككىسىنى 28 جايدا بىرگە كەلتۈردى. ھەتتا بەزى ساھابىلەر مۇنداق دېدى: زاكات بەرمىگەن كىشىنىڭ نامىزى يوق ھېساپتا .

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىغان كىشى بىلەن جىھاد قىلىمەن ، دېدى.

4 ) ئۇلار بەزى نەپلىلەرگە بەزى پەرز، ۋاجىپلاردىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. شۇنىڭدەك، بۇ كېيىنكى سوپىلارنىڭ ئىچىدە كۆپرەك يۈز بەردى. ئۇلار زىكىر ـ تەسبىھلەرنى كۆپ ئوقۇدى. لېكىن بەزى ئىجتىمائىي

پەرزلەرنى تاشلاپ قويدى. مەسىلەن: يامانلىققا قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي، سىياسىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار.

5 ) ناماز، زىكرىگە ئوخشاش شەخسىي ئىبادەتلەرگە مەنپەئەتتە ئومۇمغا قايتىدىغان جىهاد، پىقهى، كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەم قىلىش، رەھىم - شەپقەتكە تەۋسىيە قىلىشتەك ئىجتىمائىي ئىبادەتلەردىن بەكرەك كۆڭۈل بولدى.

6 ) ئاخىردا كۆپ كىشىلەر ئەمەللەرنىڭ پەرزلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىنانىڭ ئاساسىغا ھېچ دىققەت قىلمىدى. ئۇلار ئەقىدە، ئىمان، تەۋھىد قاتارلىق دىنىنىڭ ئاساسلىرىغا ھېچ دىققەت قىلمىدى.

چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ مەرتىۋىلىرى

شۇنىڭدەك ، ئىسلام چەكلىگەن ئىشلارنىڭمۇ مەرتىۋە، دەرىجىلىرى بار:

ئۇنىڭ بىرى: مەكرۇھ تەنزىھىدۇر. بۇ ھالالغا يېقىنراق بولغىنى.

ئۇنىڭ يەنە بىرى: مەكرۇھ تەھرىمىدۇر. بۇ ھارامغا يېقىنراق بولغىنى.

يەنە ئۇنىڭ ئىچىدە: كىشىلەرنىڭ كۆپلىرى بىلمەيدىغان مۇشتەبىھاتلار ( مەنىسى ئېنىق بىلىنمەيدىغانلار ) بار. كىمكى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالسا ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ خۇددى تاغنىڭ لېۋىدە پادا باققۇچىغا ئوخشايدۇ. ئۇ تاغدىن چۈشۈپ كېتىشكە تاس قالىدۇ.

يەنە ئۇنىڭ ئىچىدە: ئوچۇق ھاراملار بار. ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە تەپسىلى بايان قىلغان: ئاللاھ سىلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى تەپسىلى بايان قىلدى . ( ئەنئام سۈرىسى 119 - ئايەت ).

هارام ئىككى خىلدۇر: كىچىك هاراملار ۋە چوڭ هاراملار. كىچىك هاراملارغا ناماز، روزا، سەدىقەلەر كەپپارەت بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى كەتكۈزىدۇ . ( هۇد سۈرىسى 114 ـ ئايەت ) سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: بەش ۋاقىت ناماز، جۈمە نامىزى يەنە بىر جۈمەگىچە، رامىزان روزىسى يەنە بىر رامىزانغىچە پەقەتلا چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسىلا ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كەپپارەت بولغۇچىدۇر

ئەمما چوڭ هاراملارنى پەقەت پۇشايمان ئاقلىغان، قىزغىن ياش پاكلىغان قەلبتىن سادىر بولغان خالىس تەۋبىدىن باشقىسى يۇيالمايدۇ.

چوڭ گۇناھلارمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىز چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى دەپ سانىغانلىرى بار. ئۇ : ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ، ئۇ تەۋبىسىز ئەبەدىي كەچۈرۈلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ . ( نىسا سۈرىسى 48 ـ ئايەت ).

ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىستە زىكىر قىلىنغان گۇناھلارمۇ چوڭ گۇناھ سانىلىدۇ. مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىغا ئازار بېرىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ئاللاھ هارام قىلغان تىرىكلىكنى ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، پاك مۆمىن ئايالغا تۆھمەت قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

كىشىلەر خاتالىق ۋە تەۋرىنىشكە چۈشۈپ قالغان ئىشلار:

1 ـ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مەكرۇھ ياكى مۇشتەبىھ ئىشلار بىلەن تارقىلىپ كەتكەن هاراملار ۋە زايا بولۇپ كەتكەن ۋاجىپلاردىنمۇ بەكرەك مەشغۇل بولۇپ قېلىشى. مەسىلەن: ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ بار ئىش بىلەن ھاراملىقى قەتئىي جەزملەشكەن ئىشتىن بەكرەك مەشغۇل بولۇپ قېلىش.

2 ـ كۆپ كىشىلەر كىچىك گۇناھلارغا قارشى تۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، رەمبالىلىق، سېھىرگەرلىك، كاھىنلىق، قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋېلىش، نەزىر قىلىش، ئۆلۈكلەر ئۈچۈن مازارلاردا قۇربانلىق قىلىش، قەبرىدىكىلەردىن ياردەم تىلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ساپلىقىنى كىرلەشتۈرىدىغان، ئازاپقا لايىق چوڭ گۇناھلارغا قارشى تۇرۇشنى تاشلاپ قويۇش.

ئەمەللەر بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى

خۇددى ئەمەللەرنىڭ بۇيرۇلغانلىرىنىڭ، چەكلەنگەنلىرىنىڭ مەرتىۋىلىرى بولغاندەك، كىشلەرمۇ شۇنداق ھەرخىل مەرتىۋىلىك بولىدۇ. مەن بۇ يەردە كىشىلەر دېگىنىمدىن ئىسلام ئەھلىنى مەقسەت قىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى دىندارلار كىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ ناھايىتى چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ئومۇم بىلەن خۇسۇسنى، باشلىغۇچى بىلەن ئەگەشكۈچىنى، ئاجىز بىلەن كۈچلۈكنى ئايرىماستىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، دىندا ھەممىنىڭ ئۆز مەرتىۋىسگە، ئىستىدادىغا قاراپ بەلگىلەنگەن ئورنى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئەزىيمەت ( چىڭ تۇرۇش ) رۇخسەت، ئادالەت، پەزىلەت، پەرز،

نەپلە، ۋاجىپ، پىداكارلىق قاتارلىقلار بار. قەدىمكىلەر مۇنداق دېگەن ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقلىرى ئاللاھقا يېقىنلارنىڭ گۇناھلىرىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن بىز كىتاب ( يەنى قۇرئاننى ) بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر . ( پاتىر سۈرىسى 32 ـ ئايەت ).

ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچى دېگەنلىك: ۋاجىپلارنى قىلىشتا ۋە ھاراملارنى تەرك قىلىشتا كەمچىلىك قىلغانلار دەپ تەپسىر قىلىنىدۇ.

ياخشىلىققا ئالدىرىغۇچى دېگەن: ۋاجىپلارنى قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا سۈننەت ۋە مۇستەھەبلەرنىمۇ قوشۇپ قىلغۇچىدۇر ۋە ھارامنى تەرك قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، شۈبھىلەردىن، مەكرۇھلاردىن ھەم قاچىدىغانلار، بەلكى ھېچقىسى يوق ئىشلاردىنمۇ گۇناھ بار ئىشلارغا ئوخشاش ھەزەر قىلىپ، يىراق بولىدىغانلار دەپ تەپسىر قىلىنىدۇ.

بۇ ئۈچ سىنىپ ( ئىچىدە زالىممۇ بار ) ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايەتنىڭ مەنىسى بويىچە ئاللاھ كىتابىنى مىراس قىلىپ تاللانغان ئۇممەتنىڭ ئىچىگە داخىلدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ پەقەت ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ئاسىيلار بولغانلىقى سەۋەبىدىنلا ئۇلارنى ئۇممەتتىن، دىندىن چىقىرىۋېتىش خاتالىقتۇر.

يەنە بۇ مەرتىۋىلەرنى ساقىت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ياخشىلىقتا ئالدىرىغۇچىلاردىن بولۇشى لازىم دەپ مۇئامىلە قىلىش ھەم خاتالىقتۇر.

دىندار، ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئىچىدە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلارنى ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىق، يالقۇنجاپ تۇرغان ھىسسىيات بەزى مۇسۇلمانلارنى دىندىن چىقىرىپ ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا ياكى بەزى كىچىك گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن سەۋەبىدىن ئۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان قىلىپ قويىدى. ئۇ گۇناھلار ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان ، دەلىللەر بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان ۋە قەتئىي ھاراملىق دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن.

ئاشۇ ئىخلاسمەن ياخشىلار شۇنى ئۇنتۇپ قالدىكى، بىزنىڭ، پەقەت بەزى گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلىك بىلەنلا باشقىلارنىڭ ئېتىبارىنى ساقىت قىلىشىمىز جائىز ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم كىچىك گۇناھلار نى ئايرىۋەتتى. ئۇلارنى ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ساقىت قىلىدىغان ئىشلاردىن سانىمىدى. شۇنىڭدەك، چوڭ گۇناھلاردىن قېچىش كىچىك گۇناھلارغا كەپارەت بولىدۇ دەپ ئېلان قىلدى.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ( ئاللاھ ) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشىغا قاراپ جازالايدۇ. ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ. ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ، كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغپىرىتى كەڭدۇر ( نەجم سۈرىسى 31 ـ 32 ـ ئايەتلەر ).

ئايەت كەرىمدىكى ئايرىۋېتىلگەن كىچىك گۇناھلار دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بولۇپ، مۇپەسسىرلەر ئۇلارنى زىكىر قىلىدۇ. بىز ئۇلاردىن غايىل بولۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى ئۇنىڭدا! ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ھاپىز ئىبنى كەسىر ئۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ئۇلار گۇناھنىڭ، پاھىشىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن قاچىدىغانلار يەنى ئۇلاردىن بەزى كىچىك گۇناھلار سادىر بولسىمۇ، ھارام بولغان چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولىدىغانلار دەپ تەپسىر قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ياپىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەگەر سىلەر چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ چوڭلىرىدىن قاچساڭلار، سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز ۋە سىلەرنى ھۆرمەتلىك جايغا كىرگۈزىمىز . ( نىسا سۈرىسى 31 ـ ئايەت ). يەنە بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار گۇناھنىڭ، پاھىشىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن قاچىدۇ. لىكىن، پەقەت كىچىك گۇناھلارنى قىلىپ سالىدۇ . مانا بۇ قەتئىي ئايرىۋېلىشتۇر. چۈنكى كىچىك گۇناھلار كىچىك ئىشلار قاتارىدا بولىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئىبنى كەسىر، ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىملار ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ھۆرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىپ دېگەن ئىشتىن بەكرەك كىچىك گۇناھلارغا ئوخشايدىغان ئىشنى تاپالمىدىم. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئادەم بالىسىغا زىنادىن نەسىۋىسىنى يازدى، ئۇ بۇنى تاپىدۇ. بۇ ئىمكانسىز ئەمەس.

كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەشتۇر، نەپسى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئىشتىها قىلىدۇ، جىنسى ئەزا ئۇنى راستقا چىقىرىدۇ ياكى ئۇنى يالغانغا چىقىرىدۇ .

ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبى ھۇرەيرىلەردىنمۇ كىچىك گۇناھلار نىڭ تەپسىرى ھەققىدە: قاراش، كۆز تاشلاش، سۆيۈش ۋە قۇچاقلاش دېگەندەك مەنىلەر بايان قىلىنغان. پەقەتلا خەتنىگاھ خەتنىگاھقا تەگمىسىلا شۇنداق. ئەگەر تەگسە بۇ زىنادۇر.

كىچىك گۇناھ دېگەننىڭ كېيىنكى تەپسىرى ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىنمۇ رىۋايەت قىلىنغاندۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەركىشى پاھىشىگە يېقىنلىشىدۇ. ئاندىن تەۋبە قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئى ئاللاھ! ئەگەر مەغپىرەت قىلساڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلغىن، قايسى بەندە ساڭا كىچىك گۇناھ قىلمىغان؟ دېگەن ئىدى. ( بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تىرمىزى بۇنى غېرىپ ھەدىس دەيدۇ. )

ئەبى ھۇرەيرە ۋە ھەسەنلەردىن شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، كىچىك گۇناھلار دېگەن: ئىنسان گاھىدا قىلىپ قويىدىغان، ئۇنىڭغا چوڭقۇرلاپ كىرمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىدە ھەم تۇرمايدىغان ئىشتۇر. يەنى گاھىدا قىلىپ، گاھىدا قىلمايدىغان ئىشلاردۇر.

بۇ ئاللاھنىڭ دىنىدا، ھاياتىدا چوڭ گۇناھلار دائىم سادىر بولۇپ تۇرمايدىغان كىشى ئۇچۇن كەچلىك بارلىقىغا ۋە ھەرقانداق تەۋبە قىلغان كىشى ئۇچۇن ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى كەڭلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئىسلام تەربىيىسى دەرسلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنىڭ بىرى ئەمىرىل مۆمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىشىلەرگە قىلغان تەربىيەسىدۇر. ئۇ كىشىلەرگە كىچىك گۇناھلاردىن قانداق كۆز يۇمۇش، ئەيىپلەرنى سۆزلەشتىن قانداق ساقلىنىش ھەققىدە تەلىم بەرگەن. ئۇ كىچىك گۇناھلار ۋە ئەيىپلەر پەرزلەرنى ئادا قىلىدىغان، چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىدىغان كىشىدىن سادىر بولسا كۆز يۇمۇش، ئەيىبىنى يوشۇرۇش لازىم. بۇ يەردە مەسۇم (ساقلانغان) ئىنسان يوق، ئىنسان باللىرىنىڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى پاكىزە پەرىشتىلەر قىلىپ ياراتمىدى.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئەۋىندىن، ئۇ ھەسەن بەسرىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر ئابدۇللا ئىبنى ئەمىردىن سورۇشۇپتۇ: بىز ئاللاھنىڭ كىتابىدا بەزى شەيئىلەرنى كۆرىمىز، بىر ئىش بار ئەمەل قىلىنىدۇ، يەنە بىر ئىش بار ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەمىرىل مۆمىنىن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىرادە قىلدۇق. ئۇ ۋە ئۇلار بىرلىكتە ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۆمەر: قاچان كەلدىڭ؟ دېدى.

ئابدۇللا: مۇنچىلىك، مۇنچىلىك ۋاقىتتىن بۇيان، دېدى

ھەزرىتى ئۆمەر: ئىزنى بىلەن كەلدىڭمۇ؟ دېدى.

(ھەسەن: ئۇنىڭ قانداق جاۋاپ بەرگەنلىكىنى ھېچ بىلمىدىم دەيدۇ).

ئۇ: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مىسىردا بەزى كىشىلەر مەن بىلەن كۆرۈشۈپ بىز ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئەمەل قىلىنىدىغان ۋە ئەمەل قىلىنمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرىمىز، دېيىشتى. ئۇلار بۇ ھەقتە سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر: ئۇلارنى ماڭا كەلتۈرۈڭلار، دېدى.

ئابدۇللا: مەن ئۇنىڭغا ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ بېرەي، دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر: ئاللاھ ۋە ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن سورايمەن، سەن قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ دېدى.

ئۇ: ھەئە ئوقۇدۇم، دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر: ئۇنى ئۆز ئىچىڭدە ساناپ كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنى تىلىڭدا ساناپ كۆردۈڭمۇ؟ دېدى.

ئاندىن ئۇلارغا نەزەر تاشلاپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا كەلدى ( يەنى ئۇلاردىن: ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلىشنى ئۆزەڭلارنىڭ نەپسىڭلاردا، ئەزايىڭلاردا، سۆزلىرىڭلاردا، ھەرىكەتلىرىڭلاردا، سۈكۈتلىرىڭلاردا ھېساپلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟ دەپ سورىدى. تەبىئىيكى، ئۇلار ياق دەپ جاۋاپ بەردى ).

ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر: ئۇنى سىلەر كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى تۇرغۇزۇشىغا تەكلىپ قىلامسىلەر؟ ( يەنى سىلەر چۈشەنگەن، ئۆزەڭلارنىڭ ئىبتىراپى بىلەن ئۆزەڭلار ئەمەل قىلمىغان سۈرەتتە قىلىشقا تەكلىپ قىلامسىلەر؟ ) دېدى.

پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بەزى گۇناھلارنىڭ يۇزبېرىدىغانلىقىنى تەلىم بەردى دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ئەگەر سىلەر چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ چوڭلىرىدىن يىراق بولساڭلار، سىلەرنىڭ كىچىك گۇناھلىرىڭلارغا كەپپارەت بېرىمىز ۋە سىلەرنى ھۆرمەتلىك جايغا كىرگۈزىمىز . ( نىسا سۈرىسى 31 ـ ئايەت ).

ئاندىن كېيىن: مەدىنە ئەھلى بىلدىمۇ؟ يەنى سىلەرنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىڭلارنى مەدىنە ئەھلى بىلدىمۇ؟ دېدى.

ئۇلار: ياق، دېيىشتى.

ئۇ: ئەگەر بىلگەن بولسا سىلەرنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىپ قويالىتتى، دېدى. ( بۇنى ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە ئىبنى جەرىردىن رىۋايەت قىلدى .)

مانا مۇشۇنداق ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئاڭلىق چۈشەنگەن پىقھى ئارقىلىق ئەمىرلمۆمىنىن ھەزرىتى ئۆمەر بۇ مەسىلىنى باشتىن ـ ئاخىر ھەل قىلىۋەتتى ۋە چىگىتىۋېلىش ۋە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشتا بوشاڭلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن پىتنە شامىلى قوزغىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېچكىم بىلمەي قالاتتى.

كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۆزرىلىرىنى ئۆلچەپ كۆرۈش

تەلەپ قىلىنىۋاتقان ۋە بىز زىكىر قىلغاننى تولۇقلايدىغان پىقھى، كىشىلەرنىڭ سەۋىيەسىنى، ئەھۋالىنى، ئۆزرىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلارغا بېسىم قىلىۋاتقان كۈچكە قارشى كۆتۈرۈش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارنى توغرا ئۆلچەشتىن ئىبارەت بولۇش لازىم.

بىزنىڭ ھەممە كىشىدىن شەھىدلەرنىڭ كاتتىسى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ، زالىم پادىشاھلارغا، ھەددىدىن ئاشقان ھاكىملارغا قارشى قوزغىلىپ، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، ئاخىرىدا ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇشنى تەلەپ قىلىشىمىز، گەرچە بۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى ئۇچۇن ئارزۇ قىلىدىغان ئەڭ ئالىي غايە بولغان بولسىمۇ خاتادۇر.

بۇ ئەڭ ئەۋزەل ماقام بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئاز ساندىكى ئەزىمەتلىك كىشىلەرلا يېتەلەيدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ۋە ھېساپ ئېلىنىدىغان پەرز ئەمەس.

گاھىدا بەزى كىشىلەر يىراق تۇرۇۋېلىپ، ھەق سۆز قىلىپ شۇك تۇرۇشنى ياقتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ باش ئېگىلگەن بېخىللىقنى، ئەگىشىلگەن ھاۋايى ـ ھەۋەسنى تەسىر كۆرسەتكۈچ دۇنيانى، ھەرقانداق بىر قاراش ساھىبىنىڭ ئۆز قارىشىدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ يالغۇز كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇلارنى تىل بىلەن ئىنكار قىلىشنىڭ پايدىسى يوق دەپ قارايدۇ. بۇ خۇددى ئەبى سەئلەبەتىل خەشەبىنىڭ ھەدىسىدە تىلغا ئېلىنغاندەك: خۇۋەيسە ئۆزىنى يوشۇردى. كۆپچىلىكنى تەرك قىلدى. گاھىدا ئىنكارنىڭ پايدىسى بار دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەقەت قەلبى بىلەنلا ئۆزگەرتىش بىلەن كۇپايە قىلىدۇ. مانا بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزلىقى.

بەزىلەر ئۆزگەرتىش چوققىدىن ئەمەس يىلتىزىدىن باشلىنىدۇ، ئىسلاھ قىلىش ئالدى بىلەن شەخسلەرگە قارىتىلىشى لازىم، ئەگەر ئۇلار ئىسلاھ بولسا ئۇلار بىلەن بىللە جامائەت ئىسلاھ بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ئەلۋەتتە غەربلەشتۈرۈش، دىنسىزلاشتۇرۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇزۇق تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش پەقەت مەقسەتنى ئۇچۇق، ۋاستىلىرى تەئقىق قىلىنغان، ئۇزۇن باسقۇچلۇق، يىلتىزى چوڭقۇر ھالدا شەكىللەنگەن جامائەت ھەرىكىتى ئارقىلىق پۈتىدۇ. ئۇنى چۈشىنى

رىياللىقا ئايلاندۇرالايدىغان ئىسلامىي خەلق ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭغا شۇ مەنا كىرىدۇ: چوڭراق بىر ئىشنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، كىچىكرەك يامان ئىشتىن سۈكۈت قىلىش شەرىئەتتە جائىز ، بەلكى تەلەپ قىلىنغان ئىش. بۇ ئىككى يامانلىقنىڭ بوشراقىنى ۋە ئىككى زەرەرنىڭ يەڭگىلرەكىنى كۆتەرگەنلىك بولىدۇ. مانا بۇنى شەرىئەت قارار قىلغان.

بۇنىڭغا خاس دەلىللەرنىڭ بىرى، قۇرئانى كېرىم مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ۋە پىرئەۋنگە ئەۋەتىلىشتىكى شېرىكى بولغان ھارۇن ھەققىدە زىكىر قىلغان ئايەتتۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشىنى ئۆز ئۆرنىدا قەۋمىگە خەلىپە قىلىپ قويۇپ، پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلىشىشكە كەتكەن ئىدى. كېيىن سامىرىينىڭ ئالتۇن موزاي ھەققىدىكى پىتنىسى يۈز بېرىپ، بەنى ئىسرائىل ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھارۇن ئۇلارغا بۇندىن ئىلگىرى ( ئى قەۋم! ) سىلەر ئۇنىڭغا ئالدىنىپ كەتتىڭلار. شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار رەھىم - شەپقەتلىك بولغان ئاللاھتۇر. ماڭا ئەگىشىڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، دېگەن ئىدى. ئۇلار ( بىز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ھەتتا مۇسا بىزگە قايتىپ كەلگۈچە قايتمايمىز ) دېيىشتى . ( تاھا سۈرىسى 90 - 91 - ئايەتلەر ).

ھارۇن بۇنداق خەتەرلىك ئازغۇنلۇققا سۈكۈت قىلدى. شېرىكتىنمۇ بەكرەك ۋە سۆزگە جاۋاپ قايتۇرالمايدىغان، ئۇلارغا پايدا - زىيان

يەتكۈزەلمەيدىغان، يولغا باشلىيالمايدىغان موزايغا ئىبادەت قىلىشتىنمۇ خەتەرلىك ئازغۇنلۇق بولامدۇ؟

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ مۇنداق دېدى: مەندىن كېيىن نېمە دېگەن يامان ئىش باسارسىلەر؟ ۋە قولىدىكى تەۋرات تاختىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ قاتتىق غەزەپ بىلەن سۆرىگىلى تۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا ( ئاللاھ ئۈچۈن غەزەپلىنىشتە ) ماڭا ئەگىشىشتىن ساڭا نېمە تۇسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟ ھارۇننىڭ جاۋابى نېمە بولغان ئىدى؟ ھارۇن مۇنداق دېدى: ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم . ( تاھا سۈرىسى 93 ـ 94 ـ ئايەتلەر ). بۇ يەردە ھارۇن ئەلەيھىسسالام باش قوماندان كەلگۈچە جامائەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىغا ، سۈكۈت قىلغانلىقىغا ھۆججەت قىلىپ كۆرسەتتى. ھەتتاكى بىرسى قوپۇپ ئۇ ئالدىراقسانلىق قىلىپ جامائەتنى بۆلۈۋەتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىشىنى كۈتۈپ تۇرمىدى دېمىسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى.

بۇنىڭ يەنە بىرى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنۇ ھەدىسى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ئەگەر قەۋمىڭىزنىڭ زامانى شىرىككە يېقىن بولمىغان بولسا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە كەبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان ئورۇنغا بىنا قىلاتتىم . يەنى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىش بولسىمۇ، كەيىنى ئۆرۈپ باشقىدىن بىنا قىلسا، ئېخى ئىسلام قەلبلىرىدە ئورناپ بولمىغان قەۋمىنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۇ ئىشنى قىلمىدى.

ئۇنىڭ زالىم باشلىقلارنى ئېلىۋېتىش ۋە باشقا بىرىنى قويۇشقا قۇدرەت بولمىغاندا چوڭراق پىتنە ـ پاسات تۇغۇلۇپ قان تۆكۈلمىسۇن، ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر دەپسەندە قىلىنمىسۇن، پۇل ـ ماللار زايا بولمىسۇن، تېنىچلىق، مۇقىملىق بۇزۇلمىسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زۇلمىغا سەبر قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئىدى.

بۇ ئىش ئوچۇق ـ ئاشكارا كۇپۇرلۇققا، ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە ئېلىپ بارمىغان ھالەتتە شۇنداق. خۇددى بۇ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە دېيىلگەندەك ، ئەگەر سىلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا كۇپۇرنى كۆرسەڭلار، ئۇ چاغدا بۇ ئىش سىلەرگە ئاللاھ ئالدىدا ھۆججەت بولىدۇ .

مانا بۇنىڭدىن كىشىلەردىن ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتلەردە كامىل مۇسۇلمان بولۇشنى ياكى بولمىسا ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئۆزلىرىچە ئوتتۇرا يول يوق، دەرىجىلەر يوق، ياكى تولۇق، مۇتلەق ئىسلام ياكى بولمىسا باشقا ھېچ ئىسلام يوق دەيدىغان چۈش كۆرگۈچىلەرنىڭ خاتالاشقانلىقى ئايان بولىدۇ.

ئۇلار يامان ئىشنى ئۆزگەرتىشنى بىرلا مەرتىۋىدە قىلىۋالدى. ئۇ بولسىمۇ يەقەت قولدىلا ئۆزگەرتىش. ئۇلار ئاخىرقى كۈچى يەتكەن بويىچە تىل

بىلەن ئۆزگەرتىش، دىل بىلەن ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولغان ئىككى مەرتىۋىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەرتىۋىنى بېكار قىلىۋەتتى.

ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىدىكى تەكلىپنىڭ تاقەت ھېسابى بويىچە بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ تاقىتىنىڭ، ئەھۋالىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ ئۆزرىلەرگە، زۆرۈرىيەتلەرگە رىئايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا خاس ئەھكاملارنى بەلگىلىگەنلىكىنى ، ھەتتا بەزى چەكلەنگەن ئىشلارنى مۇباھ قىلىپ، ۋاجىپ بولغان ئىشلارنى ساقىت قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ نېمە دېگەن توغرا ئېيتقان؟

ئاللاھ تائالا بىرقانچە جايدا بەندىلەرنى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. مەسىلەن ئاللاھ تائالا نەپسنى ( يەنى ئىنساننى ) پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقا بۇيرۇيدۇ دېدى ( بەقەرە سۈرىسى 286 ـ ئايەت ). يەنە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن، سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى بىز پەقەت قۇدرىتى يەتكەن ئىشلارغا بۇيرۇيمىز دېدى ( ئەئراپ سۈرىسى 42 ـ ئايەت ). يەنە ئىنسان تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىنمايدۇ دېدى ( بەقەرە سۈرىسى 233 ـ ئايەت ). يەنە ئاللاھ ئىنساننى پەقەت قىلالايدىغان ئىشقا بۇيرۇيدۇ دېدى. ( تالاق سۈرىسى ) .

ئاللاھ يەنە بەندىلىرىنى قۇدرىتى يەتكەن بويىچە تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇپ: قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھتىن قورقۇڭلار ، دېدى ( تەغابۇن سۈرىسى 16 ـ ئايەت ). مۆمىنلەر ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلىدۇ:

نى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلەپ قويغاندەك قىيىنچىلىقلارنى يۈكلەپ قويمىغىن، بىزگە تاقىتىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى ئارتىپ قويمىغىن . ( بەقەرە سۈرىسى 186 ـ ئايەت )، ئاللاھ : شۇنداق قىلدىم دېدى . يەنى دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدىم. بۇ ئايەت شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ئەلۋەتتە ئىنسان ئاجىز كەلگەن ئىشقا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. بۇ جەبەرىيلەرنىڭ ئەكسىچە. بۇنىڭدىن يەنە شۇ مەنا چىقىدۇكى، خاتالاشقان ياكى ئۇنتۇپ قالغان كىشى جازالانمايدۇ. بۇ تەقدىرچىلەرنىڭ، مۇئتەزىللەرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىچە.

مانا بۇ بۇھەقتە ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچى سۆز. بىر مۇجتەھىد ئىمامدىن، ھاكىمدىن، ئالىمدىن، مۇنازىرىچىدىن، مۇپتىدىن ۋە باشقىلاردىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئىجتىھاد قىلسا ۋە قۇدرىتى يەتكەنچە ئاللاھتىن قورقسا، مانا بۇنىڭ ئۆزى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىش بولۇپ، ئۇ قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھتىن قورقسا ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە جازالىمايدۇ. ( بۇ چەبەرىيلەرنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە ). ھەمدە ئۇ توغرا قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. لېكىن، ئۇ شۇ ئىشنىڭ ئۆزىدە ھەق بارلىقىنى بىلىدۇ ياكى بىلمەيدۇ. ( بۇ قەدەرىيلەر ۋە مۇئتەزىللەرنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە ). ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن كىشى ھەقنى بىلىدۇ . بىز ئىلگىرى دېگەندەك بۇ خاتا. بەلكى ھەرقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن كىشى ساۋاپقا لايىق بولىدۇ.

كاپىرلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاپىرلارنىڭ دىيارىدا تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى يېتىپ بارغانلار ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا چۈشكەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھتىن قورقىدىغانلار بار. مەسىلەن: نەجاشى ۋە باشقىلار شۇنداق قىلغان. ئۇ ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغان، ئۇنىڭغا بۇ چاغدا ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھىجرەت قىلىشتىن، دىنىنى ئاشكارا قىلىشتىن چەكلەنگەن ئىدى. ھەمدە ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى ئۆگەتكۈدەك بىر كىم يوق ئىدى. مانا بۇ جەننەت ئەھلىدىن بولغان مۆئمىندۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش پىرئەۋن جەمەتىدىن بولغان پىرئەۋنىنىڭ ئەھلى ھەم شۇنداق بولغان. ئۇنىڭ خوتۇنى ئىمان ئېيتقان. بەلكى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالاممۇ مىسىرلىقلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق بولغان. ئۇ چاغدا ئۇلار كاپىر ئىدى. ئۇ مىسىرلىقلارغا ئىسلام بۇيرۇغان ھەممە ئىشنى قىلدۇرۇشقا ئىمكان تاپالمىغان. ئۇ مىسىرلىقلارنى تەۋھىدكە ۋە ئىمانغا چاقىرغاندا ئۇلار قوبۇل قىلمىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا پىرئەۋن جەمەتىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۇسۇپ ( ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ) روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىللەردىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا ( دەلىل ـ پاكىتسىز ) ھالدا ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ دېدىڭلار . ( غاپىر سۈرىسى 34 ـ ئايەت ).

نەجاشى ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش. ئۇ ناسارالارنىڭ پادىشاھى بولغان بولسىمۇ ئىسلامغا كىرىشتە ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىدى، بەلكى بىرنەچچە نەپەر كىشىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلامغا كىردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇيدىغان كىشى بولمىغان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇغان. مۇسۇلمانلار ناماز ئوتەيدىغان يەرگە چىقىپ سەپ بولۇپ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئولگەن كۈنى ئۇنىڭ ئولگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەبەش ئەھلىدىن بولغان سىلەرنىڭ سالىھ بىر تۇققىنىڭلار ۋاپات بولدى .

ئۇ ئاجىز بولغاچقا ئىسلامنىڭ كۆپلىگەن ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلالمىغان ئىدى. ئۇ ھىجرەت قىلالمىغان، جىھاد قىلالمىغان، بەيتۇللاھنى ھەج قىلالمىغان، بەلكى ئۇنىڭ بەش ۋاقىت نامازنىمۇ ئوقۇيالمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ روزا تۇتالمىغان، بەلگىلەنگەن زاكاتنى ئادا قىلالمىغان. چۈنكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئالدىدا ئاشكارا بولسا ئۇلار ئەلۋەتتە ئىنكار قىلاتتى. ئۇ ئۇلارغا قارشى ئىش قىلالمايتتى. بىز شۇنى قەتئىي بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇ ھېچقاچان ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان. ۋاھالەنكى، ئاللاھ مەدىنىدە ئۆز پەيغەمبىرىگە ئەھلى كىتاب كەلسە ئۇلار ئارىسىدا پەقەت ئاللاھ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن ھۆكۈم بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى بۇيرۇغان ۋە ئاللاھ چۈشۈرگەن نەرسە ھەققىدە ئۇلارنىڭ پىتنىگە سېلىپ قويۇشىدىن ھەزەر قىلدۇرۇلغان ئىدى.

بۇ مەسىلەن: ئۆيلەنگەنلەر زىنــا قىلغــاندا رەجــم قىلىــش، دىيەتلــەردە ئــادىل قىلىــش، قىســاس ئېلىشــتا ھۆرمــەتلىك كىشــىلەر بىلــەن ئــاددىي كىشىلەرنى بــاراۋەر قىلىــش، جانغــا جــان ئېلىــش، كۆزگــە كــۆز ئېلىــش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ھــۆكۈم قىلغانغــا ئوخشــاش. نەجاشــىغا قۇرئــان ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن بولمىغــان ئىــدى. چۈنكــى ئۇنــىڭ قەۋمى بۇنى ئېتىــراپ قىلمــايتتى. كــۆپ كىشــىلەر تاتــارلار ئــالدىدا قــازى بولغان. بەلكى ئىمــام بولغــان. ئۇنــىڭ دىلىــدا ئــادىللىق قىلىــش بولىــسمۇ قىلالمىغان. ئاللاھ ئىنسانىنى كۈچى يەتمىگەن ئىشقا بۇيرۇمايدۇ.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قىلغان ئادىل ئىشلىرىغا بىنائەن دۈشمەنلىككــە، ئەزىيەتلەرگــە ئۇچرىغــان. بــۇ ســەۋەبتىن زەھەرلەنگــەن دېگەنلــەرمۇ بــار. نەجاشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار جەننەتتە بەختلىك ياشايدۇ. ۋاھالــەنكى ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەزىلىرىنى كۈچــى يەتمىگــەن ســەۋەبتىن ئىجــرا قىلالمىغان بولىسمۇ. بەلكى ئۇلار ئىمكانى يەتكەن بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى. ( پەتىۋالار توپلىمى: 216/19 ـ 219 ـ بەتلەر ).

### ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ھېكمىتى ھەققىدىكى ئىلىم

شۇنىڭغا ئوخشاش لازىم بولغــان ئىلىمنىڭ بىــرى، تــەدرىجىي ئېلىــپ بېرىشتىكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلاردىكى، شەرىئەتتىكى ھېكمەتلىرىگە رىئايە قىلىش. بىر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ قارايى يېتىپ كەلگۈچە سەبىر قىلىش. بۇنــداق بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئومۇمىي ئىنسانلارنىڭ، خۇسۇسەن ياشلارنىڭ ئالدىراڭغۇ تەبىئىتى ۋە بۇ ئەسىرنىڭ تەبىئىتى بولغان تېزلىــك ئــۆزلىرىنىڭ دىنىغا قىزغىن قارايدىغــان نۇرغــۇن ياشــلارنى بۈگــۈن كۆچــەت تىكىپــلا

ئەتىسى مېۋە ئېلىشنى ياكى ئەتىگىنى زىرائەت تېرىپلا ئاخشىمى ھوسۇل ئېلىشنى ئويلايدىغان، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بۇنى قوبۇل قىلمىسا چېكىنىپ كېتىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بىر دانە ئۇرۇق ئۇزۇن بولسۇن، قىسقا بولسۇن خىلى، تۇپرىقى، ھاۋارايى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى، ھەتتا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مېۋە بېرىشى جەريانىدا بىرقانچە باسقۇچنى ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ مېۋىلىك دەرەخقە ئايلانمايدۇ.

ئانىنىڭ قارنىدىكى تۆرەلمە ئالدى بىلەن ئابىمەنى ھالەتتە بولىدۇ. كېيىن بىر پارچە ئۇيۇل قان بولىدۇ. كېيىن بىرپارچە گۆش بولىدۇ. كېيىن سۆڭەك بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا گۆش كىيگۈزىدۇ. ئاندىن ئىنسان شەكلىگە كىرىدۇ. تاكى بوۋاق بولۇپ چىققۇچە يۇقىرىقىدەك بىرقانچە باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ( ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن ) ئۇلۇغدۇر ( مۆمىنۇن سۈرىسى 14 ـ ئايەت ).

بالا ئانىنىڭ قارنىدىن بوۋاق بولۇپ تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئەمچەك ئېمىدۇ. ئاندىن سەبى بالا بولىدۇ. ئاندىن ياش بالا بولىدۇ. ھەتتا بالاغەتكە يەتكۈچە يۇقىرىقى باسقۇچلاردىن ئۆتىدۇ. ھاياتمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ بارلىق سۈرەتلىرىدە تەدرىجىي ھالدا داۋاملىشىدۇ. بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتىدۇ. تاكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ھېكمىتى تولۇقلىنىدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزمۇ خۇددى شۇنداق باشلانغان. ئەڭ باشتا ئەقىدە بەلگىلەنگەن، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئاستا ـ ئاستا ئىبادەتلەرگە بۇيرۇغان، كېيىن پەرزلەرنى بەلگىلىگەن، ھارام نەرسىلەرنى چەكلىگەن، شەرىئەتنى تەدرىجىي ھالدا تەپسىلىي بايان قىلغان. ھەتتا قۇرۇلۇش پۈتۈپ نېمەت تامام بولغان ۋە ئاللاھنىڭ مۇنۇ

ئايەت كەرىمسى نازىل بولغان: بۈگــۈن ســىلەرنىڭ دىنىڭلارنــى پۈتــۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭــلار بولۇشقا تاللىدىم . ( مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت).

بەزى ياشلار ئۆز تەڭداشلىرى بىلەن توپلىنىــپ، ۋەزىيــەتتىن شــىكايەت قىلىشــىپ، موســۇلمانلارنىڭ هــالىنىڭ قايســى دەرىجىگــە يەتكــەنلىكىدىن ھەسرەتلىنىپ، بۇزۇلغاننى تــۈزەش، ئۆرۈلگــەننى قــۇرۇش ئۈچــۈن ئۆزئــارا جامائەت تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار ئارزۇ ئارمــانلارنى قىلىشــىدۇ ۋە بەكمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. چۈش كۆرىدۇ ۋە ئويغاق ھالدا چۈشكە غەرق بــولۇپ كېتىــدۇ. ئــۇلار ھــەقنى ھــەق، بــاتىلنى بــاتىل قىلالايمىــز، بىــر كېچــە ـ كۈندۈزدىلا يەر يۈزىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرالايمىز دەپ ئويلىشىدۇ. ئــاندىن توسالغۇلارغا ئۇچرىغاندا چۆچۈشــۈپ كېتىــدۇ. بــۇ ھــەقتىكى توســالغۇلار نېمــە دېگــەن كــوپ ھــە...؟ ئــۇلار ئــۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيــەتلىرىنى تــولۇق ھېساپلايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئىمكانىيەتلەر نېمــە دېگــەن ئــاز ھــە....؟ ئــۇلار خۇددى ئىبنى سىرىن دېگەن زاتقا مۇنداق دېگــەن كىشــىگە ئوخشــايدۇ: مــەن چۈشــۈمدە سۈســىز ئۆزۈۋېتىمــەن، قاناتســىز ئۇچۇۋېتىمــەن. مېنىــڭ چۈشۈمنىڭ تەبىرى نېمە؟ .

ئىبنــى ســىرىن ئۇنىڭغــا: ســەن تــولا ئــارزۇ قىلىدىغــان، تــولا چــۈش كۆرىدىغان ئادەم ئىكەنسەن دېگەن ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئــارزۇ ئارمانلىرىڭغــا يۆلۈنۈۋېلىشــتىن يىــراق بــول. چۈنكــى ئــۇ ئاخمــاقلارنىڭ ماتاسى .

ئىلگىرىكىلەردىن بىرى مۇنداق دەپ راست ئېيتقان ئىدى:

ئارزۇغا قۇل بولما. چۈنكى ئۇ ۋەيران بولغۇچىلارنىڭ ماتاسىدۇر.
چۈنكى يامان ئەمەلىيەت ياخشى ئارزۇلار بىلەن ئوزەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ جەمئىيەتلەرنى ۋە مىللەتلەرنى ئۆزگەرتىشتە بەلگىلىگەن سۈننىتى بار. ئاللاھ بىر كىمگە يانباسمايدۇ.
سۈرىيەلىك تەتقىقاتچى، ئۇستاز جەۋدەت سەئىد نەپسىنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە قىممەتلىك بىر كىتاب يېزىپ ئۇنىڭ ماۋزۇسىنى ھەتتا ئۇلار ئۆز نەپسلىرىنى ئۆزگەرتكۈچە .... دەپ قويغان. ئۇ بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئىككى ئايەت كەرىمسىدىن ئۈلگە ئالغان ئىدى. 1 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بىر قەۋمنى ھەتتا ئۇلار ئۆز نەپسلىرىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئۆزگەرتمەيدۇ . 2 ـ يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ( يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاپ ) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى ( كۇپۇر، گۇناھ بىلەن ) ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ .
ئۇ ئۆز تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشىدا دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
ئىسلام دۇنياسىدىكى ياشلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام يولىدا جانلىرىنى، ماللىرىنى بېرىشكە تەييار ياشلار بار. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەر ماۋزۇدا پىشىپ يېتىلىش ياكى بىرەر ھەقىقى نۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن تولۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۆمرىدىن بىرقانچە يىلنى تەقدىم قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. مەسىلەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەقىدىسى بىلەن يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئارىلىقىدىكى پاسسىلدىن ئىبارەت بولغان مەسىلىگە قارىساق، نۇرغۇنلىغان سوئاللار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭغا يېتەرلىك جاۋاپ يوق.

ۋاھالەنكى، بۇ مەسىلىلەرگە ئەمەلىي جاۋاپ تاپماستىن بىر ۋەزىيەتتىن يەنە بىر ۋەزىيەتكە ئۆزگىرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەم چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغاندىن ۋە كۆپلەپ تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن مۇمكىن بولىدۇ.

بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى سەۋەب، ھېلىغىچە تەتقىقاتنىڭ قىممىتى ئىسلام دۇنياسىدا تېخى كەشىپ قىلىنمىدى. ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگىنى قىلىچ كىتابىتىنمۇ توغرا سۆزلەيدىغان خەۋەردۇر دېگەن قاراش بولدى. ئۇنىڭ يۈزلىنىشى پىكىر باتۇرنىڭ باتۇرلىقىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەن قاراش بولمىدى.

شۇنىڭدەك ، ئىسلام دۇنياسىدا ئىمانىنىڭ شەرتلىرى تېخى تەتقىق قىلىنمىدى. بۇنىڭ مەنىسى ، ئۇلار ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ ئەركانلىرىنى ساقلىمىدى دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ ئىمانىنىڭ شەرتلىرى دېگىنىمىز ، ئۇنىڭ نەپسىي شەرتلىرى، يەنى نەپسىدىكى ئۆزگەرتىش لازىم بولغان نەرسىلەردۇر. چۈنكى بۇ ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزى ئىمانىنىڭ مېۋىلىرىگە يېتىشىپ يېتىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىدۇ. يەنى ئۇ ئەمەلنىڭ ئەقىدە بىلەن مۇناسىپ كېلىشى ۋە ئەقىدىنىڭ مېۋە بېرىشىگە بولغان توسقۇنلۇقنىڭ يوقۇلۇشى.

ھازىرغا قەدەر جان بېرىش، مال بېرىشلا مەرتىۋىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى دەپ قارىلىپ كەلدى. جان، مال بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا رىئايە قىلىنمىدى. چۈنكى ئىش يەقەتلا بېرىپ قويۇپ بولىدى قىلىش ئەمەس. چۈنكى بېرىش ھېچبىر شەرتلەرسىز نەتىجە بەرمەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇ قاراش مۇسۇلمان ياشىنىڭ پۇل - مېلىنى ۋە جېنىنى يىدا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ياردەم قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەتقىق

قىلىش، چۈشىنىش ئۈچۈن ئۈزۈلدۈرمەي تىرىشقا ئۆزىنى ئاتاش ئۇنىڭغا ئاسان چۈشمەيدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر سەۋەب بار. ئۇ بولسىمۇ جىنىنى، مىلىتى پىسا قىلىش قىززىپ قالغان چاغدا بولىدۇ. لېكىن ئىلىم تەلەپ قىلىش قىززىپ قالغان چاغدا بولمايدۇ، بەلكى ئۈزۈلدۈرمەي تىرىشىش بىلەن بولىدۇ. داۋاملىشىشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان يېقىلغۇغا ئوخشاش بىرخىل ئاڭغا مۇھتاج بولىدۇ.

شۇنداق، ياشلارنىڭ كۆپۈنچىسى قىززىپ قالغان چاغدا ھەر خىل ماۋزۇدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشىنى باشلايدۇ. لېكىن بىر ئىككى ئولتۇرۇشتىن كېيىن قىزغىنلىق سوۋۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا مالال بولىدۇ. ئاندىن خۇددى چىراغنىڭ يېغى تۈگەپ ئۆچۈپ قالغىنىدەك باشلىغان ئىشى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

بۇ ئاقساتقۇچى قاراشلارنى ۋە تەتقىقات ئاملىرىدىن غاپىل قېلىشنىڭ ياكى باشلىغاندىن كېيىن ئۈزۈپ قويۇشنىڭ ئامىللىرىنى ئېچىپ تاشلاش لازىم. چۈنكى بۇ ئالدىراپ قاراشنى يۇقتىدىغان مۇئەييەن، ئىنچىكە شەرتلەرنىڭ ئىچىدە ھاسىل بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش نامۇۋاپىق ئىشلارنىڭ بىرى، بىزنىڭ خاتىرىمىزگە ھەتتا نەپسىدە ئۆزگىرىش بولماي تۇرۇپ باشقا ئىش قىلغىلى بولمايدىغانلىقى كىرمەي تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە ئىشتىياق بىلەن ئىنتىلىش. بىز ئۆزىمىزنىڭ نەپسىدىن خاتىرجەم. بىز ئۇنىڭدىكى كۆپ نەرسىلەرنىڭ بىزگە بىر زايىل بولۇشىنى ئىزدەيدىغان ئەمەلىيەتنىڭ باقى قېلىشىغا ھەق بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ۋاھالەنكى، بىز ئۇنىڭ

ئېغىر بېسىمنى ھېس قىلىمىز. لېكىن ئۇنىڭ داۋاملىشىشى ئۇچۇن بىزنىڭ نەپسىمىزنىڭ قانچىلىك ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

قۇرئانى كەرىم ئىنسانىيەتكە كەلگەن كېلىشمەسلىكنى تەپسىر قىلىشتا بىزگە تەلىم بەرمەكچى بولغان سەۋەبنىڭ ئۆزى مانا شۇ. ئۇ بۇنى ئىزھار قىلىشتا مەسىلىنىڭ ئاساسى نەپسىدىكى نەرسە گە قايتىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئىنسانغا تاشقىرىدىن كەلگەن ئىش زۇلۇم ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزى ئۆزىگە قىلغىنى زۇلۇم. مانا بۇ تارىخنىڭ نېگىزى. قۇرئان قارار قىلغان جەمئىيەت يولى. ئۇنى يېپىسپ قويۇش بىلەن ھايات قاراڭغۇلۇققا چۆمىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇملۇق كەلتۈرىدىغان ياكى ھەددىدىن ئاشقان پەلسەپەلەر پەيدا بولىدۇ.

ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىگە سالغان زۇلۇمنىڭ ئەڭ ئېغىرلىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئىنسان بىلەن كائىنات، جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت بولغان بويسۇندۇرۇش ئالاقىسىنى كۆرمەيدۇ. ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئۆزىنى ئۆزىگە ئامانەت قىلغان ھېكمەتلەر ئاساسىدا ئۇيۇقلارنى، نەپسلەرنى بويسۇندۇرالايدىغان ئورۇنغا قويمايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن بىزنىڭ مۇنداق دېيىشىمىز مۇمكىن:

شۇبھىسىزكى ئەقلىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئىككى مەيداننىڭ بىرىنى تۇتۇشى مۇمكىن. بىرى ، ئۇ قانۇنغا بويسۇندۇ دەپ پەرەز قىلىش. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەسىلىلەر باشقۇرۇشقا بويسۇنىدۇ. يەنە بىرى، ئۇ قانۇنغا بويسۇنمايدۇ ياكى ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى ئېچىش مۇمكىن بولمايدۇ دەپ پەرەز قىلىش. بۇ ئىككى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە مەيدان

www.uyghurkitap.com

بار. ئۇنىڭغا يېقىنلىق ئىككىسىنىڭ بىردىن ۋە يىراقلىق يەنە بىردىن پەرقلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھەر ئىككى پەرەزنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى بار. ئۇ ئىككى مەيدانىنىڭ بىرىگە بويسۇنۇش بويىچە ئىنسانىنىڭ تۇتقان مەيدانىدا ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىدا ئوخشىمىغان شەكىلدە ئاشكارا بولىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ياشاشقا ئاجىز كېلىشى، ئۇنى ئىسپاتلاش چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە مۇھتاج بولىدىغان مەسىلە ئەمەس.

لېكىن ئۇنى مەسىلە دەپ قارىغاندىن كېيىن، ئۇ زاھىر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا قارىتا قايسى مەيداندا تۇرىدۇ؟ بىرىنچى مەيداندا تۇرامدۇ؟ يەنى مەسىلە بويسۇنىدىغان قانۇن بار. ئۇنى كەشىپ قىلغىلى، ئۇنى باشقۇرغىلى، بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ دەپ پەرەز قىلامدۇ؟ ياكى مەسىلە ئىنسان كەشىپ قىلىش مۇمكىن بولىدىغان قانۇنغا بويسۇنمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلامدۇ؟ بۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ قانۇنلارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ تىرىشىشىنىڭ پايدىسى يوق دەپ قارامدۇ؟ چۈنكى بەزىلەرنىڭ ئېتىقادى بويىچە مەسىلە بويسۇنىدىغان قانۇن ئىنسانىيەت ھاياتىدا سەۋەبلىرى تۇتۇق بولغان سېھرى يول بىلەن ئىشلەمدۇ؟

شۈبھىسىزكى، بۇ ماۋزۇنى مۇسۇلمانىنىڭ ئېڭىنىڭ ئاستىدا قىلىدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا تاشلاش. ئۇنىڭ مەسىلىگە قارىتا تۇتقان مەيدانىنىڭ ئاڭلىق بەلگىلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق. ھەممە ئۇنى ئۇ تۇتۇپ كەلگەن تۇتۇق مەيداندىن چىقىرىدۇ. كۆپ چاغلاردا ئۇنىڭ زېھنىدا ئىككى

مەيدان تەشۋىشلىك سۈرەتتە ئاربلىشىپ كېتىدۇ ـ دە بىرسى يەنە بىرسىنىڭ تەسىرىنى بىكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماۋزۇ تۇتۇق، پالەچ پېتىچە قالىدۇ.

شۇبھىسىزكى، ھەل قىلىش دەرىجىسىگە يېتىشتە نەزەرىيەنىڭ ساغلام بولۇشىنىڭ مۇھىم تەسىرى بار. بەلكى ھەل قىلىش ئۇ نەزەرىيەنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا ۋە ئوچۇقلۇقىغا باغلىق.

غەلىبە قىلىش يولى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا سۆھبەت

بىر كۈنى ماڭا بىرى: بىز ھەق ئۈستىدە، دۈشمەنلىرىمىز باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ دېدى.

مەن: ھەئە شۇنداق، دېدىم.

ئۇ: بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز باتىلغا قارشى ھەققە، كۇپرىغا قارشى ئىمانغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلمىدىمۇ؟ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى ھەق ئەمەسمۇ؟ دېدى.

مەن: ھەئە، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، دېدىم.

ئۇ: ئۇنداقتا نېمىشقا كۈتۈپ تۇرىمىز؟ نېمىشقا باتىلغا قارشى كۈرەشنى باشلىمايمىز؟ دېدى.

مەن: بىزنىڭ دىنىمىزدا بىزگە غەلىبە قىلىشنىڭ يوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش لازىملىقىنى، غەلىبىنىڭ شەرتلىرى بولۇپ، ئۇ شەرتلەرنىڭ ھازىرلىنىشى لازىملىقىنى ئۆگەتتى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مەككە دەۋرىدىن باشلاپلا بۇتپەرەستلىككە قارشى ھەربىي جىھادنى باشلىغان بولاتتى. ھەر تەرەپتىن بۇتلار بىلەن ئورالغان كەبىنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇمىغان بولاتتى، دېدىم.

www.uyghurkitap.com

ئۇ: ئۇ قايسى يوللار ۋە شەرتلەر؟ دېدى.

مەن: بىرىنچىدىن ئاللاھ تائالا ھەققە پەقەت ئۇنى ھەق دەپلا يارىدەم قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەھلى ۋە ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى تۇپلانغان، ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولغان مۆمىن كىشىلەر ئارقىلىق يارىدەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ سېنى ئۆز نۇسرىتى ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلدى . ( ئەنپال سۈرىسى 62 ـ ئايەت ) دېدىم.

ئۇ: ھەقنى ئەزىز، باتىلنى خار قىلىش ئۈچۈن نۇسرەت ئېلىپ چۈشىدىغان ھېلىقى بەدرى، خەندەك، ھۇنەين ئۇرۇشلىرىدا چۈشكەن پەرىشتىلەر قېنى؟ دېدى.

مەن: پەرىشتىلەر مەۋجۇت، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مەدەت ۋە نۇسرەت ئېلىپ چۈشۈشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار بىكارغا چۈشمەيدۇ ، بەلكى ئۇلار يەر يۈزىدە جىھاد قىلىدىغان، ئەمەل قىلىدىغان، قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدىغان، ئىلاھىي يارىدەمگە مۇھتاج بولغان مۆمىنلار ئۈچۈن چۈشىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا بەدرى قىسسىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەينى ۋاقىتتا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە مەن سىلەر بىلەن بىللە، ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىڭلار دەپ ۋەھيى قىلغان ئىدى . ئالدى بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشىگە لايىق بولىدۇ، دېدىم.

ئۇ: ئەگەر مۆمىنلەر بولسا يارىدەم كېلەمدۇ؟ دېدى.

مەن: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەۋەتلىرىنى تارقىتىش، ۋەزىپىسىنى يەتكۈزۈش، سانىنى كۆپەيتىش، ئاساسىنى كۈچەيتىش، قارشى تەرەپكە ھۆججەت كۆرسىتىش، ئۆزلىرىنىڭ قوللايدىغانلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىقلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئۇلاردا دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرالىغۇدەك كۈچ ھاسىل بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ يۈز ياكى مىڭ كىشىگە تەڭ كېلىشى ئەقىلگىمۇ شەرىئەتكىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ زىكىر قىلغىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر مۆمىن كاپىردىن ئونغا تاقابىل تۇرۇش: ئەگەر سىلەردىن سەبىرلىك يىگىرمە كىشى بولسا ئىككى يۈز كاپىردىن غالىپ كېلىدۇ. ئەگەر سىلەردىن يۈز كىشى بولسا كاپىرلاردىن مىڭ كىشىگە غالىپ كېلىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇلار چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر . ( ئەنپال سۈرىسى 65 ـ ئايەت ). بۇ كۈچ ۋە ئىرادە بار ھالەتتە. ئەمما ئاجىزلىق ۋە رۇخسەت ھالىتىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھازىر ئاللاھ سىلەرگە يەڭگىللىتىپ بەردى ۋە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاجىزلار بارلىقىنى بىلدى. ئەگەر سىلەردىن سەبىرلىك يۈز كىشى بولسا، ئىككى يۈز كاپىرغا غالىپ كېلىدۇ. ئەگەر سىلەردىن مىڭ كىشى بولسا، ئىككى مىڭغا غالىپ كېلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە . ( ئەنپال سۈرىسى 66 ـ ئايەت ) دېدىم .

ئۇ: لېكىن ھەقىقەت ئەھلىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارغا پىكىرلىرىنى تارقىتىشقا، ئامانەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ئىمكان بەرمەيدۇ ، بەلكى ئۇلارنىڭ يولىغا تىكەن تېرىيدۇ. قوللىرىدىكى شامنى ئۆچۈرىدۇ. ئاياقلىرى ئاستىغا بومبا كۆمىدۇ، دېدى.

مەن: مانا بۇ يەردە ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن لازىم بولغان بىر شەرت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇ بولسا ئەزىيەتكە ۋە يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا سەبىر قىلىش. خۇددى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىبنى ئابباسقا دېگىنىدەك، دۈشمەننىڭ ئورۇنۇشلىرىغا، ھەيۋىسىگە قارشى مۇستەھكەم تۇرۇش: شۇنى بىلگىنكى، نۇسرەت سەبىر قىلىش ئارقىلىق كېلىدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مەككە سۈرىلىرىنىڭ كۆپلىرىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبىرگە سەبىر قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

يۇنۇس سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ساڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگە ئەگەش. تاكى ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچە سەبىر قىل. ئاللاھ ھاكىملارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر .

نەھل سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: سەبىر قىل، سېنىڭ سەبرىڭ پەقەت ئاللاھقا بولىدۇ. ئۇلارغا قايغۇرما، ئۇلارنىڭ ھىلىلىرىدىن سىقىلما، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋالار ۋە ئېھسان قىلغۇچىلار بىلەن بىللە .

رۇم سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: سەبىر قىل. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئىشەنمەيدىغانلار سېنى يەڭگىل كۆرۈپ قالمىسۇن .

ئەھقاپ سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلۇلئەزمى ( ئۆزلىرىگە ئاللاھ تەرىپىدىن كىتاب نازىل بولغان پەيغەمبەرلەر ) بولغان پەيغەمبەرلەر سەبىر قىلغاندەك سەبىر قىل، ئۇلارغا ئالدىراپ كەتمە .

تۇر سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەبىر قىل، سەن ئەلۋەتتە كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان چېغىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدە ئېيتىش بىلەن تەسبىھ ئېيت دېدىم.

هېلىقى بۇرادىرىم: لېكىن ئۇزۇن سەبىر قىلىپ كېتىمىز. ئىسلام ئۈچۈن شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۈممەتنى تىرىلدۈرىدىغان، يەر يۈزىدە ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرىدىغان دۆلەت قۇرالمايمىز، دېدى.

مەن: سېنىڭ قۇلۇڭدا بىرەر جاھىل ئىلىم ئۆگەنمەمدۇ؟ بىر ئازغان كىشى ھىدايەت تاپمىدىمدۇ؟ بىر گۇناھكار كىشى تەۋبە قىلمىدىمدۇ؟ ... دېدىم.

ئۇ: ھەئە، شۇنداق قىلدى، دېدى.

مەن : مانا بۇنىڭ ئۆزىمۇ زور پايدا، كاتتا غەنىمەت. سەن جاھىلىيەتتىن ئىسلام يولىغا تارتىپ چىقارغان ھەر بىر شەخس بىزنى بۈيۈك غايىمىزگە يېقىنلاشتۇرىدۇ ، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى ۋۇجۇتقا كەلگەن غايە. سەھىھ ھەدىستە: ئاللاھنىڭ سېنىڭ قولۇڭ ئارقىلىق بىر كىشىنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۇرغۇنلىغان قىزىل تۆگىلەردىن ياخشى دېيىلىدۇ ، دېدىم .

ئاندىن كېيىن بىزگە ۋاجىپ بولغىنى ، بىز ھېساپ ئېلىنىدىغان ئىش شۇكى، بىز دەۋەت قىلىشىمىز، تەربىيىلىشىمىز، ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. غەلىبە قازىنىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس. بىز ئۇرۇقنى تېرىشىمىز لازىم، ھوسۇلنى ئاللاھتىن ئۈمىت قىلىمىز. ئاللاھ بىزدىن نېمىشقا غەلىبە قىلمىدىڭلار؟ دەپ سورىمايدۇ ، بەلكى بىزدىن نېمىشاق ئىشلىمىدىڭلار؟ دەپ سورايدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ( ئۇلارغا ) ئېيتقىنكى، ( خالىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ( نەرسىلەرنى ) بىلگۈچى ( ئاللاھ )

نىلڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ . ( تەۋبە سۈرىسى 105 ـ ئايەت ) دېدىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# تۆتىنچى پەسىل

## ئىسلام ياشلىرىغا ئاتىلارچە نەسىھەت

مەن « ئۈممەت » ژۇرنىلىنىڭ ھىجرىيە 1401 - يىلى رامىزان ئايلىق سانىدا نەشر قىلغان « ئىسلام ياشلىرىنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئۇنىڭدىكى سەلبىيلىكلەر ۋە ئىجابىيلىقلار » دېگەن ماۋزۇدىكى تەتقىقات ماقالامنىڭ خاتىمىسىدە ئىككى ھەقىقەتنى تەكىتلىگەن ئىدىم:

بىرىنچىسى: شۈبھىسىزكى، بۇ كۆرۈنۈش توغرا، تەبىئىي ۋە دالالىتى ئوچۇق بولغان كۆرۈنۈشتۇر. ئۇ تەبىئىيلىككە، ئەسلىگە قايتقانلىق. بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى تەبىئىيلىك ۋە ئەسلىيلىك ئىسلامدۇر. ئۇنىڭدىن تېيىپ كەتكەنلەر قانچىلىك تېيىپ كەتسۇن، ئازغانلار قانچىلىك ئازسۇن باشلىنىش ئىسلامدىن، قايتىش ھەم ئىسلامغا. قىيىنچىلىق سائەتلىرىدە، غەم - قايغۇ كۈچەيگەندە، يول ئادىشىپ قالغاندا، ئۈمىتسىزلىك غەلىبە قىلغاندا ئىنسانلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭغا يېپىشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پانا تىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۈچ - قۇۋۋەت، روھىي مەدەت ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاياتلىق ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نۇرلۇق يول تاپىدۇ.

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز غەربتىن ۋە شەرقتىن كەلگەن ھەل قىلىش يوللىرىنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. نەپسىنى پاكلاشتا، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، دىننى ئىسلاھ قىلىشتا، دۇنيانى ئاۋات قىلىشتا ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، بوگۈنگە قەدەر كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان

مەغلۇبىيەت، پارچىلىنىش قاتارلىقلاردىن باشقىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈممىتىمىزنىڭ ئىچكى جەمئىيىتىدىكى جامائەت پىكرى ئىسلامىي ھەل قىلىش، ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئىسلامنى تەتبىق قىلىش تەرەپكە يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ھەقتە يۇمشاق سىياسەتكە ئالدانمايدىغان، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىنتىلىش روھىغا ئىگە ياشلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئىككىنچىسى: ئاشۇ ياشلاردىكى چىڭىتىۋېلىش، قاتتىق تۇرۇۋېلىش، كۆرۈنۈشى قوپاللىق بىلەن ھەل بولمايدۇ. ئۇلارغا تەھدىت بىلەن قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ. قوپاللىق ئۇلاردا چىڭىتىۋېلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. تەھدىت ئۇلارنى تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋالىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلاردىن شەكلىنىش، ئۇلارغا تۆھمەت قىلىش بىلەنمۇ ھەل بولمايدۇ. ئۇ ياشلارنىڭ ئىخلاسىدا، پەرۋەردىگارىغا بولغان ساداقىتىدە بىركىم شەك قىلالمايدۇ.

بەلكى ئۇلارغا ھەقىقىي يېقىن بولۇش، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر تەلەپلىرىنى چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىش، ئۇلار بىلەن ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىكنى ئېلىۋېتىش، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئىلمىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار بىلەن ھەل بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرى ئوچۇق - ئاشكارا بولىدۇ. شەك - شۈبھىلەر كۆتۈرۈلىدۇ. تالاش - تارتىشنىڭ ئورنى ئېنىقلىنىدۇ. ئىختىلاپ قىلىشقان جايدىن ئىتتىپاق قىلىنغان جاي بىلىنىدۇ.

پائال تۈردە سۆھبەت ئېلىپ بېرىش

بۇ سۆھبەت يولـــدا ئــۇ ياشــلارغا بــىر بــۆلۈك نەســھەت ۋە تەۋسىيەلەرنى تەقدىم قىلىمەن: دىن دېمەك ، نەسھەت دېمەك. بىزگـە پەيغەمبىرىمىز مۇشۇنداق تەلىم بەرگەن. دىن دېمەك ، ئاللاھ ئۈچــۈن، پەيغەمبـەر ئۈچـــۈن، مۇســۇلمانلارنىڭ ئىمــاملىرى ۋە مۇســۇلمانلار ئاممىسـى ئۈچـۈن نەسـھەت قىلىـش دېمـەكتۇر. مـۆمىن مـۆمىننىڭ ئەينىكى. ھەققە تەۋسىيە قىلىـش، سـەبرگە تەۋسـيە قىلىـش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ زىيانكارلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

مەن بۇ ۋەسىيەتلەر بىلەن پەقەت يولغا بەلگىلەر قويماقچىمەن، ئـۇ بەلگىلەر بىزنى مەقسەتكە باشلايدۇ. يۇتلىكاشاڭلاردىن يىـراق قىلىـدۇ. سەبرىمىزنى ئۈزۈپ قويۇشتىن يـاكى ئىزىـپ بىـر جـايىنى چۆگىلـەپ يۈرۈشـتىن يـاكى غايـە تەرەپكـە ئەمـەس، باشـقا تەرەپكـە كېتىــپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

1 ـ مۇتەخەسسىسلىكنى ھۆرمەت قىلىڭلار!

بىرىنچىدىــن ئاشـۇ ياشـلارغا مۇنـداق نەسـھەت قىلىمـەن: ئــۇلار مۇتەخەسسىسلىكنى ھۆرمەت قىلىشى لازىم. چۈنكى ھەر بىر ئىلىمنىــڭ ئۆز ئەھلى بار. ھەر بىر پەننىڭ ئۆز ئادەملىرى بـار. خـۇددى ئىنژېنېر دوختۇرلۇقتىـن سـۆز ئاچالمىغـاندەك ، دوختۇرمـۇ قـانۇندىن سـۆز ئاچالمايدۇ. بەلكى بىر ئەزانىڭ دوختۇرى يەنە بىر ئەزا ھەققىدە سۆز ئاچالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش شەرىئەت ئىلىمىمۇ « ئىسـلام مۇئەييـەن كىشلەرنىڭ مونوپولىيەسـىدە ئەمـەس، ئىسـلام باشـقا دىنلاردىكىـدەك دىنىي ئادەملەر تەبىقىسىنى تونۇمايدۇ » دېگەن داۋا بىلـەن تـاقىلداپ يۈرگەن ھەرقانداق كىشـىنىڭ خالىغانچـە يـايلاپ يۈرۈشـگە تاشـلاپ قويۇلغان يايلاق ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن « دىنىي ئادەملەر تەبىقىسى » نى تونۇمايدۇ. لېكىن ئۇ مۇنۇ ئايەت ئىشارەت قىلغان مۇتەخەسسىس دىنىي ئۆلىمالارنى تونۇيدۇ: « ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا ( ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ) چىقمىدى ». ( تەۋبە سۈرىسى 122 ـ ئايەت ) .

قۇرئان ۋە سۈننەت بىزگە، بىز بىلمەيدىغان ئىشلاردا ئىلىم ئەھلى بولغان ئالىملارنىڭ يېنىغا بېرىشنى تەلىم بەردى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: « ئەگەر بىلمىسەڭلار ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار ». ( ئەنبىيا سۈرىسى 7 ـ ئايەت ) .

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە خەۋەر قىلسا، شۇ خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى » (نىسا سۈرىسى 83 – ئايەت). ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: « ئۇنى خەۋەردار كىشىدىن سورا » (فۇرقان سۈرىسى 59 – ئايەت). يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ساڭا خەۋىرى بار زاتتەك خەۋەر بېرەلمەيدۇ » (فاتىر سۈرىسى 14 - ئايەت).

پەيغەمبىرىمىز ھېلىقى يارىلىنىپ، بەزى كىشىلەردىن پەتىۋا سورىغاندا، ئۇلار غۇسۇل قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن غۇسۇل قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: « ئۇنى ئاشۇ پەتىۋا بەرگەنلەر ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆلتۈرسۇن! ئۇلار بىلمىگەن بولسا بىلگەنلەردىن سورىسا بولمامدۇ؟ چۈنكى بىلمەسلىكنىڭ دورىسى سوراش ئەمەسمۇ؟ » .

مىنى ئەڭ ئەندىشىگە سالغىنى ، ئەڭ خەتەرلىك مەسىلىلەردە پەتىۋا بېرىشكە، ھېچبىر سالاھىيىتى يوق تۇرۇپ ئەڭ مۇھىم ئىشلاردا ھۆكۈم چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى. ئۇلار كونا - يېڭى كۆپچىلىك ئۆلىمالارغا خىلاپلىق قىلىدۇ. گاھىدا ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى تەقلىدچى ئەمەس مۇجتەھىد چاغلايدۇ. ئىجتىھاد ئىشىكى ئوچۇق دېگەن گۇمان بىلەن ئىلگىرىكىلەرنى خاتاغا چىقىرىدۇ ۋە جاھىل ھېساپلايدۇ. توغرا، ئىجتىھاد ئىشىكى ئوچۇق. لېكىن ئىجتىھادنىڭ كۆرگەنلا ئادەمدە تېپىلمايدىغان ناھايىتى مۇھىم شەرتلىرى بار.

تەتقىقاتچى ئۆلىمالاردىن بولغان بىزنىڭ سەلەپلىرىمىز ئۆز زامانىسىدىكى بىر ئىشقا ئالدىراپلا، ھېچ ئويلانماستىن پەتىۋا بېرىدىغان كىشىلەرنى ئەيىپلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: بەزىلەر بىر مەسىلىگە پەتىۋا بېرىدۇ، ئەگەر شۇ مەسىلە ھەزرىتى ئۆمەرگە توغرا كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەدر ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى توپلايتتى ». بۇرۇنقىلاردىن قالغان مۇنداق بىر سۆز بار: « سىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەتلىكراقىڭلار دوزاخقا جۈرئەتلىكراقىڭلاردۇر » .

خۇلەپائى راشىدىنلار ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن كەڭ ئىلىملىرى تۇرۇپمۇ، بەزى مەسىلىلەردە ساھابىلارنىڭ ئالىملىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورايتتى. پىكرىنى ئالاتتى. مانا شۇنداق جامائىي پەتىۋالاردىن بىرىنچى ئەسىردە ئىجما قائىدىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزى پەتىۋا بەرمەستىن باشقىلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتەتتى ياكى « مەن بىلمەيمەن » دەيتى. ئۇتبە ئىبنى مۇسلىم مۇنداق دېگەن: مەن ئىبنى ئۇمەرگە ئوتتۇز تۆت ئاي ھەمراھ بولدۇم.

ئۇ كۆپۈنچە مەسىلە سورىغۇچىغا « مەن بىلمەيمەن » دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

ئىبنى ئەبى لەيلا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان ئەنسارلاردىن بىر يۈز يىگىرمىسى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ بىرىدىن مەسىلە سورىسا يەنە بىرىگە، ئۇ يەنە بىرىگە قايتۇراتتى. ھەتتا سورىغان كىشى ئەۋۋەلقى كىشىگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرقانداقى بىرەر ھەدىس سۆزلەپ بەرمەكچى بولغاندا گەرچە ئۆزى بىلسە تۇرۇپمۇ قېرىندىشىغا قايتۇرۇپ، ئاندىن بايان قىلاتتى.

ئەتا ئىبنى سائىب مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇنداق كىشىلەرنى كۆردۈمكى، ئۇلارنىڭ بىرى بىر مەسىلە ھەققىدە سوئال سورىغۇچىغا تىترەپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرەتتى.

تابىئىنلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ۋە ئەڭ ئالىمراقى بولغان سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ھېچ پەتىۋا بەرمىگىلى تاس قالاتتى ۋە « ئى ئاللاھ! مېنى سالامەت قىلغىن، مەندىن سالامەت قىلغىن » دېمەستىن سۆزلىمەيتتى.

تابىئىنلاردىن كېيىن ھازىر ئەگىشىلىۋاتقان مەزھەپ ئىماملىرىنى ئالساق، ئۇلارمۇ ياخشى بىلمىگەن ئىشتا « مەن بىلمەيمەن » دېگەن سۆزدىن نومۇس قىلمايتتى. بۇنىڭدا چىڭراق تۇرىدىغىنى ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: كىمكى بىرەر مەسىلىدە سوئال سورىسا، جاۋاپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنى جەننەت بىلەن دوزاخقا توغرىلاپ بېقىپ، ئاخىرەتتە قانداق قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاندىن جاۋاپ بېرىشى لازىم.

ئىبنى قاسىم مۇنداق دەيدۇ: ئىمام مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم « مەن بىر مەسىلىدە ئوننەچچە يىلدىن بۇيان ئويلىنىۋاتىمەن. ھېلىغىچە بىر قارارغا كېلەلمىدىم ».

ئىبنى مەھدى ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىكەن: « گاھىدا ماڭا بىرەر مەسىلە دۈچكېلىپ قالسا، كېچىچە ئويلىنىپ چىقىمەن » .

مۇسئەپ مۇنداق دەيدۇ: دادام مېنى بىر مەسىلە توغرۇلۇق ئىمام مالىكقا ئەۋەتتى. مەن بىلەن ئۇ مەسىلىنىڭ ئىگىسى بار ئىدى. ئىمام مالىك: « مەن ئۇنىڭغا ياخشى جاۋاپ بېرەلمەيمەن، باشقىلاردىن سوراڭلار » دېدى.

ئەبى ھەسسان مۇنداق دەيدۇ: ئىمام مالىكتىن يىگىرمە ئىككى مەسىلە ھەققىدە سورىغانىدى، ئۇ « لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ » دېگەننى كۆپ دېگەندىن كېيىن، پەقەت ئىككى مەسىلىگىلا جاۋاپ بەردى.

مەن مۇسۇلمان ياشلارنى ئىلىم ئۆگىنىش، دەرس ئوقۇشتىن چەكلىمەكچى ئەمەسمەن. ئىلىم ئوقۇش بىر پەرز. بۇ بۆشۈكتىن قەۋرىگىچە تەلەپ قىلىنغان. لېكىن مەن دەيمەنكى، ئۇلار قانچىلىك ئوقۇغان بولسىمۇ، يەنە بەربىر ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج. چۈنكى شەرىئەت ئىلىملىرىنىڭ قائىدىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنى ئاسانلىقچە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇسۇللار بار. ئۇلارنى بىلىش، ساقلاش ئاسان ئەمەس. بىرقانچە شاخلار، تولۇقلىغۇچىلار بار. ئۇلارنى ئۆگىنىشكە ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرى يار بەرمىگەن. ھەر بىر قاراشنىڭ ئىگىسى بار. ھەر ئادەمگە ئۆزىنىڭ بىلگىنى ئاسان.

شۇنىڭدەك ، ئاشۇ ياشلارنىڭ ئەدەبىيات، تىجارەت پاكولتېتلىرىغا ئوخشاش پاكولتېتلىرىنى، ئىنژېنېرلىق، مېدىتسىناغا ئوخشاش

پاكولتېتلىرىنى تاشلاپ، شەرىئەت پاكولتېتلىرىدا شەرىئەت ئىلىملىرىنىلا ئوقۇيمىز دەپ تۇرۇۋېلىشىنى قوبۇل قىلالمايمەن. ئۇلارنىڭ ئۇ ئوقۇشلىرىدا بىر قانچە قەدەمنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تاشلىۋېتىشى توغرا ئەمەس. ئۇلار كۆپىنچە ئۇ ھەقتە ئەلاچىلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىلىملاردا ئۈستۈنلۈك قازىنىشى پەرز. چۈنكى ئۇلار بىلەن ئۇلارغا قارشىلار ئارىسىدىكى مۇسابىقە ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلار بۇ خىلدىكى دۇنياۋى ئىلىملارنى ئوقۇش ۋە چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ئۈچۈن خالىس نىيەت قىلغان كىشىنىڭمۇ ئىبادەت ۋە جىھاد ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندە ساھابىلەر ھەرخىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇشلىرىنى قامدايتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كەسپىنى قىلىشقا قويۇپ قويدى. ئۇلاردىن ئىشلىرىنى تاشلاپ، پەقەت ئىلىم ياكى دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلمىدى. بەزى ئىشلارنى بېجىرىش تەلەپ قىلىنغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا. ئۇنداقتا ئۇ ئۇ ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۆزىنى ياخشى تەييارلىشى لازىم.

مېنىڭ بۇ يەردە قورقىدىغىنىم ، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلاردا سۆھبەتلەردە، يىغىلىشلاردا ئۆرۈن ئىگەللەش، ئۆزىنى كۆرسىتىش ھەۋىسى قوزغىلىپ قېلىش. بۇنى ئۇنىڭ ساھىبى بىلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان بولسا، ئۇ تەتقىق قىلىش ۋە تەپتىش قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. نەپسى يامانلىققا بۇيرىغۇچىدۇر. ئۇ نەپسكە شەيتان كىرىدىغان جايلار بەك كۆپتۇر. مۇۋەپپەق بولغان كىشى يول ئۈستىدە تۇرۇپ، ھەر باسقان قەدىمىدە « بۇ ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ ياكى دۇنيا ئۈچۈنمۇ؟ بۇ ئاللاھ ئۈچۈنمۇ

ياكى كىشىلەر ئۇچۇنمۇ؟ » دەپ تەھلىل قىلغان كىشىدۇر. تاكى ئۇ نەپسگە ئالدانمىسۇن! تاكى پەرۋەردىگارىنى تونۇپ، يولىنى بىلىپ ماڭسۇن! « كىمكى ئاللاھقا مەھكەم يېپىشسا، شەكسىز ئۇ توغرا يولغا ھىدايەت قىلىندۇ » (ئالى ئىمران سۈرىسى 101 ـ ئايەت).

2 ـ تەقۋادار ۋە ئورتاھال كىشىلەردىن ئىبلىسنىڭ!

ئەگەر ھەرقانداق ئىلىمنىڭ ئەھلى ۋە ئادەملىرى بولىدىكەن، مىنىڭ مۇسۇلمان ياشلارغا قىلىدىغان نەسىھىتىم شۇكى ، ئۇلار شەرىئەت ئىلمىنى كەڭ دائىرىلىك ئىلىم، تەقۋالىق، مۆتىدىل كەلگەن ئىشەنچلىك ئۆلىمالاردىن ئېلىشى لازىم.

شەرىئەت ئىلمىنىڭ ئاساسى كىتاب ۋە سۈننەتتۇر. لېكىن ئۇلارنى چۈشىنىشنى خالىغان كىشى مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرلىرىدىن شەرھچىلەرنىڭ شەرھلىرىدىن، كىتاب ۋە سۈننەتكە خىزمەت قىلغان، ئۇسۇلىنى بەلگىلىگەن، پەرزلەرنى شاخلاتقان، بىزگە كەڭ ئىلمىي مىراسنى قويۇپ كەتكەن ئۆلىمالاردىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ئۇلاردىن جاھىل ياكى مەغرۇردىن باشقىسى يۈز ئۆرۈمەيدۇ.

كىمكى كىتاب ۋە سۈننەتنى بىلىدىغانلىقىنى داۋا قىلىپ، ئۆممەتنىڭ ئۆلىمالىرىغا تەنە قىلسا، دىنىنىڭ تەلىماتلىرىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بولمايدۇ. كىمكى ئۆلىمالاردىن ئېلىپ، مەزھەپلەردىن ئۆگىنىپ، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ دەلىللىرىنى تاشلاپ قويسا، ئۇ كىشى دىنىنىڭ ئەسلىنى ۋە شەرىئەتنىڭ مەنبىئىنى تاشلاپ قويغان بولىدۇ.

دىنىي ئۆلىمالاردىن ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ شاخلىرىدىن بولغان بىرەر شاخقا مۇتەخەسسىس بولغانلار بار. ئۇ كىتاب ۋە سۈننەتكە ئوخشاش ئۇلاشمايدۇ ( تارىخ، پەلسەپە، تەسەۋۋۇپلارغا ئوخشاش ) ئۇنداقلاردىن

ئۆز يولىدا پايدىلانغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇلار پەتىۋا ئەھلىدىن ئەمەس. ئۇلاردىن شەرئەت ئىلمىنى ئېلىشقا بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۆزلەش، دەۋەت قىلىش، خۇتبە ئوقۇش قاتارلىقلاردا ناھايىتى ياخشى قىلالايدىغانلار بار. ئۇلار كۆپچىلىككە تەسىر قىلىپ، دىل تارلىرىنى چېكەلەيدۇ. بۇ دېمەك ئۇلار ئىلمىي تەتقىقات ئەھلىدىن دېگەنلىك ئەمەس، ئۇلار كۆپىنچە ئورۇق بىلەن سېمىزنى بىرلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئەسلى بىلەت ئارىغا كىرىپ قالغاننى ئايرىلاشتۇرۇۋاتىدۇ. ھەقىقەت بىلەن خۇراپاتنى قوشۇپ قويىدۇ. كۆپىنچە مەسىلىلەردە كىشىنى شۈبھىلەندۈرۈپ قويىدۇ. ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ قويىدۇ - دە ئۆزى ھەم ئازىدۇ. باشقىلارنى ھەم ئازدۇرىدۇ. كۆپىنچە مەرتىۋىلەرنى ئايرىلاشتۇرۇۋاتىدۇ. كىچىكنى چوڭايتىپ چوڭنى كىچىكلىتىپ قويىدۇ. ئاددىينى كاتتا كاتتىنى ئاددىي قىلىپ قويىدۇ. كۆپىنچە ئۇنى ئاڭلىغانلار، ئۇسلۇبىنىڭ چىرايلىقلىقىغا مەس بولۇپ قالغانلار، بايان قىلىشىنىڭ سېھرىگە بەنت بولۇپ قالغانلاردۇر. ئۇلار بۇنىڭغا ئوخشاش كىشى ئېلىشقا لايىق، ئۇگىنىشكە ھەقلىق دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ۋەز ئېيتىش ۋە خۇتبە ئوقۇشنىڭ بىرخىل پەن ئىكەنلىكى، پىقھى ۋە تەتقىقاتنىڭ باشقا بىر پەن ئىكەنلىكى يوشۇرۇن ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىرىنى ياخشى قىلالىغان كىشى يەنە بىرىنىمۇ ياخشى قىلالايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

بىر ئالىمنىڭ ئەمەلىي بولمىسا ئۇنىڭ ئىلمى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىز ئۇنىڭغا تەقۋالىق دەپ تەبىر بەردۇق. ئۇنىڭ ئاساسى ئاللاھتىن قورقۇش، بۇ ھەقىقىي ئىلىمنىڭ مېۋىسى: « ئاللاھتىن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆلىما بەندىلىرى بەك قورقىدۇ » ( پاتىر سۈرىسى 28 - ئايەت ).

www.uyghurkitap.com

مانا بۇ تەقۋالىق ياكى ئاشۇ ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ ئۆزى ئالىمنى بىلمەي تۇرۇپ ئاللاھقا يالغاننى توقۇشتىن ياكى ئىلىمنى ھاكىمىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇشتىن، دىننى باشقىسىنىڭ دۇنياسىغا سېتىشتىن توسىدۇ.

بىزنىڭ ئەسرىمىزدە ئىلىم ئىپلىنىدىغان كىشىنىڭ ئۇچىنچى سۈپىتى ، ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولغان ئوتتۇراھاللىقتۇر. بىز ئەسرىمىزدە ئىلىم ئەھلىگە مەنسۇپ بولغان بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى خىل سىنىپنىڭ بالاسىغا قالدۇق. ئۇلاردىن بىرى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر سىنىپى، يەنە بىرى بوشىتىۋەتكۈچىلەر سىنىپى. خۇددى ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھ دېگەندەك: بۇ دىننى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن بوشىتىۋەتكۈچىلەر زايا قىلىۋېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەممە نەرسىنى ھارام قىلىۋەتكىلى تاس قالىدىغانلارنى كۆرىمىز. ئۇنىڭغا قارشى ھەممە نەرسىنى ھالال قىلىۋالىدىغانلار نىمۇ ئۇچرىتىمىز.

يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەزھەپكە تەقلىد قىلىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان ۋە ئىجتىھاد ئىشىكىنى تاقىۋالىدىغانلار بار. يەنە بىر تەرەپتە مەزھەپلەرنىڭ ئىجتىھادلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەممە مەزھەپلەرگە تەنە قىلىدىغانلار بار.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مەقسەتكە قارىماستىن، قائىدىلەرگە رىئايە قىلماستىن دەلىللەرنىڭ زاھىرىغا قاراپلا ئۇنى چىڭ تۇتىۋالىدىغان كىشىلەرنى كۆرىمىز. ئۇلارغا قارشى دەلىللەرنى قولىدىكى خېمىرغا ئوخشاش خالىغانچە يۇغۇرۇپ، تەئۋىل قىلىدىغانلارنىمۇ كۆرىمىز.

تەلەپ قىلىنىدىغان سىنىپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن بوشتۇۋەتكۈچىلەر ئارىسىدىكى ئورتاھال سىنىپتۇر. ئۇ ئالىمنىڭ ئەقلى بىلەن تەقۋادارنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۈرىدۇ. تەلەپ قىلىنغان ۋاجىپ بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ئەمەلىيەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ. خاس كىشىلەر ئۈممەت قىلىۋاتقان نەرسە بىلەن ئومۇمىي خەلق قاخشاۋاتقان نەرسىنى ئايرىيدۇ. ئىختىيارىي ۋە كەڭچىلىك ھالەتنىڭ ھۆكمى، زۆرۈرىيەتلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىدۇ. ئاسانلاشتۇرۇش ئۇنى ھالال ۋە ھارام توسىقىنى ئېچىۋېتىشكە ئۈندىمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئېھتىيات قىلىش ئۇنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە چىڭىتىۋېتىش، قىيىنلاشتۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس ئىمامى تەقۋادار ئالىم سۇپيان سەۋرىگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەلۋەتتە رۇخسەت ئىشەنچلىك ئالىمنىڭ ئىلمىدۇر، چىڭىتىۋېلىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

3 ـ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، تەسلەشتۈرۈۋەتمەڭلار!

ئاشۇ ياشلارغا ئۈچۈنچى نەسىھىتىم: ئۇلا چىڭىتىۋېلىش ۋە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن خالىي بولۇشى، ئورتاھال، ئاسان تەرەپنى تۇتۇشى لازىم. خۇسۇسەن تەقۋادارلاردىن ئىبارەت خاس كىشىلەر تاقەت قىلالىغانغا تاقەت قىلالمايدىغان ئومۇمىي كىشىلەرگە ئورتاھال، ئاسان يول كۆرسىتىش كېرەك. مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىرەر مەسىلىدە ياكى بىر قانچە مەسىلىلەردە ئېھتىيات تەرەپنى تۇتۇشىدا ھېچقانداق چاتاق يوق. لېكىن ھەر دائىم ئاسان تەرەپنى تاشلاپ ئېھتىيات تەرەپكىلا ئەگىشىۋالسا، ئاخىرىدا دىن « بىر توپ ئېھتىيات قىلىنىدىغان ئىشلار » دىن ئىبارەت بولۇپ قېلىپ، قاتتىقلىق ۋە تەسلىكتىن باشقىنى

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرەلمەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئاسانلىق ۋە كەڭچىلىكنى ئىرادە قىلىدۇ.

قۇرئاننىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بايانلىرىغا ۋە ساھابىلارنىڭ تۇتقان يوللىرىغا قارىغان كىشى ئۇلارنىڭ ئاسانلىقتا، قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ۋە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىش، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە تەسلەشتۈرۈۋېتىشتىن يىراق بولۇشقا چاقىرىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. قۇرئاندىكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ئايەتتىن كېيىن كەلگەن ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى بىزگە كۇپايە قىلىدۇ: ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىق ئىرادە قىلىدۇ ۋە سىلەرگە قىيىنچىلىق ئىرادە قىلمايدۇ . ( مائىدە سۈرىسى 6 ـ ئايەت).

ئىكاھ ھەققىدىكى ئايەتتىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ سىلەرگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئىنسان زەئىپ يارىتىلغان . ( نىسا سۈرىسى 28 ـ ئايەت ).

قىساس ۋە ئۇنىڭدا ئەپۇ قىلىش ۋە سۈلھى قىلىشنىڭ جائىزلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مانا بۇ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردىن كەلگەن يەڭگىللىكتۇر ۋە رەھمەتتۇر . ( بەقەرە سۈرىسى 178 ـ ئايەت ).

سۈننەتتىن بىز ئىلگىرى زىكىر قىلغان ھەزرىتى ئىبنى ئاببास رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس كۇپايە قىلىدۇ: دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن قېچىڭلار! چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ھالاك بولۇپ كەتتى . ( ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىملار سەھىھ دەپ رىۋايەت قىلغان ).

ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبىرىمىزدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبىرىمىز چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتكۈچىلەر ھالاك بولدى دەپ

ئۈچ قېتىم دېگەن. ( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ) بۇ ھەدىس سۆز، ئەمەل ياكى پىكىر ، كۆزقاراشتا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىشنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: سەھرالىق بىر كىشى كېلىپ مەسچىدكە سىيىپ قويىدى. كىشىلەر قوپۇپ ئۇنى ئەدەپلىمەكچى بولۇشۇۋىدى، پەيغەمبىرىمىز: ئۇنى قويۇڭلار، ئۇنىڭ سىيگەن جايىغا بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋېتىڭلار، سىلەر ئاسانلىق كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىڭلار، تەسلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىدىڭلار ، دېدى. ( بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىنىڭ بىرى، ئۇ ئىككى ئىش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارىغا قويۇلسا، پەقەت گۇناھ بولمىسىلا ئۇنىڭ ئاسانراقىنى تاللايتتى.

ھەزرىتى مۇئاز جامائەتكە قىرائەتنى ئۇزۇن قىلىپ ناماز ئوقۇغاندا مۇنداق دېگەن: سەن پىتنىگە تاشلىغۇچىمۇ؟ ئى مۇئازا ! ئۇ بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى ، دائىم كىشىلەرگە چىڭىتىۋېلىش ۋە قىيىن تەرەپىنىلا ئېلىش ئۇلار ئۈچۈن پىتنىدۇر.

ئەگەر ئىنسانىنىڭ ئەڭ كامىلراقىنى قىلىمەن دەپ ئۆزىگە چىڭىتىۋېلىشى جائىز بولغان بولسىمۇ، كۆپچىلىك كىشىلەرگە چىڭىتىۋېلىشى ۋە ئۇ ئارقىلىق بىلمەستىن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن قاچۇرۇپ قويۇشى جائىز بولمايدۇ. مانا بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇسا ئۇزۇن ئوقۇيتتى. ئەگەر ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇسا قىسقا ئوقۇيتتى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەگەر بىرىڭلار باشقىلارغا ئىمام بولسا يەڭگىل ئوقۇسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىزى، كېسىلى ۋە

ياشانغانلىرى بار. ئەگەر بىرىڭلار ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇسا خالىغانچە ئۇزۇن قىلىۋالسۇن . (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبى قەتادەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن نامازغا تۇرۇپ ئۇزۇن ئوقۇشنى ئىرادە قىلىمەن، كىيىن كىچىك بالىنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلاپ، نامازنى قىسقا ئوقۇيمەن. ئۇنىڭ ئانىسىغا مۇشەققەت كەلتۈرۈپ قويۇشنى ياقتۇرمايمەن . ( بۇنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان ) مۇسلىم ئۆزىنىڭ كىتابىدا بۇ يەكۈنلىكنى بايان قىلىپ بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئۇلاش ( يەنى ئۇزمەي بىر كۈننى يەنە بىرىگە ئۇلاپ روزا تۇتۇش ) تىن توستى. ئۇ بۇنى ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇلار: سىلە ئۇلاپ تۇتىدىكەنلىغۇ؟ دېگەنىدى. ئۇ: مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن ياتسام مېنى رەببىم ئوزۇقلاندۇرىدۇ، سۇ ئىچۈرىدۇ ، دېدى . (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاسانلاشتۇرۇش گەرچە ھەر زامان تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ زامانىمىزدا بەكرەك زۆرۈردۇر. چۈنكى بىز كىشىلەرنىڭ دىنىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئىمانىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، كىشىلەرگە ماددىي ھايات غالىپ كەلگەنلىكىنى، نۇرغۇن يامان ئىشلار ئومۇمىي بالا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇلار گويا كى ھايات يولىنىڭ بىر قائىدىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقىسى نادىر بولۇپ قالدى. دىننى چىڭ تۇتقۇچى خۇددى چوغنى چىڭ تۇتقۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسانلىقنى،

قولايلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار: مۇشەققەت ئاسانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، بىر ئىش ئەگەر تارلىسا كەڭلىكتىن كېڭىيىپ كېتىدۇ، بالالارنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى يەڭگىللىتىشنى تەقەززا قىلىدۇ . دەپ قارار قىلدى.

**4 ـ ھېكمەت بىلەن چىرايلىقچە دەۋەت قىلىڭلار!**

ئاشۇ دىندار ياشلارغا تۆتىنچى نەسىھىتىم: ئۇلار ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىشتا ۋە قارشى تەرەپ بىلەن مۇنازىرە قىلىشتا قۇرئانى كەرىم سىزىپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىشى لازىم. ئىز سۈرە نەھلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان خىتابى بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشىمىز لازىم بولغان مۇنۇ ئايەتتۇر: پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەت ۋە چىرايلىق نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىل ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مۇنازىرە قىل . ( نەھل سۈرىسى 125 ـ ئايەت ).

بۇ ئايەتنى ئوقۇپ، مەنىسىنى ئويلاپ كۆرگەن كىشى بۇ ئايەتنىڭ پەقەت ياخشى يول بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا ئەمر قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر سۆھبەتلىشىشكە ئىككى يول بولۇپ، بىرى ياخشى ، يەنە بىرى ئەڭ ياخشى بولسا، مۇسۇلمان كىشىگە ئەڭ ياخشىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋاجىپتۇر. شۇنداق قىلغاندا قاچقۇچى قەلبلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ ۋە يىراق نەپسلەرنى يېقىنلاشتۇرالايدۇ.

ئەڭ ياخشى ئىشلارنىڭ بىرى، مۇنازىرە قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ئارىدىكى ئىتتىپاق جايلارنى زىكىر قىلىش. شۇ يەردىن باشلاپ ئاندىن

ئختىلاپ بار جايغا چىقىش. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭدىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ قىلىش مۇمكىن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت چىرايلىقچە مۇنازىرە قىلىڭلار، لېكىن زۇلۇم قىلغانلار ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇلارغا بىزگە چۈشۈرۈلگەن ۋە سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىمان كەلتۈردۇق، بىزنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئىلاھىمىز بىر، بىز ئۇنىڭغا تەسلىم بولىمىز دەڭلار! . ( ئەنكەبۇت سۈرىسى 46 ـ ئايەت ).

ئەمما ئختىلاپ بار جايلارنىڭ ھۆكمى قىيامەت كۈنى ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنى ئاللاھ ئايرىيدۇ: ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن مۇنازىرە قىلىشسا ئۇلارغا: سىلەر قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئاللاھ بەكرەك بىلىدۇ، سىلەر ئختىلاپ قىلىشقان ئىشلاردا ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۆزى ھۆكۈم قىلىدۇ دېگىن . ( ھەج سۈرىسى 68 ـ 69 ـ ئايەتلەر ).

ئەگەر مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن بولىدىغان مۇنازىرىسى بۇنداق بولىدىكەن، مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلمانىنىڭ مۇنازىرىسى قانداق بولۇشى لازىم؟ ئۇلارغا ئەقىدە بىرلىكى ۋە قېرىنداشلىق سايە تاشلاپ تۇرسا.

شۈبھىسىزكى، بەزى قېرىنداشلار ھەقتە چىنىڭ تۇرۇش بىلەن ئۇسلۇپتا قۇپاللىق قىلىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىرلىك يوق. ھېكمەتلىك دەۋەتچى دېگەن دەۋەتنى باشقىلارغا ئەڭ يۇمشاق يول بىلەن، ئەڭ چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن، مەزمۇنىدا قىلچىمۇ بوشاشماستىن يەتكۈزىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى تەلىم بېرىدۇكى ، قوپال ئۇسلۇپ چىرايلىق مەزمۇنى زايا قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ھەدىسلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: كىمكى ياخشىلىققا بۇيرۇسا، ئۇنىڭ ئىشى ياخشى بولۇشى كېرەك.

ئىمام غەززالى دىنىي ئىلىملارنى ئېھيا قىلىش دېگەن كىتابىنىڭ ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش دېگەن بابىدا مۇنداق دەيدۇ: ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇشقا پەقەت ياخشى ئىشقا چىرايلىق بۇيرۇيدىغان، يامان ئىشتىن چىرايلىق توسىدىغان، ياخشى ئىشقا مۇلايىملىق بىلەن بۇيرۇيدىغان، يامان ئىشتىن مۇلايىملىق بىلەن توسىدىغان، بۇيرۇغان ئىشنى بىلىدىغان، توسقان ئىشنى بىلىدىغان كىشى بولۇشى لازىم.

بۇ يەردە ئۇ زات زىكىر قىلغان بىر مەسىلە شۇكى، بىر كىشى ئابباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇننىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسماقچى بولۇپ ، قوپال، قاتتىق سۆزلەرنى قىلغان ۋە ھەر ماقامغا لايىق سۆز بارلىقىغا رىئايە قىلمىغان. مەئمۇن بولسا ئىلمى بار كىشى ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئى ئادەم! يۇمشاق بول، ئاللاھ تائالا سەندىن ياخشىراق ئادەمنى، مەندىن يامانراق ئادەمگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇ مۇسا ۋە ھارۇننى ( ئۇلار سەندىن ياخشىراق ئەلۋەتتە) پىرئەۋنگە ئەۋەتىپ (ئۇ مەندىن يامانراق ئەلۋەتتە) ئۇ ئىككىسىگە مۇنداق تەۋسىيە قىلغان:

پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپ قىلىڭلار، ( شۇنداق قىلساڭلار ) ئۇ قوبۇل قىلىشى، ئاللاھتىن قورقۇشى مۇمكىن . ( تاھا سۈرىسى 43 ـ ئايەت ).

مەئمۇن بۇنىڭ بىلەن ھۆججەت كەلتۈردى. ھېلىقى كىشى جاۋاپ تاپالماي قالدى. يەنە ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بەرگەن سۆزىدە مانا مۇشۇنداق يۇمشاق سۆز بار: سەندە پاكلىنىشقا ( رىغبەت

) بارمۇ؟ ( بولسا ) سېنى پەرۋەردىگارىڭغا باشلاي، ئۇنىڭدىن قورق . ( نازىئات سۈرىسى 19 ـ ئايەت ).

مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ قۇرئانىدىكى سۆھبىتىگە قارىغان كىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ۋەسىيىتىگە رىئايە قىلىپ پىرئەۋننىڭ زالىملىق، تەكەببۇرلۇق قىلىپ تۇرۇۋالغىنى بىلەنمۇ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، تۆھمەت قىلىسمۇ، ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئاللاھنىڭ ۋەسىيىتىنى يۇرگۈزگەنلىكىنى كۆرۈۋالىدۇ. بۇنى ئاللاھ شۇئەرا سۈرىسىدە بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى سۈننەتلىرىنى دەرس قىلغان كىشى ئۇنىڭ يولىدىكى قوپاللىقنى رەت قىلىدىغان يۇمشاقلىقنى، قاتتىقلىققا قارشى مېھرىبانلىقنى، قوپاللىققا قارشى مۇلايىملىقنى كۆرىدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولمىسۇن؟ ئۇنى ئاللاھ تائالا مۇنۇ سۆزى بىلەن سۈپەتلىگەن تۇرسا: سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ تەرسالىق قىلغىنىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ، ئۇ سىلەرگە ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە مېھرىبان، شەپقەتلىكتۇر . ( تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ساھابىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى سۈرەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مېھرىبان بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، تاش يۈرەك بولغان بولساڭ، ئۇلار سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى . (ئال ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت ).

بەزى يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا سالام بېرىشتە تىلىنى چاينىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەسسام ئەلەيكۇم ( يەنى ساڭا ئۆلۈم كەلسۇن )؛ بۇنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ( يەنى ساڭا سالامەتلىك يار بولسۇن ) دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا دېگەن ئىدى . بۇنىڭغا ھەزرىتى ئائىشە خاپا

بولۇپ، قوپال جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ۋە ئەلەيكۇم دېدى. ئاندىن ھەزرىتى ئائىشەگە: ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشتا يۇمشاقلىقنى ياخشى كۆرىدۇ يەنى دۇنيا ۋە دىننىڭ ئىشلىرىدا مەيلى سۆز ۋە ئەمەلدە بولسۇن يۇمشاقلىقنى ياقتۇرىدۇ، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇلايىمدۇر، مۇلايىملىقنى ياقتۇرىدۇ، مۇلايىملىققا قوپاللىققا بەرمەيدىغان نەرسىنى بېرىدۇ ۋە باشقا ھېچقايسىغا بەرمەيدىغاننى بېرىدۇ .

يەنە ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: بىر ئىشتا يۇمشاقلىق بولىدىكەن ئۇ ئىش چىرايلىق بولىدۇ. بىر ئىشتا يۇمشاقلىق بولمايدىكەن ئۇ ئىش سەتلىشىپ كېتىدۇ . ( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ).

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم يۇمشاقلىقتىن مەھرۇم قالغان كىشى ھەممە ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ . ( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ) ئىنساننىڭ ھەممە ياخشىلىقتىن مەھرۇم قېلىشىدىنمۇ بەكرەك ئازاپ بارمۇ؟

مەن قوپاللىقنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋالغان باللىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ قوپال يولىدىن ھېكمەت، چىرايلىق نەسىھەت يولىغا چىقىشقا قانائەت قىلدۇرۇشقا مۇشۇنچىلىك سۆزلەرنى كۇپايە قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن.

**دەۋەت قىلىش ۋە سۆھبەتلىشىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسى ھەققىدە**

مەن بۇ يەردە دەۋەت قىلىش ۋە سۆھبەتلىشىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسى ھەققىدە بىر قانچە نوقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ سۆزلەشنى

خالايمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەھمىيتى بار.

بىرىنچىدىن: ئاتا ـ ئانىلىق، قېرىنداشلىق ھەققىگە رىئايە قىلىش لازىم. ئاتا ـ ئانىلارغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، ئۇلار ئاسىيلار ياكى بىدئەتچىلەر ياكى ئېزىپ كەتكەنلەر دېگەن داۋا بىلەن قوپال مۇئامىلە قىلىش جائىز بولمايدۇ. بۇ گۇناھلار ئۇلارنىڭ يۇمشاق مۇئامىلە قىلىنىش ھەققىنى ساقىت قىلىۋەتمەيدۇ. خۇسۇسەن ئاتا ـ ئانىلارغا ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا قوپاللىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزى بىزگە كۇپايە قىلىدۇ: ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن . ( لوقمان سۈرىسى 15 ـ ئايەت ).

مۆمىننى مۇشرىككە ئۆزگەرتىشكە زورلاشتىن ۋە شېرىكتىن باشقا چوڭراق گۇناھ يوق. مانا بۇ ئىككى چوڭ گۇناھ ئاتا ـ ئانىدىن سادىر بولغان چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتىن توسۇپ، ئۇلارغا يەنىلا چىرايلىقچە مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇيدۇ.

قۇرئاندا مەريەم سۈرىسىدىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن دادىسى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتنى نوقۇغان كىشى دادىلارنىڭ مۇشرىك بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇلارنى دەۋەت قىلىشتا بالىلارنىڭ قانداق ئەدەپلىك بولۇشى لازىملىقىنى بىلىۋالىدۇ.

ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلار مۇسۇلمان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ گەرچە ئۇلار ئاسىي بولغان بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىلىق ھەققى بىلەن بىرگە ئىسلام ھەققى بار.

ئىككىنچىدىن: ياش ھەققىگە رىئايە قىلىش. بۇ پەرقنى ساقىت قىلىش جائىز بولمايدۇ. ئىسلام ھەممە ئادەمنى باراۋەر قىلغان دېگەن داۋا بىلەن چوڭغا كىچىكلەرگە قىلىدىغان سۆزنى قىلىش، ياشانغانلارغا ياشلارغا قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىش توغرا ئەمەس. بۇ مەقسەت قىلىنغان باراۋەرلىكنى خاتا چۈشەنگەنلىك. باراۋەرلىك دېمەك ، ئىنسانلىق ھۆرمىتى، ئومۇمىي ھوقۇق جەھەتتە باراۋەر دېمەكتۇر. بۇ تۇغقانچىلىق، ئەر ـ خوتۇنلۇق، خوشنىدارچىلىق. ئىش ئىگىلىرى ۋە باشقا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك خاس ھەقلەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

بۇ يەردىكى ئىسلامنىڭ ئەدەپلىرىنىڭ بىرى، كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش، شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭلارمۇ كىچىكلەرگە رەھىم قىلىش. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان، چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلمىغان، بىزنىڭ ئالىمىمىزنى تونۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس يەنى ئۇلارنىڭ ھەققىنى بىلمىگەن كىشى.

بىزدىن ئەمەس دېگەنلىكتىنمۇ قاتتىقراق گەپ بارمۇ؟ ئۇنى تەئۋىل قىلىدىغانلار قانچىلىك تەئۋىل قىلسىمۇ يەنىلا ئوخشاش . ( بۇنى ئەھمەد ئۇبادە دىن مىنىڭ ئۇممىتىمدىن ئەمەس دېگەن لەپزى بىلەن رىۋايەت قىلدۇ ) .

يەنە بىر ھەدىستە: شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانىنىڭ ياشانغانلارنى ھۆرمەت قىلىشى ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن دېيىلىدۇ.

ئۈچۈنچىدىن: ئىلگىرىلىك يەنى پىشقەدەملىك ھەققىگە رىئايە قىلىش. كىمكى ئاللاھقا دەۋەت قىلىشتا ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگىتىشتە ئىلگىرى كەلگەن بولسا ياكى ئاللاھنىڭ دىنىغا نۇسرەت

بىرىشتە ياخشى سىنالغان بولسا، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىگە توپا چېچىش ياكى ئۇ ھەرىكەتچانلىقتىن بىرئاز توختاپ قالغانلىقتا، ياكى ئاجىزلىشىپ قالغانلىقتا ياكى توغرۇلۇقتىن ئازراق قىيسپ قالغانلىقتا قاراپلا ئۇنىڭغا تەنە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقتىكى جۇغلانمىسى، جىھادتىكى سەرمايىسى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىدۇ.

بۇنى مەن ئۆزەمچە دەۋاتقىنىم يوق، بەلكى بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاتەب ئىبنى بەلتەئە ھەققىدە ئۇ ئېزىپ كېتىپ، خىيانەتكە ئوخشاش ئىش قىلىپ قويغاندا قارار قىلغان ئىش. ھاتەپ قۇرەيش مۇشرىكلىرىگە مەكتۇپ يېزىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىنى پەتھى قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى سىر تۇتۇشقا ھېرىس ئىدى. مانا بۇ ۋەقە ھەزرىتى ئۆمەرنى مۇنداق دېگۈزدى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قويسىلا، مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئالاي، ئۇ مۇناپىقلىق قىلدى. ئۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ جاۋابى مۇنداق بولغان ئىدى: ئاللاھنىڭ ئەھلى بەدرىگە قاراپ خالىغان ئىشىڭلارنى قىلىڭلار! مەن سىلەرنى كەچۈردۇم دېگەنلىكىنى سىلەر نېمە بىلىسىلەر؟ .

ئۇ كىشىنىڭ بەدرى كۈنىدىكى جىھادى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدىغان ۋە بارلىق بەدرى ئەھلىگە ھېلىقى سۆزنى قىلدىغان قىلدى.

5 ـ كۆپچىلىك بىلەن بىرگە ياشاڭلار!

ياشلارغا قىلدىغان بەشىنچى نەسىھىتىم: ئۇلار چۈش ئاسمىنىدىن، ساراڭلارچە خىيال دۇنياسىدىن ھەقىقەت، رىئاللىق زېمىنىغا چۈشۈشى

لازىم. ئىنسانلار بىلەن يەنى ئومۇمىي خەلق بىلەن، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئىشچىلار ۋە ئۇلاردىن باشقا مېھنەتكەشلەر بىلەن بىرگە چوڭ شەھەرلەرنىڭ كەڭ كوچىلىرىدىن تارتىپ تار كوچىلىرىغا قەدەر، يېزا - كەنتلەرگە، قىشلاقلارغا قەدەر بىرلىكتە ياششى كېرەك. ئۇلار ئۇ جايلاردا ساغلام تەبىئەتلىك، پاك قەلبلىك، ئىشلەپ پىشىپ كەتكەن كۆچلۈك بەدەنلىك كىشلەرنى تاپىدۇ.

مەن ياشلارغا ئاشۇلارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ ساۋاتسىزلارغا تاكى ئوقۇيالىغۇچە ئۆگىتىش، كېسەللەرگە تاكى ساقايغىچە دورا قىلىش، مۇھتاجلارغا تاكى ھاجەتلىرىدىن چىققۇچە ياردەم قىلىش، قالاقلارغا تاكى تەرەققى قىلغۇچە تەربىيە قىلىش، ئاسىيلارغا تاكى تەۋبە قىلغۇچە نەسىھەت قىلىش، يىقىلىپ چۈشكەنلەرگە تاكى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇچە يار - يۆلەك بولۇش، ئازغانلارغا تاكى تۈزەلگۈچە نەسىھەت قىلىش، مۇناپىقلارنى تاكى يوقالغۇچە رەسۋا قىلىش، پارىخورلارنى تاكى ھوشىنى بىلگۈچە چۆچۈتۈش، مەزلۇملارغا تاكى زۇلۇمدىن قۇتۇلغۇچە ھەمدەم بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئۇ ياشلار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۈرسى ئېچىش، زاكات تارقىتىش، ئۆز ئارا ئىسلاھ قىلىش ھەيئەتلىرىنى قۇرۇش، ۋابا كېسەللىكلىرىگە، زەھەرلىك چېكىملىك، ئىچىملىكلەرگە قارشى داۋالاش مەركەزلىرى قۇرۇش، يامان ئادەتلەرگە قارشى ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىشلىرى لازىم.

ياشلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا، كۈچ - قۇۋۋىتىگە، قىزغىنلىقىغا مۇھتاج بولغانلار نېمە دېگەن كۆپ ھە..؟ ئى ئىسلام ياشلىرى! ئاتا - ئانائىلاردىن، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىڭلاردىن، ئۇرۇق - تۇغقان،

خۇلۇم ـ خوشىنلاردىن ئىبارەت بولغان خەلقنى تاشلاپ، قېچىپ يۈرمەڭلار! خەلقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئارىلىشىڭلار! ئۇلارنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى بىلەن بىرگە ياشاڭلار! غەمكىنلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇڭلار! يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاڭلار! بىچارىلەرگە كۆيۈنۈپ قاراڭلار! جاپاكەشلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىڭلار! ھالاكەتكە چۈشۈپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇڭلار! سۇلغۇنلارنى روھلاندۇرۇڭلار! دىلى سۇنۇقلارنى داۋالاڭلار! قەلبىنىڭ جاراھەتلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىلىتىڭلار، چىرايلىق سۆزۈڭلار ۋە چىن تەبەسسۇمۇڭلار بىلەن داۋالاڭلار!

شۇبھىسىزكى جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ، خۇسۇسەن جەمئىيەتتىكى ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش ناھايىتى قەدىرلىك ئىبادەتتۇر. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپلىرى بۇ خىزمەتنى ياخشى قىلالمايۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام دىنىدا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇيرۇشقا چاقىرىدىغان تەلىماتلار ناھايىتى كۆپ ئورۇنغا قويۇلغان. ھەتتا ئىسلام دىنى ئۇلارنى مۇسۇلمان ئىنسانغا كۆندىلىك پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن.

مەن ئىسلامدىكى ئىبادەت دېگەن كىتابىمدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت دائىرىسىنى ناھايىتى كېڭەيتكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدىم. ئىسلام دىنى ئىبادەت دائىرىسىنى شۇ دەرىجىدە كېڭەيتتىكى، ئۇ ھېچقانداق بىر كىشى كۆڭلىدە دىن بۇ ئىشنى ئىبادەت دەپ قارايدۇغۇ دەپ ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇبھىسىزكى ھەرقانداق مەنپەئەتلىك ئىجتىمائىي ئىشنى ماختىنىش ئۈچۈن ئەمەس، خالىس، ياخشى نىيەت بىلەن قىلسا ئىسلام دىنى ئۇ ئىشنى ئىبادەت دەپ ھېساپلايدۇ. غەمكىننىڭ يېشىنى

سۇرتىدىغان ، بىرەر قىيىنچىلىقتا چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىدىغان ، كۆڭلى سۇنۇقنىڭ روھىنى ئۇستۇرىدىغان ، مېھرۇمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغان، مەزلۇمغا نۇسرەت بېرىدىغان ، مەغلۇپنىڭ يولىنى ئاچىدىغان، قەرزدارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىدىغان ، ئېپپەتلىك پېقىرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ، ئېزىپ قالغاننى يولغا باشلايدىغان ، جاھىلغا ئىلىم ئۆگىتىدىغان، مۇساپىرغا جاي بېرىدىغان، يامانلىقنى كەتكۈزىدىغان، يولدىن باشقىلارغا ئازار يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىدىغان ، جان ئىگىسىگە شەپقەت قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەگەر خالىس نىيەت بىلەن بولسا ئىبادەتتۇر ۋە ئاللاھقا يېقىنلىق قىلغانلىقتۇر. ئىسلام دىنى بۇ خىلدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغانلىقنىڭ، ئىمانىنىڭ شىخىنىڭ ۋە ئاللاھ ئالدىدا ساۋاپ بېرىلىدىغان ئەمەللەردىن قىلدى.

بۇ ھەقتە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ بۇ ئومۇمىي ئىبادەتلەرنى ئىنسانغا ئۇ پەقەت ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈنلا پەرز قىلىش بىلەن كۇپايە قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنى تەلەپ قىلىشتا ناھايىتى قاتتىق تۇرۇپ، ئۇنى ئىنساننىڭ ھەر بىر ئەزالىرىغىچە پەرز قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنساننىڭ ھەر بىر ئەزالىرىغا سەدىقە كېلىدۇ. ھەر كۈنى ئىنساننىڭ ئىككى كىشى ئارىسىدا ئادىللىق قىلالىغىنى سەدىقە، ھايۋانلارغا مېھرىبانلىق قىلغىنى سەدىقە، چىرايلىق سۆز قىلالىغىنى سەدىقە، نامازغا ماڭغان ھەربىر قەدىمى سەدىقە، يولدىن باشقىلارغا

زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋەتكىنى سەدىقە . (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ھەزرىتى ئىبنى ئاباستىن شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىنساننىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا ھەركۈننىڭ تامىزىنىڭ ساۋابى بولىدۇ . قەۋمدىن بىر كىشى : بۇ بىزگە خەۋەر بېرىلگەن ئەڭ چوڭ ئىش بولدى دېدى. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشۇڭ سەدىقىدۇر. ئاجىزغا ياردەم قىلىشىڭ سەدىقە، يولدىن زىيانلىق نەرسىلەرنى يوق قىلىشىڭ سەدىقە. نامازغا چامدىغان ھەربىر قەدىمىڭ سەدىقىدۇر ( ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان ).

بۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى بۇرەيدە ھەم رىۋايەت قىلدۇ، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: ئىنساندا ئۈچ يۈز ئاتمىش بوغۇم بولۇپ، ئۇ ھەربىر بوغۇمدىن بىر سەدىقە قىلىشى لازىم . ئۇلار : بۇنىڭغا كىم تاقەت قىلالايدۇ؟ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېيىشتى . ئۇلار بۇنى مالىي سەدىقە دەپ چۈشەنگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز: مەسچىدتىكى تۈپرۈكنى كۆمۈپ قويساڭ، يولدىن پۈتلىشىدىغان بىرەر نەرسىنى ئېلىۋەتسەڭ سەدىقىدۇر ، دېدى ( ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ).

مۇسۇلمانىنىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلىشىنى، گاسقا ئاڭلىتىشنى، قارغۇغا كۆرستىشنى، ئېزىپ قالغاننى يولغا باشلاشنى، ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى، ئۇسسۇز قالغانغا سۇ بېرىشنى، ئاجىزغا ياردەم بېرىشنى، خەتەردە قالغاننى قۇتقۇزۇشنى ۋە مۇشۇ خىلدىكى ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەدىقە دەپ ھېساپلىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىبادەت ھېساپلىدى.

بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان كىشى ئۆز جەمئىيىتىدە ياخشىلىق، بەرەكەت ، مەنپەئەت چىقىدىغان بۇلاق كەبى ياشايدۇ. ياخشىلىقنى قىلىپ ئۇنىڭغا چاقىرىدۇ. توغرا ئىشنى قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىدۇ. ئۇ ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى. يامانلىقنىڭ قۇلپىسى. خۇددى پەيغەمبىرىمىز ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسىدە قىزىقتۇرۇپ دېگەندەك: ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى، يامانلىقنىڭ قۇلپىسى قىلغان بەندىگە مۇبارەك بولسۇن! .

بەزى قىززىپ قالغانلار مۇنداق دەيدۇ: لېكىن بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىشلار ئۇنىڭ شۇغۇللانغۇچىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن، كىشىلەرگە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاقسىتىپ قويىدۇ. مانا بۇ شۇغۇللىنىش ۋاجىب بولغان ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى.

مەن ئۇلارغا مۇنداق دەيمەن: شۈبھىسىزكى، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئۆزى دەۋەتنىڭ بىر تۈرى. ئۇ كىشىلەرنى شۇلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ دەۋەت قىلغانلىق. بۇ ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشكەن دەۋەت.

دەۋەت دېمەك ، پەقەت سۆزلىنىپ ياكى يېزىلىپ قويۇلىدىغان سۆز ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلىش ئۇلارنى ئۇنىڭ پىكرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىمام ھەسەنىل بەنناغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ ئاچقان ھەر بىر شۆبىدە ياخشىلىق ۋە ئىجتىمائىي خىزمەت قىسىملىرى بار ئىدى.

يەنە كېلىپ مۇسۇلمان كىشى خۇددى رۇكۇ ـ سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغاندەك ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىنسانلار! رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار،

پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار نىجاتلىققا ئېرىشىسىلەر . ( ھەج سۈرىسى 77 ـ 78 ـ ئايەتلەر )

مانا بۇ مۇسۇلماننىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئۈچ شۆبىسىدۇر: بىرسى ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە بۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا كۆرۈنىدۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ ياخشىلىق قىلىشتا كۆرۈنىدۇ. يەنە بىرسى ئۇنىڭ يامان كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئاللاھ يولىدا ھەقىقىي جىھاد قىلىشتا كۆرۈنىدۇ.

كىمكى جەمئىيەتتە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، مانا ئۇ كىشى ئاللاھ ۋاجىپ قىلغان ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولىدۇ. كىمكى بۇنى قىلسا ئاللاھ ئالدىدا ئەجرىگە ئىگە ۋە كىشىلەر ئالدىدا ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ.

ئاشۇ بەزى قىززىپ قالغانلار يەنە مۇندىق دەيدۇ: ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى ئاللاھ چۈشۈرگەن شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ھاياتنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامغا ئۇيغۇن تۈرغۇزىدىغان، ئىسلامنى ئىچكىرىدە تەتبىق قىلىپ تاشقىرىدا ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشقا مەركەزلىشىشى لازىم.

بۇ دۆلەت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ يوقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھاجەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە كېپىل بولىدۇ. ھەر بىر جاھىلغا ئوقۇش پۇرسىتىنى بېرىدۇ. ھەر بىر ئىشسىزغا ئىش تېپىپ بېرىدۇ. ھەر بىر ئاجىزغا كېپىل بولىدۇ. ھەر بىر زەئىپقا كۈچ بېرىدۇ. ھەر بىر

مۇھتاجغا ياردەم قىلىدۇ. ھەر بىر كېسەلنى داۋالايدۇ. ھەر بىر مەزلۇمغا ئىنساپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىشىمىز، كېسەلنى يىلتىزىدىن ساقايتىدىغان دورا بىلەن ئەمەس، ۋاقىتىنچە ئاغرىق توختىتىدىغان دورا بىلەن داۋالايمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرماسلىقىمىز لازىم.

بىز ئۇ قېرىنداشلارغا مۇنداق دەيمىز: شۇبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ئىسلامغا توپلايدىغان، ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرىدىغان ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش ئىسلام ئۈممىتىگە پەرزدۇر. بىز ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تىرىشىشىمىز لازىم. ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچىلار كۆچىنىڭ بېرىچە ئۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىشى لازىم. ئەڭ ياخشى يولنى تۇتقان، ئەڭ ئەۋزەل ئۇسلۇپنى قوللانغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشى لازىم. چېچىلىپ كەتكەن كۈچلەرنى توپلاشقا، تەۋرىنىپ قالغان ئەقىللەرنى قانائەتلەندۈرۈشكە، كۆپلىگەن توسالغۇلارنى ئېلىۋېتىشكە، تەلەپكە لايىق باشلامچىلارنى يېتىلدۈرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى يەنى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى قوبۇل قىلىدىغان يەرلىك ۋە خەلقئارا جامائەت پىكرى توپلاشقا تىرىششلىرى لازىم.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن ۋاقىتقا، چىرايلىق سەبىر قىلىشقا مۇھتاج. ھەتتا شارائىت يېتىلگۈچە، توسالغۇلار يوقالغۇچە، تەييارلىقلار پۈتكىچە، مېۋە پىشىپ يېتىلگۈچە چىداش كېرەك. بۇ غايە ئەمەلگە ئاشقۇچە كىشىلەر قۇدرىتى يەتكەن، مۇمكىن بولىدىغان ئۆز ئەھلىگە خىزمەت قىلىش، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزى ياشاۋاتقان ۋەتەننى تۈزەش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. ئاللاھ ھەركىمنى تاقىتى يېتىدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. مانا

بۇنىڭدا تەلەپكە لايىق باشلامچىلارنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. سىناق ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى باشقۇرۇشقا ۋە تەسىر كۆرسىتىشكە بولغان قۇدرىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىر كىسەلنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتكەنچە مىللىي شىپاخانا ياكى جەمئىيەت دوختۇرخانىسىدا داۋالاشقا ئۇنىماي، ھەتتا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئۆزى ئۇ كىسەلنى داۋالىغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشى توغرا ئىش ئەمەس.

يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ كەمبەغەللەرنى، يېقىر - مىسكىنلەرنى، ئاجىز - بىچارىلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بايلاردىن زاكات ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ھەتتا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، ئۇ دۆلەت بۇ ئىشلارنى قىلغۇچە ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچە ساقلاپ تۇرۇشى ياخشى ئەمەس.

يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇرۇش - ماجرا قىلىپ، جەڭگە - جېدەل قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ماجرالىرى ھەل - قۇرۇق بارلىق نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىۋاتسىمۇ جىم تۇرۇپ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، تاكى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاجاۋۇز قىلغاننى ئورنىغا قايتۇرۇپ، ئىشلارنى ئورنىغا كەلتۈرگىچە كۈتۈپ تۇرۇشى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس.

بەلكى مۇسۇلمانغا لايىق بولىدىغىنى ، ئىمكانقەدەر يامانلىققا قارشى تۇرۇپ، تاقىتى يەتكۈچە ياخشىلىق قىلىشتۇر. زەررە مىقدارى ياخشىلىق قىلىشقا قۇدرىتى بار تۇرۇپ، ياردەمدىن قول ئۈزۈش توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھتىن قورقۇڭلار . ( تەغابۇن سۈرىسى 16 - ئايەت ). مەن تەلەپ قىلىنغان ئىسلام دۆلىتىنى باغلارغا تىكىلگەن، بىرقانچە يىلدىن كېيىن

مېۋە بېرىدىغان خورما دەرىخىگە ئوخشاتقان ئىدىم. باغنىڭ ئىگىسى تاكى ئاشۇ زەيتۇنلار ۋە خورمىلار مېۋە بەرگۈچە ھېچ ئىش قىلماستىن ۋە مېۋە يېمەستىن كۈتۈپ ئولتۇرامدۇ؟ ياق، ئۇ باشقا تېزراق ھوسۇل بېرىدىغان زىرائەتلەرنى، سەي ـ كۆكتاتلارنى تېرىيدۇ، بۇ ئۇنىڭ قىلىق يېرىنى تېخىمۇ ياخشىلايدۇ. ۋاقتىنى بوشقا كەتكۈزمەيدۇ، ئۆزىنى ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىپ تۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە زەيتۇن، خورمىلىرىغا پەرۋىش قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ كۆچەتلىرى مېۋە بېرىدۇ.

6 ـ مۇسۇلمانلاردىن ئالدىراپ گۇمان قىلماڭلار!

مېنىڭ مۇسۇلمان ياشلارغا قىلىدىغان ئالتىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەسىھىتىم: ئۇلار كىشىلەرگە نەزەر سالغاندا قارا كۆزەينەكلىرىنى ئېلىۋېتىشى لازىم. ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھەققىدە ياخشى پەرەزلەردە بولۇشى، ياخشى گۇماندا بولۇشى لازىم. ئۇلار شۇنى بىلىشلىرى لازىمكى، ئىنساننىڭ ئەسلى پاكلىقتۇر. ئىسلام ئەھلىنىڭ ھالىنى ياخشىلىق تەرەپكە ئاغدۇرۇش لازىم.

بۇنداق ياخشىلىق كۈتۈش يولىغا ياردەم قىلىدىغان ئۈچ خىل قاراش بار: ئۇلارنىڭ بىرى ، كىشىلەرگە ئۇلار زېمىندىكى ئىنسانلار، قاناتلىق پەرىشتىلەر ئەمەس، ئۇلار نۇردىن يارىتىلمىغان، بەلكى ئۇلار تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىنسانلار. ئەگەر ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار گۇناھ قىلسا، ئۇلارنىڭ دادىسى ئادەممۇ گۇناھ قىلغان دېگەندەك ئېتىبارلار بىلەن قاراپ مۇئامىلە قىلىش. بىز ئادەم بىلەن ئەھدى قىلىشقان ئىدۇق، ئۇ بۇنى ئۇنتۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭ قەستەن قىلغانلىقىنى كۆرمىدۇق .

ئۇنداقكەن ئىنسانىنىڭ يېقىلىپ قوپۇشى، خاتالىق ئۆتكۈزۈشى ۋە ساۋاپلىق ئىش قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بىز ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشنى ئۈمىت قىلىشقا يول ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەندۈرمىگەن ۋە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن پەرۋاسىز قىلىپ قويمىغان كىشىنىڭ ئۆزى ئالىمدۇر. بىزگە بۇ يەردە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان مۇنۇ سۆزى كۇپايە قىلىدۇ: (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ بەندىلىرىمگە): ئى بەندىلىرىم، مېنىڭ رەھمىتىمدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرىدۇ، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر (دېگەنلىكىمنى) ئېيتقىن (زۇمەر سۈرىسى 53 ـ ئايەت). ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قانچىلىك يېقىنلىقىغا قاراڭ. ئۇلارنى ئى بەندىلىرىم دەپ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس زاتىغا قوشۇپ ندا قىلدى. بۇ ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىدۇر. بەندىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقانلىقىدۇر. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەغپىرەت ئىشىكىنى قانچىلىك كەڭ ئېچىۋەتكەنلىكىگە قاراڭ. گۇناھلار قانچىلىك چوڭ بولسا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر.

ئىككىنچىسى: بىز زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىپ باتىنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلدۇق. ئەگەر بىر ئىنسان بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىمىز. بىز ئىشنىڭ زاھىرىغا قارايمىز. ئۇنىڭ سىرىنى غائىپلارنى بىلگۈچى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز. ئۇنىڭ ھېسابىنى مەخپىيەتلىك ئاشكارا بولىدىغان

كۆندە ئاللاھنىڭ ئۆزى ئالدۇ. سەھىھ ھەدىستە: مەن كىشىلەر ھەتتا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېگۈچە جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار بۇنى دېسە، ئۇلار مەندىن قانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەققى ئايرىم. ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقا ، دېيىلدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارغا، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى بىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، زاھىرىغا قاراپ مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارغا ئىسلام ئەھكاملىرىنى يۈرگۈزدى. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئۇنىڭغا مەخپى سۇيىقەست قىلاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن، سۇيىقەستلىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇلارغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەن مەن كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرىدىكەن دەپ قېلىشىدىن قورقىمەن .

ئۈچۈنچىسى: شۈبھىسىزكى، ھەرقانداق ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى كۆرۈنۈشتە قانچىلىك گۇناھلارغا چۆكۈپ كەتسىمۇ، چوڭ گۇناھلارغا چۈشۈپ قالسىمۇ ئۇنىڭ قەلبى ياخشىلىقتىن خالىي بولمايدۇ. گۇناھلار چوكىيىپ كەتسە، ئىمانغا داغ تەككۈزىدۇ ۋە ئىماننى كېمەيتىدۇ. ئەمما گۇناھ قىلغۇچى گۇناھنى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىپ پاكى ھاراملىرىنى ھالال سانىسا، ئەمرىنى ۋە چەكلىمىسىنى يەڭگىل ھېساپلاپ قىلمىسا ئىماننى ھەرگىزمۇ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىيالمايدۇ.

بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئۈلگىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ ئاسىيلارغا ئەڭ يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغانلاردىن ئىدى. بىر كىشىنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ ئۆكىشىگە قارىتا قەلبىنى ئېچىشىغا، ئۇنىڭغا دوختۇر

كېيىنكىگە قارىغاندەك قارىشىغا توسالغۇ بولالمايتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ساقچىنىڭ گۇناھكارغا قارىغىنىدەك قارىمايتتى.

قۇرەيشتىن بىر ياش كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زىناغا ئىزنى سورىدى. ساھابىلار خاپا بولۇشۇپ قوزغىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ئۇ گەپنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىشتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا باشقىچە قارىدى ۋە : يېقىن كەل دېدى ، ئۇ يېقىن كەلدى. ئۇنى ئاناڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرەمسەن؟ دېدى. ئۇ ياش: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ياق، ئاللاھ مېنى سىلىگە پىدا قىلسۇن . پەيغەمبىرىمىز : شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرمۇ ئۇنى ئانىلىرىغا ياخشى كۆرمەيدۇ دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭ ئۆزىنى ئاچا ـ سىڭىللىرىغا، هامماچىلىرىغا قەدەر سورىدى ۋە ھەر بىرىدە ئۇنىڭغا ياخشى كۆرەمسەن؟ دېدى. ئۇ ياش ياق، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەن. ئاللاھ مېنى سىلىگە پىدا قىلسۇن دېدى. ئۇ: كىشىلەرمۇ شۇنىڭدەك ياخشى كۆرمەيدۇ دېدى. ئاندىن قولىنى ئۇ ياشنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ تۇرۇپ ئى ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن، قەلبىنى پاكلىغىن، ئەۋرىتىنى ساقلىغىن دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياش ئىككىنچى ھارامغا قارىمىدى. ( بۇنى ئەھمەت ۋە تىبرانى رىۋايەت قىلغان ). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ياخشى گۇمان بىلەن يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭدا ياخشىلىق يوشۇرۇنغان ئىدى. يامانلىق ئۇششتۇمتۇپ كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشۋىدى ئۇنىڭ ئەقلى قانائەت قىلدى. قەلبى زىنانىڭ يامانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسى ئالدى.

ئۇ كىشى ئېغىر گۇناھ قىلمىغان، شۇڭا مۇشۇنداق يۇمشاق گەپ قىلىپ قوپاللىق قىلماسلىق لازىم ئىدى دېيىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا سىزگە بۇ مىسالنى كەلتۈرەي: غامىدىيەلىك بىر ئايال ئەرگە تەككەن تۇرۇغلۇق زىنا قىلىپ، زىنادىن ھامىلدار بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەد ئىجرا قىلىپ پاكلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئايال چىلك تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ھەد ئىجرا قىلدى. ئاربدا خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ تىللىغان سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا : ئى خالىد! ئۇنى تىللاۋاتامسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئۇ ئايال شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇ مەدىنە ئەھلىدىن بولغان يەتمىش ئۆيگە تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىغدۇرۇپ كېتەتتى. ئۆز نەپسىنى ئاللاھ ئۈچۈن سېخىيلىق بىلەن بەرگەنلىكتىنمۇ ئەۋزەل ئىش بار دەپ قارامسەن؟ دېدى. ( بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يەنە ئۇ ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ تەۋبە قىلغان دېيىلىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا سىزگە يەنە بىر مىسال كەلتۈرەي: ھاراقنا كۆنۈپ قالغان بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ كۆپ قېتىم جازالىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ خۇمارى ۋە شەيتىنى غالىپ كەلگەنلىكتىن قايتا ئىچەتتى. ئۇ يەنە كەلتۈرۈلەتتى. جازالىناتتى يەنە ئىچەتتى. شۇنداق كۆپ قېتىم تەكرارلىنىۋەردى. ھەتتا بىر كۈنى بەزى ساھابىلار ئۇ ھاراق ئىچىپ كەلتۈرۈلگەندە مۇنداق دېدى: ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن! ئەجەبمۇ تولا كەلتۈرۈلدى؟

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇ ھەرقانچە چوڭ گۇناھ قىلغان ۋە چىڭ تۇرۇۋېلىشى، نادەتلىنىۋېلىشى ئاشكارا بولغان بولسىمۇ، بىر مۇسۇلماننىڭ لەنەت قىلىنىشىغا قاراپ تۇرمىدى ۋە لەنەت قىلغۇچىغا : ئۇنىڭغا لەنەت قىلما، چۈنكى ئۇ ئاللاھنى ۋە پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرىدۇ دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە قېرىندىشىڭلار ھەققىدە شەيتانغا ياردەمچى بولماڭلار دېگەن.

ئاللاھ بىزگە رەھمەت قىلىپ بەرگەن زاتنىڭ قەلبىنىڭ كەڭلىكىگە قاراڭ! ئۇ ھېلىقى گۇناھكارنىڭ قانچىلىك گۇناھقا چۆكۈپ كەتكىنى بىلەنمۇ بۇيۇك قەلبىنى كەڭ تۇتتى. ياخشى گۇمان قىلدى. ئۇنىڭ زاھىردا يامانلىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدا ياخشىلىق بار دەپ قارىدى ۋە ئۇنى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ سۈپەتلىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا لەنەت قىلىشتىن توستى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئارىسىدا كاۋاك پەيدا قىلىدۇ ـ دە ئۇ ئۇلاردىن، ئۇلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. ئاندىن شەيتان ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ قېرىندىشىڭلار ھەققىدە شەيتانغا ياردەمچى بولماڭلار دېگەن سۆزىنىڭ سىرى. گۇناھ سەۋەبلىك ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىرى ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنى ئىنكار قىلىۋەتمىدى. ئۇ گۇناھ چوڭ گۇناھ بولۇپ، تەكرارلانسىمۇ ئۇ ئارا قېرىنداشلىقنى يوقىتالمايدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئەسلى ئىنسانلارنى ئۆزىگە تۇپلاش.

ئاشۇ كۆپچىلىككە يامان گۇمان قىلىدىغان، ئاسىيلارنى ھېساپتىن چىقىرىۋېتىدىغان كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ چوڭقۇر قارىشىنى ۋە بۇ ئالىي تەربىيىسىنى ئۇگەنسۇن. كاپىر قىلىش بىدئەتكە گىرىپتار

بولۇپ قالغانلار بۇنىڭدىن دەرس ئالسۇن. ئۇلار ئەگەر ئۆگەنسە ۋە بىلسە، ئەلۋەتتە ئۇلار كاپىر قىلىۋەتكەنلەرنىڭ ئۆلۈمگە لايىق مۇرتەد بولماستىن، بەلكى دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆگىنىشى لازىم بولغان جاھىللار ئىكەنلىكىنى ياكى يامان ھەمرا ۋە يامان مۇھىت سەۋەبلىك گۇناھقا كىرىپ قالغانلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ۋاجىپ بولغان دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قىلىپ، ئاخىرەتتىن غاپىل قالغان غاپىللار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاتتى. نەسىھەت مۆمىنلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

شۈبھىسىزكى، كىشىلەرگە لەنەت قىلىش گەرچە ئۇلار ئىزىپ كەتكەن ئاسىيلار بولسىمۇ، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلالمايدۇ. ياخشىلىققا يېقىنلاشتۇرالمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەڭ ياخشىسى سىز بۇ سەلبىي مەيدانىڭىزنى تاشلاپ، گۇناھكار قېرىنداشلىرىڭىزغا ئارىلىشىپ، ئۇنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىشىڭىز، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىڭىز، ئۇنى شەيتانغا ئولجا قىلىپ تاشلاپ بەرمەسلىكىڭىز لازىم. ھەكىملەردىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: قاراڭغۇلۇقنى تىللاشنىڭ ئورنىغا يولنى يورۇتىدىغان بىر چىراق يېقىپ قوي

مانا بۇلار مېنىڭ مۇنەۋۋەر ئىسلام ياشلىرىغا قىلماقچى بولغان نەسىھەتلىرىم. مەن ئۇلارنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن. ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىبانلىق قىلىمەن. مەن پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمى بولغان شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى تەكرارلايمەن: مەن پەقەت كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىسلاھ قىلىشنى ئىرادە قىلىمەن. مېنىڭ مۇۋەپپەق بولۇشۇم پەقەت ئاللاھتىن، مەن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل

قىلىمەن، ھامان ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ بارىمەن ( ھـۇد سۈرىسى 88 - ئايەت).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى